شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋى




# پەيغەمبەرلەر قىسسىسى

## ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋى
پەيغەمبەرلەر قىسسىسى
سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئا. بۇلاق

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋى

# پەيغەمبەرلەر قىسسىسى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئوقۇشلۇق


تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد ئىدرىس

تەھرىرى: س. كۆكتۇغ

كوررېكتورى: س. كۆكتۇغ

بەتچىك: ئا.روزى توختى

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئا. بۇلاق

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

**2011**



www.uyghurkitap.com

هۆرمەتلىك كىتابخان!
بۇ كىتاب ساخاۋەتچىلىرىمىزدىن ئايلىخان ھاجىمنىڭ نەپىقىسى بىلەن بېسىپ تارقىتىلدى. جانابى ئاللەتىن بۇ ساخاۋەتچىمىزگە ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەت تىلەيمىز!

# قصص النبيين للأطفال

تأليف: الشيخ أبى الحسن الندوي

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:

Ördek Ksasap Mah. Millet Cad. Gülşen Apt .
No: 108 D:5 Çapa –Fatih /İstanbul /Türkiye
Tel: 0090-212- 5232877
E-mail: info@maarip.org

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 13

سۆيۈملۈك بالىلار! ........ 13

بىرىنچى قىسسە ........ 19

ئادەم ئەلەيھىسسالام ........ 19

الله بىلەن پەرىشتىلەر ئوتتۇرىسىدا ........ 19

ئادەم ئاتىنىڭ يارىتىلىشى ........ 19

شەيتانىنىڭ ئاسىيلىقى ........ 20

ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا جەننەتتە ........ 21

ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈۋېتىلىشى ........ 21

ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ تەۋبىسى ........ 22

ھابىل بىلەن قابىل ........ 23

ئادەم ئاتىنىڭ ۋاپاتى ........ 24

ئىككىنچى قىسسە ........ 25

نۇھ ئەلەيھىسسالام ........ 25

ئادەم ئاتىدىن كېيىن ........ 25

شەيتانىنىڭ ھەسەتخورلىقى ........ 25

شەيتانىنىڭ ئويى ........ 26

شەيتانىنىڭ ھىيلىسى ........ 26

ياخشى كىشىلەرنىڭ سۈرىتى ........ 27

سۈرەتتىن ھەيكەلگە ........ 28

ھەيكەلدىن بۇتلارغا ........ 28

اللەنىڭ غەزىپى ........ 29

پەيغەمبەر ........ 29

ئىنسانمۇ ياكى پەرىشتىمۇ؟ ........ 30

نۇھ ئەلەيھىسسالام ........ 31

قەۋم ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟ ........ 31

نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى ئوتتۇرىسىدا ........ 32

ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا ........ 33

بايلارنىڭ باھانىسى ........ 34

نۇھ ئەلەيھسسالامنىڭ دەۋىتى 34
نۇھ ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى 35
كېمە 36
توپان 37
نۇھ ئەلەيھسسالامنىڭ ئوغلى 37
ئوغلۇڭ سېنىڭ ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس 38
توپاندىن كېيىن 39
ئۈچىنچى قىسسە 41
ھۇد ئەلەيھسسالام 41
نۇھ ئەلەيھسسالامدىن كېيىن 41
ئادنىڭ كاپىرلىقى 41
ئادنىڭ زوراۋانلىقى 42
ئادنىڭ قەسىرلىرى 43
ھۇد ئەلەيھسسالام 43
ھۇد ئەلەيھسسالامنىڭ دەۋىتى 44
قەۋمىنىڭ جاۋابى 44
ھۇد ئەلەيھسسالامنىڭ پاراسىتى 45
ھۇد ئەلەيھسسالامنىڭ ئىمانى 46
ئاد قەۋمىنىڭ ئاسىيلىقى 46
ئازاب 47
تۆتىنچى قىسسە 49
سالىھ ئەلەيھسسالام 49
سەمۇد قەۋمى 49
سەمۇدنىڭ كاپىرلىقى 50
بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش 50
سالىھ ئەلەيھسسالام 51
سالىھ ئەلەيھسسالامنىڭ دەۋىتى 52
بايلارنىڭ ساختا تەشۋىقاتى 53
بىز خاتا ئويلاپتىكەنمىز 53
سالىھ ئەلەيھسسالامنىڭ نەسىھىتى 54
مەن سىلەردىن ھەق ئالمايمەن 54

اللهنىڭ تۆگىسى ........ 55
نۆۋەتلىشىش ........ 55
سەمۇدنىڭ ئاسىيلىقى ........ 56
ئازاب ........ 57
بەشىنچى قىسسە ........ 59
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ........ 59
بۇتلارنى كىم چاقتى؟ ........ 59
ئازەرنىڭ بالىسى ........ 59
ئىبراھىمنىڭ نەسىھىتى ........ 60
ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ تاشلايدۇ ........ 60
بۇنى كىم قىلدى؟ ........ 61
ئوت سوغۇق ........ 61
مېنىڭ پەرۋەردىگارىم كىم؟ ........ 62
مېنىڭ پەرۋەردىگارىم الله ........ 63
ئىبراھىمنىڭ دەۋىتى ........ 63
پادىشاھنىڭ ئالدىدا ........ 64
ئاتىنى دەۋەت قىلىش ........ 64
مەككىگە ........ 65
زەمزەم بۇلىقى ........ 66
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى ........ 66
كەئبە ........ 67
بەيتۇل مۇقەددەس ........ 68
ئالتىنچى قىسسە ........ 69
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ........ 69
ئاجايىپ چۈش ........ 69
قېرىنداشلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى ........ 70
بالىلارنىڭ تەلىپى ........ 70
باياۋاندا ........ 71
يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ........ 72
يۇسۇف قۇدۇقتا ........ 73
قۇدۇقتىن ئوردىغا ........ 73

ئىشەنچ ۋە ئامانەت ........ 74
زىندانىدىكى نەسىھەت ........ 74
يۈسۈفنىڭ پاراسىتى ........ 75
تەۋھىدنى چۈشەندۈرۈش ........ 76
چۈشنىڭ تەبىرى ........ 77
پادىشاھنىڭ چۈشى ........ 77
پادىشاھ يۈسۈفكە ئەلچى ماڭدۇردى ........ 78
يۈسۈف تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى ........ 78
خەزىنە باشقۇرغۇچى ........ 79
يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى كەلدى ........ 80
يۈسۈف بىلەن قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدا ........ 81
يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا ........ 81
بۇنيامىن يۈسۈفنىڭ قېشىدا ........ 82
يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا ........ 84
سىر ئېچىلدى ........ 85
يۈسۈف يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ ........ 86
يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ........ 87
ياخشى ئاقىۋەت ........ 88
يەتتىنچى قىسسە ........ 89
مۇسا ئەلەيھىسسالام ........ 89
كەنئاندىن مىسىرغا ........ 89
يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ........ 90
ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مىسىردا ........ 91
مىسىر پادىشاھى فىرئەۋن ........ 92
بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈش ........ 93
مۇسانىڭ تۇغۇلۇشى ........ 94
نىل دەرياسى ........ 94
فىرئەۋننىڭ ئوردىسىدا ........ 95
بوۋاقنى كىم ئېمىتىدۇ؟ ........ 96
ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ........ 97
فىرئەۋننىڭ ئوردىسىغا ........ 99

ئۆلۈم ھادىسىسى ........................ 99
سىر پاش بولۇپ قالدى ........................ 100
مىسىردىن مەدىيەنگە ........................ 101
مەدىيەندە ........................ 102
تەلەپ ........................ 103
توي قىلىش ........................ 104
مىسىرغا ........................ 105
سەن فىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى ...... 107
فىرئەۋننىڭ ئالدىدا ........................ 108
الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش ........................ 109
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ........................ 110
مەيدانغا ........................ 112
ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدا ........................ 113
فىرئەۋننىڭ سىياستى ........................ 115
فىرئەۋننىڭ گالۋاڭلىقى ........................ 116
فىرئەۋن خاندانلىقىدىكى مۇئمىن ........................ 118
ھېلىقى مۇئمىننىڭ نەسىھىتى ........................ 119
فىرئەۋننىڭ ئايالى ........................ 121
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى ........................ 123
ئاچارچىلىق ........................ 124
بەش تۈرلۈك ئاپەت ........................ 126
مىسىردىن چىقىش ........................ 127
فىرئەۋننىڭ غەرق بولۇشى ........................ 129
قۇرۇقلۇقتا ........................ 130
ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ تۇزكورلۇقى ........................ 132
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ جاھىللىقى ........................ 133
كالا ........................ 134
شەرىئەت ........................ 135
تەۋرات ........................ 137
موزاي ........................ 139
جازا ........................ 140

www.uyghurkitap.com

ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقى ........ 142
ئىلىم يولىدا ........ 144
ئىشلارنىڭ سەۋەبى ........ 147
مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ........ 148
سەككىزىنچى قىسسە ........ 151
شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ........ 151
بىز مەديەن ئاھالىسىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى پەيغەمبەر قىلىپ
ئەۋەتتۇق ........ 152
شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ........ 153
مېھرىبان ئاتا، پاراسەتلىك ئۇستاز ........ 154
قەۋمىنىڭ جاۋابى ........ 154
شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى ئىزاھلايدۇ ........ 154
سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ كۆپىنى بىز چۈشەنمەيدىكەنمىز ........ 155
شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ جاۋابىدىن ئەجەبلەنمەكتە ........ 156
ئاخىرقى «ئوق» ........ 157
كەسكىن پاكىت ........ 157
ئۇلارمۇ ئىلگىرىكىلەر ئېيتقان گەپلەرنى قىلدى ........ 157
پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان ئۇممەتنىڭ ئاقىۋىتى ........ 158
ئۇ ئەلچىلىكنى ئادا قىلدى، ئامانەتنى يەتكۈزدى ........ 158
توققۇزىنچى قىسسە ........ 159
داۋۇد ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ........ 159
قۇرئان اللهنىڭ نېمەتلىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ ........ 159
اللهنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن نېمىتى ........ 160
داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللهنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلغانلىقى ........ 160
اللهنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن نېمىتى ........ 161
چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە ئىلىم ........ 162
سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى ........ 163
ھۆپۈپنىڭ ھېكايىسى ........ 164
سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سەبەئ دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھىنى ئۆز دىنىغا
دەۋەت قىلىدۇ ........ 164
ئايال پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ ........ 165

ئېزىقتۇرغۇچى ھەدىيە ........ 166
ئايال پادىشاھ ئىتائەت قىلىپ كەلدى ........ 166
ئەينەكتىن ياسالغان ساراي ........ 167
سۇلايمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا بويسۇندۇم ........ 168
قۇرئان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەيدۇ ........ 168
سۇلايمان كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كاپىر بولدى ........ 170
ئونىنچى قىسسە ........ 173
ئەييۇب ۋە يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ........ 173
ئەييۇب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى ........ 173
ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرچانلىقى ........ 173
جاپا ۋە راھەت ........ 174
يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇ قىسسىنىڭ ھېكمىتى ........ 174
يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى ئارىسىدا ........ 175
يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قارنىدا ........ 176
الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى ........ 176
ئون بىرىنچى قىسسە ........ 179
زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ........ 179
زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى بالا تىلەپ قىلغان دۇئاسى ........ 179
ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ قەسىمى ........ 180
ئۇ ئايال: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن قىز تۇغدۇم» دېدى ........ 180
اللهنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن قىز ........ 181
مېھرىبان اللهنىڭ ئىلھامى ........ 181
بالا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى بېشارەت ........ 182
اللهنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە قۇدرىتى ........ 183
يەھيا ئەلەيھىسسالام دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ........ 183
ئون ئىككىنچى قىسسە ........ 185
ئىسا ئەلەيھىسسالام ........ 185
ئادەتتىن تاشقىرى قىسسە ........ 185
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئەھۋالى ئەجەبلىنەرلىك ........ 186
يەھۇدىيلارنىڭ ماددىي ئامىللارغا بويسۇنۇشى ........ 186
كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئاسىيلىق قىلىش ........ 187

www.uyghurkitap.com

اﷲنىڭ بەنى ئىسرائىلغا ئاتا قىلغان نېمىتى ............ 188
تۇزكۇرلۇق ............ 188
مەغرۇرلۇق ۋە ماختانچاقلىق ............ 189
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى .. 189
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ............ 190
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ۋە يەھۇدىيلارنى يالغانچى دەپ ئەيىبلىشى ... 190
يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇردى ............ 191
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىكى قىسسىسى ............ 191
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىكى تەرجىمىھالى ۋە دەۋىتى ............ 193
تارىخىي كۈرەش ............ 194
ئاۋام خەلق ۋە نامراتلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشى ............ 194
بىز اﷲنىڭ ياردەمچىلىرى ............ 194
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ساياھىتى ۋە دەۋىتى ............ 195
ھەۋارىيلار ئاسماندىن داستىخان تەلەپ قىلدى ............ 195
ئەدەبسىزلىك ............ 196
قەۋمىنى يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش ............ 196
تىكلىنىش ۋە سوئالدا چىڭ تۇرۇۋېلىش ............ 196
قۇرئان قىسسە بايان قىلىدۇ ............ 197
يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇندى ............ 197
ئۆچمەنلىك قىلغۇچى سىياسىيونلارنىڭ ئۇسۇلى ............ 198
مىكىر ۋە سۇيىقەست ............ 198
قىيىنچىلىق ............ 198
ئىسا ئەلەيھىسسالام سوت مەھكىمىسىدە ............ 199
ئاشۇ دەۋردىكى جىنايى ئىشلار قانۇنى ............ 199
ئىسا ئەلەيھىسسالام ئەزىيەتنى ئۇستىگە ئالدى ............ 200
ئىلاھىي تەدبىر ............ 200
ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى ............ 200
ھۆكۈم ئىجرا قىلىش ............ 201
ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى ............ 201
قۇرئان ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سۆزلەيدۇ ............ 202
قىيامەتتىن بۇرۇن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىدىغانلىقى ...... 202

www.uyghurkitap.com


ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئالدىن بەرگەن بېشارىتى ........ 203

ساپ تەۋھىدتىن تۇتۇق ئەقىدىگە ........ 204

ئىسا ئەلەيھىسسالام بىر اللهقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردۇ ........ 205

قۇرئان ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاشكارىلايدۇ ........ 205

تەۋھىدنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىدە تۇتقان ئورنى ........ 206

قىيامەتنىڭ ئاجايىب كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى ........ 206

تۇتۇق ئەقىدىدىن ئوچۇق - ئاشكارا بۇتپەرەسلىككە ........ 208

ئون ئۈچىنچى قىسىم ........ 211

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ........ 211

جاھىلىيەت دەۋرى ........ 211

پەيغەمبەر نېمە ئۈچۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقتى؟ ........ 214

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كېلىشىنىڭ ئالدىدىكى دەۋر ........ 215

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كەلگەندىن كېيىنكى دەۋر ........ 227

قۇرەيشلەر ئەبۇ بەكرىگە قانداق ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزدى؟ ........ 238

مەدىنىدە ........ 265

مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق قارشى ئالدى؟ ........ 265

ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بەدرى غازىتى ........ 273

ئۇھۇد غازىتى ........ 281

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ۋە ئۇھۇدنىڭ شېھىدلىرى قانداق دەپنە قىلىندى؟ ........ 292

خەندەك غازىتى ........ 297

بەنى قۇرەيزە غازىتى ........ 305

ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ........ 309

پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ........ 317

مۇئتە غازىتى ........ 327

مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشى ........ 331

ھۇنەين غازىتى ........ 343

تائىف غازىتى ........ 346

تەبۇك غازىتى ........ 351

ئەلچىلەر يىلى ........ 356

ۋىدالىشىش ھەجى ........ 358

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق ھەج قىلدى؟.................................. 359
ۋاپات ........................................................................................ 362
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادىن قانداق ئايرىلدى؟.......................... 369
ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلۈم خەۋرىنى قانداق قوبۇل قىلدى؟.......... 370
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق پەزىلەتلىرى............................. 375

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

## سۆيۈملۈك بالىلار!

ھىندىستانلىق مەشھۇر ئىسلام ئالىمى، ئىسلام تارىخچىسى، ئىسلام مۇتەپەككۇرى، بالىلار يازغۇچىسى، بۈيۈك ئۇستاز ئەبۇل ھەسەن ئەلى ھەسەن نەدەۋىي مەخسۇس سىلەر ئۈچۈن ئاتاپ يازغان: «پەيغەمبەرلەر قىسسىسى» (**قصص النبيين للأطفال**) ناملىق ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى ئاخىرى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بۇ ئەسەرگە ئادەم، نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، يۇسۇف، مۇسا، شۇئەيب، داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۇنۇس، زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردىن ئىبارەت 16 پەيغەمبەرنىڭ قىسسىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسەرنى مەخسۇس سىلەر ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان بالىلار ئۈچۈن ئاتاپ يازغان.

مۇئەللىپ 1944 ـ يىلدىن 1946 ـ يىلغىچە بولغان ئىككى يىلدا ئەسەرنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىنى (نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، يۇسۇف، مۇسا ئەلەيھىسسالام قاتارلىق ئالتە پەيغەمبەرنىڭ قىسسىسىنى) يېزىپ چىقىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ئۈچ كىچىك كىتابچە ھالىتىدە نەشر قىلدۇرغان. ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن يالغۇز بالىلارلا ئەمەس، بەلكى مائارىپ ۋە تەربىيە ساھەسىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ ئەسەرنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئوقۇغان. كۆپلىگەن بالىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇستازغا خەت يېزىپ ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشقان. چوڭلار بولسا، ئەۋلادلارنى ساپ ئەقىدە بىلەن تەربىيىلەپ چىقىشتىكى ئىنتايىن ياخشى بىر «قوللانما»غا ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز خۇشاللانغان.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى مەخسۇس بالىلارغا ئاتاپ يازغان بولغاچقا، تەبىئىيكى ئۇنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنىنى بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى، چۈشەنچىسى ۋە ئاڭ سەۋىيىسى دائىرىسىدە راۋاجلاندۇرغان. ئەسەرنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنىنى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، يۈزەكىلىكتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرغان. ئەسەرنى بالىلارنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرىگە

ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن سۆز ۋە جۈملىلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇشقا، ئاسانلاشتۇرۇشقا ۋە تەكرار كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئەرەب تىلىدا يازغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى، يەنە كېلىپ ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىقىشتىكى مەقسىتىنى باللار چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي تىل بىلەن ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

سۆيۈملۈك كىچىك دوست!

مەن سىزنىڭ قىسسە ۋە ھېكايىلەرگە نەقەدەر ئامراقلىقىڭىزنى بىلىمەن. يالغۇز سىزلا ئەمەس، بەلكى، سىزنىڭ يېشىڭىزدىكى ھەر قانداق ئۆسمۈر ھېكايىلەرنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ ۋە قىزىقىپ ئوقۇيدۇ. بىراق، ئەپسۇسكى مەن سىزنىڭ قولىڭىزدا پەقەت ئىت، مۈشۈك، بۆرە، تۈلكە، ئېيىق، مايمۇن قاتارلىق ھايۋاناتلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىلا كۆرىۋاتىمەن. چوقۇم بۇنىڭدا بىز چوڭلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بار.

ئەرەب تىلى قۇرئاننىڭ، پەيغەمبەرنىڭ ۋە دىنىنىڭ تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن سىز ئۇنى ئۆگىنىشكە باشلىدىڭىز. سىز ئۇنى ناھايىتى قىزىقىپ ئۆگىنىۋاتىسىز. بىراق، مەن سىزنىڭ ھايۋانات ۋە ئەپسانە ـ خۇراپاتلار ھەققىدىكى ھېكايىلەردىن باشقا يېشىڭىزغا ماس كەلگۈدەك ياخشى ھېكايىلەرنى تاپالمىغانلىقىڭىزدىن ھەقىقەتەن خىجىل بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن، سىزگە ۋە سىزنىڭ يېشىڭىزدىكى مۇسۇلمان باللارغا پەيغەمبەرلەر قىسسىسىنى سىزنىڭ ھازىرقى يېشىڭىز ۋە سەۋىيىڭىزگە ماس كېلىدىغان ئاددىي تىل ۋە ئۇسلۇب بىلەن يېزىپ چىقىشنى لايىق تاپتىم.

مەن بۇ ئەسەرنى ئۆسمۈرلەرنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن باللارچە ئۇسلۇب قوللىنىشقا، سۆز ۋە جۈملىلەرنى تەكرارلاشقا، ۋەقەلىكنى ئەتراپلىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

مەن بۇ كىچىك كىتابچىنىڭ ئەرەب تىلى ئۆگىنىۋاتقان باللارنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدىغان تۇنجى دەرسلىك كىتابى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

الله پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ئارقىلىق سىزگە كۆپ مەنپەئەتلەر ئاتا قىلغاي! سىز ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ كۆزىنى نۇرلاندۇرغاي ـ ئامىن!

بۇ ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئادەتتىكى ئادەملەردىن باشقا تەلىم ـ تەربىيە ۋە مائارىپ ساھەسىدە ئۇزاق يىل خىزمەت قىلغان ئەزھەر

www.uyghurkitap.com

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇستاز ئەھمەد شىرباسى بىلەن دەۋەتچى، مۇتەپەككۇر، بۈيۈك قەلەم ساھىبى، شېھىد، ئۇلۇغ ئوستاز سەييىد قۇتۇب مەخسۇس بېغىشلىما يېزىپ بۇ ئەسەرنى مەدھىيىلىگەن ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ئەھمەد شىرباسى بۇ ئەسەرنىڭ ھەر بىر قىسمى نەشر قىلىنغاندا، ئايرىم - ئايرىم بېغىشلىما يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرغان. ئۇنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى ۋە رولىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلغان. ئۇ ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا يازغان بېغىشلىمىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

”مەن ئۇلۇغ دەۋەتچى قېرىندىشىم، ھىندىستاندىكى ئالىملار كېڭىشىنىڭ ۋەكىلى سەييىد ئەبۇل ھەسەن ئەلى ھەسەن نەدەۋىنىڭ: «بالىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن ‹پەيغەمبەرلەر قىسسىسى› ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى ئەرەب ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرغان چېغىمدا ناھايىتى خۇشاللانغىنىمدەك، بۈگۈن بۇ بىر يۈرۈش ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا بېغىشلىما يېزىۋاتقان ۋاقتىمدىمۇ ئوخشاشلا ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن.

بۇ بىر يۈرۈش ئەسەر، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان بالىلارنىڭ قەلبىنى كىچىككىدىن باشلاپلا دىنغا ۋە قۇرئاننىڭ تىلىغا باغلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارغا سۇنۇلغان بولسا، ئۇنداقتا باشقا قىتئە ۋە ئەللەردىكى مۇسۇلمان ئۆسمۈرلەرنىڭمۇ روھىنى پاكلايدىغان، ئەخلاقىنى روسلايدىغان ساپ مەنىۋي غىزادىن ئىبارەت بۇ ئەسەرلەر چوقۇم ئۇلارغىمۇ تەقدىم قىلىنىشى كېرەك“.

ئۇستاز سەييىد قۇتۇب بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”‹پەيغەمبەرلەر قىسسىسى› ناملىق بۇ ئەسەر ھەجىمىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، سەييىد ئەبۇل ھەسەننىڭ ۋە دەۋەت ئېھتىزارلىقىدىكى باشقا ھۆرمەتكە سازاۋەر قېرىنداشلىرىنىڭ ئەمگىكىگە قوشۇلغان يەنە بىر ئۇلۇغ ئەمگەك. ئىسلامنىڭ ساپ ئوبرازى يالغۇز چوڭلارغىلا ئاڭلىتىلماستىن، بەلكى، بالىلارغىمۇ ئاڭلىتىلىشى كېرەك. چۈنكى سەبىي بالىلار ئىچكى دۇنياسىنى ئىماننىڭ لەززىتى بىلەن تويۇندۇرۇش، قەلبلىرىنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتۇش ئۈچۈن بۇ مەنىۋي غىزاغا چوڭلارغا قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك موھتاج. پەيغەمبەرلەر

قىسسىسى سەبىي دىللارنى ئاچىدىغان تۇنجى ئاچقۇچتۇر.

بۇ كىتابچە گەرچە كىچىك بالىلارغا يېزىلغان بولسىمۇ، مېنىڭچە چوڭلارمۇ ئۇنى ئوقۇشتىن چەتتە قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، مۇستەملىكىچىلەر كونتروللىقىدىكى مائارىپ چوڭلارنىڭ قۇرئان قىسسىلىرىنى، قىسسىنىڭ نىشان ۋە مەقسەتلىرىنى بۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك چوڭقۇر چۈشىنىشىگە ئىمكان بەرمىدى.

مەن ئىلگىرى مىسىردا: ”ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن ‹دىنىي قىسسەلەر›“ ناملىق بىر يۈرۈش ئەسەرنى تۈزۈشكە قاتناشقان ئىدىم. ئەبۇل ھەسەننىڭ بۇ ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ ئەسەر مەن تۈزۈشكە قاتناشقان ئەسەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل، ئەتراپلىق ۋە ياخشى يېزىلغان“.

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، بۇ ئەسەرنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتورنىڭ باشقا مۇھىم ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىشى سەۋەبلىك ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ۋاقىت چىقىرالماي ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ جەرياندا كۆپلىگەن بالىلار ۋە چوڭلار ئاپتورغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ داۋامىنى يېزىپ چىقىشىنى ئۆتۈنگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئاپتور ئوتتۇز يىلدىن كېيىن (يەنى 1974-يىلى) قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۇنىڭ داۋامىنى (شۇئەيب، داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۇنۇس، زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىلىرىنى) يېزىپ چىققان.

ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ”مائارىپ ۋە تەلىم - تەربىيە ساھەسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر مەندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى يېزىپ چىقىشىمنى ۋە بۇ ئەسەرنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشۈمنى ئۆتۈندى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى شېرىن بۇلاق ۋە ئاخىرقى مەنزىل ئىدى. مەن بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغىنىمدا 30 يىل ئىلگىرىكى بالىلارچە ھېس - تۇيغۇلارنى تاپالماسلىقىمدىن، بالىلارچە تىل ۋە ئۇسلۇبقا قايتالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيتتىم. اللهقا شۈكرى، ئاخىرى الله مېنى بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى يېزىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق قىلدى“.

بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇنداق بىر مۇھىم نۇقتا بار:

www.uyghurkitap.com

ئەسەرنىڭ ئەسلى ئەرەبچە نۇسخىسى كىچىك ـ كىچىك بەش قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىبراھىم ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بىرىنچى قىسىم؛ نۇھ، ھۇد ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئىككىنچى قىسىم؛ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئۈچىنچى قىسىم؛ باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى تۆتىنچى قىسىم؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بەشىنچى قىسىم قىلىپ يېزىلغان.

تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بۇ بەش قىسىمنىڭ ھەممىسى بىرلا قىسىم (بىرلا كىتاب) قىلىندى. ئاپتورنىڭ ئەسىرىدىكى پەيغەمبەرلەر تەرتىپى پەيغەمبەرلەرنىڭ ياشىغان دەۋرى بويىچە قايتىدىن رەتلەپ چىقىلدى. بالىلارنى ئىنسانىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھەققىدە قىسقىچە ساۋاتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى تەرجىمە قىلغۇچى تەرىپىدىن يېزىلىپ، قىسسىنىڭ بېشىغا كىرگۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# بىرىنچى قىسسە

## ئادەم ئەلەيھىسسالام

### الله بىلەن پەرىشتىلەر ئوتتۇرىسىدا

الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشتىن ئىلگىرى پەرىشتىلەرگە: ”مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن“ دېدى.

پەرىشتىلەر: ”يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز سېنى پاك ۋە مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز“ دېدى.

الله : ”مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىمەن. مەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ئادەمنى يارىتىمەن. مەن ئۇنى تولۇق يارىتىپ، سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، (ئەزالىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار“ دېدى.

## ئادەم ئاتىنىڭ يارىتىلىشى

الله قۇرۇق لايدىن ئادەم ئاتىنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلىدى (يەنى جان كىرگۈزدى) ھەمدە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: ”(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار“ دېدى.

پەرىشتىلەر: ”سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن“ دېدى.

الله : ”ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن“

دېدى. ئادەم ئاتا ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەردى، الله : ”مەن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم“ دېدى.

## شەيتاننىڭ ئاسيلىقى

الله پەرىشتىلەرگە: ”ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار“ دېدى. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدى. پەقەت ئىبلىسلا سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى، ئۇ تەكەببۇرلۇق قىلىپ، كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى.

الله (ئىبلىسقا): ”سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟“ دەپ سورىدى.

ئىبلىس: ”قۇرۇق لايدىن يارىتىلغان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس، مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ“ دېدى.

الله (ئىبلىسقا) ئېيتتى: ”سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ. يوقال، سەن قوغلاندى بولدۇڭ، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن“.

ئىبلىس: ”پەرۋەردىگارىم! ماڭا خالايىقلار تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)گىچە مۆھلەت بەرگىن (مېنى ھايات قالدۇرغىن)“ دېدى.

الله : ”ساڭا ھەقىقەتەن مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلدۇ، ساڭا قىيامەت كۈنىگىچە لەنەت بولسۇن“ دېدى.

ئىبلىس ئېيتتى: ”پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم بالىلىرىغا (گۇناھلارنى) چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن. سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش مەقسىتىدە چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن، ئاندىن ئۇلارغا ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن“.

الله ئېيتتى: ”جەننەتتىن ئەيىبلەنگەن ۋە (رەھمىتىمدىن) مەھرۇم قىلىنغان ھالدا چىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەممىڭلار بىلەن جەھەننەمنى تولدۇرىمەن“.

## ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا جەننەتتە

الله ھەۋۋا ئانىنى يارىتىپ، ئۇنى ئادەم ئاتىغا جۈپ قىلىپ بەردى، ئۇلارنى راھەت ـ پاراغەت ماكانى بولغان جەننەتكە كىرگۈزدى. ئاندىن الله ئۇلارغا: ”ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىلەن ئىككىڭلار بىللە جەننەتتە تۇرۇڭلار، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، (ئۇنىڭغا يېقىنلاشساڭلار) زالىملاردىن بولۇپ قالىسىلەر“ دېدى.

بىراق، شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى. ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا: ”سىلەر بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ بېقىڭلار، ‹پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرنى بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن مەنئى قىلغانلىقى سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر، ئى ئادەم! (مەن ساڭا يېگەن ئادەم ئۆلمەيدىغان دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟›“ دېدى، ھەتتا ئۇلارنى ئۆزىگە ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا: ”مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن“ دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى.

ئاخىرى شەيتان ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ئۇلارغا يېگۈزدى، نەتىجىدە، ئۇلارنى تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى (يەنى يۇقىرى مەرتىۋىدىن تۆۋەن مەرتىۋىگە) چۈشۈردى. دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىنلا، ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەتنىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى.

## ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈۋېتىلىشى

ئادەم بىلەن ھەۋۋا ئانا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن اللهنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئۇنتۇپ، چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ، اللهنىڭ غەزىپىگە يولۇقتى. الله (ئۇلارغا كايىپ): ”مەن سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ

مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلمىغانمىدىم؟ شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر، دېمىگەنمىدىم؟" دەپ نىدا قىلدى.

ئۇلار: "پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز" دېدى.

الله ئېيتتى: "سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا (يەنى شەيتان ئىنسانغا، ئىنسان شەيتانغا) دۈشمەن بولغان ۋە بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكەشكەن ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق (ئەجىلىڭلار توشقۇچە) يەرلىشىڭلار ۋە (نېمەتلەردىن) بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىڭلار". شۇنداق قىلىپ، ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا زېمىنغا چۈشۈرۈلدى. اللهنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن، جەننەتتىن مەھرۇم بولۇش جازاسىغا ئۇچرىدى. زېمىنغا شەيتانمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چۈشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىنسانىيەتنىڭ زېمىندىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك ھاياتى باشلاندى.

## ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ تەۋبىسى

ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا زېمىنغا چۈشۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، خاتالىقى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلدى. قىلمىشىغا ئۆكۈنۈپ زار ـ زار يىغلىدى. گۇناھى ئۈچۈن اللهقا تەۋبە قىلدى. كېچە ـ كۈندۈز اللهتىن گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلىدى.

چۈنكى، ئىنسان ئۈچۈن اللهنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچراش ۋە ئۇنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشەلمەسلىكتىنمۇ ئېغىر زىيان ۋە بەختسىزلىك بولمايتتى.

"ئادەم (ئەلەيھىسسالام) پەرۋەردىگارىدىن بىرقانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى".

الله ئىنسانلارنى شەيتاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىشقا، ئاتىسى ئادەمدىن ئىبرەت ئېلىپ، ھەر ۋاقىت سەزگۈر ۋە ھوشيار بولۇشقا بۇيرىدى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئادەم باللىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق﴾.

## هابىل بىلەن قابىل

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى هابىل، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى قابىل ئىدى. الله زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئوغۇللىرىغا قىزلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويىدى. هەۋۋا ئانىمىز هەر بىر قېتىم قورساق كۆتۈرگەندە بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز تۇغاتتى. بىر قېتىملىق قورساق كۆتۈرۈشتىن تۇغۇلغان ئوغۇلغا يەنە بىر قېتىم قورساق كۆتۈرۈشتىن تۇغۇلغان قىزنى ئېلىپ بېرەتتى. هابىلنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ھەمشىرىسى سەت، قابىلنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ھەمشىرىسى چىرايلىق بولۇپ، قابىل ھەمشىرىسىنى هابىلغا بەرمەي، ئۆزى ئالماقچى بولدى. بۇنى ئادەم ئەلەيھىسسالام رەت قىلىپ، ئۇلارغا قۇربانلىق قىلىشنى، قايسىسىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنسا، ئۇ چىرايلىق قىزنى شۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. هابىل بىلەن قابىل ئىككىسى قۇربانلىق قىلدى. هابىلنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولۇپ، قابىلنىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل هابىلغا) "مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن" دېدى، هابىل: "نېمىشقا" دېۋىدى، قابىل: "الله سېنىڭ قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭكىنى قوبۇل قىلمىدى" دېدى. (هابىل) ئېيتتى: "الله پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ، گەرچە سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزساڭمۇ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهتىن قورقىمەن، مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭنى ۋە ئاتاڭ ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق

قىلغانلىق گۇناھىڭنى ئۇستۇڭگە ئېلىپ ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، (كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى شۇدۇر“.

قابىلنىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن، قابىل قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى. قابىل ھابىلنىڭ جەسىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈردى. اللە ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. قاغا (تۇمشۇقى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن) يەرنى كولىدى. قابىل (بۇنى كۆرۈپ): ”ۋاي ئىست، مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولالمىدىممۇ؟“ دەپ ھەسرەت چەكتى. ئۇ قاتىللىق جىنايىتى سادىر قىلىپ، پۇشايمان قىلغۇچىلاردىن بولدى.

## ئادەم ئاتىنىڭ ۋاپاتى

ئادەم ئاتا زېمىندا ياشاپ 1000 يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇ جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈلۈپتىلگەندە، ھىندىستاندىكى بىر تاغقا چۈشكەن بولۇپ، ۋاپات بولغاندا ئاشۇ تاغنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

ئادەم ئاتا، اللە ئۆز قولى بىلەن تۇپراقتىن يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلىگەن، بارلىق پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئىنسان ئىدى. شەيتاننىڭ ئادەمگە سەجدە قىلماسلىقى سەۋەبىدىن ئادەم بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۇنجى قەدەمدىلا ئاشكارىلاندى، يەنى ئادەم ئاتا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن اللەنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، نازۇ - نېمەتلىك جەننەتتىن جاپا - مۇشەققەتلىك زېمىنغا چۈشۈرۈلۈپتىلدى.

بۇ ئۇنتۇلماس تارىخىي ۋەقە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، شەيتان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك ئىنتايىن قاتتىق ۋە كۈچلۈكتۇر، شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشمۇ ئىنتايىن كەسكىن ۋە رەھىمسىزدۇر. كىمكى شەيتاندىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىپ، غەپلەتكە چۆكسە، ئادەم ئاتىغا ئوخشاش جەننەتتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# ئىككىنچى قىسسە

## نۇھ ئەلەيھىسسالام

### ئادەم ئاتىدىن كېيىن

اللە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا بەرىكەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپىيىپتۇ. مۇبادا ئادەم ئەلەيھىسسالام قايتىدىن دۇنياغا كېلىپ، ئۇلارنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارنى ھەرگىز تونۇمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا: ”ئى ئادەم، بۇلار سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ“ دېيىلگەن بولسا، ئۇ: ”سۇبھانەللاھ! بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئەۋلادلىرىممۇ؟ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ باللىرىممۇ؟“ دەپ ھەيران قالغان بولاتتى.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى زېمىندا كۆپلىگەن كەنت، يېزا ـ قىشلاقلارنى، نۇرغۇنلىغان ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىپتۇ. دېھقانچىلىق ۋە تىرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

گەرچە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ھەسسىلەپ كۆپەيگەن بولسىمۇ، ھەممىسى ئاتىسى ئادەمنىڭ دىنىدا بولۇپ، يەككە ـ يېگانە اللەقا ئىبادەت قىلىدىكەن ۋە اللەقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىكەن.

ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۇممەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەم، پەرۋەردىگارى اللە ئىكەن.

### شەيتاننىڭ ھەسەتخورلىقى

بىراق ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بارلىق ئىنسانلارنىڭ يالغۇز بىر اللەقا ئىبادەت قىلىشىغا ھەرگىز چىدىيالماپتۇ.

شەيتان ھەسەتتىن قىلىدەك تولغىنىپتۇ، ئۇ دۈشمەنلىك ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن شۇنداق ئويلاپتۇ:

”ئىنسانلار ھەمىشە يالغۇز بىر اللەقا ئىبادەت قىلامدۇ؟ ئۇلار ئۇرۇش ـ

ماجىرا قىلماي ھەر دائىم بىر ئۇممەت بولۇپ ياشامدۇ؟ ياق، بۇنداق بولسا بولمايدۇ. ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى جەننەتكە كىرىپ، ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى دوزاخقا كىرەمدۇ؟ ياق، بۇنداق بولماسلىقى كېرەك. ئۇ ئادەمگە سەجدە قىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا الله ئۇنى ئۆز دەرگاھىدىن قوغلاپ ئۇنىڭغا لەنەت قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە دوزاخقا باشلاپ كىرىشى كېرەك. توغرا، چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك".

## شەيتاننىڭ ئويى

شەيتان ئىنسانلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشنى، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى جەننەتتىن مەھرۇم قىلىپ، دوزاخقا باشلاپ كىرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. چۈنكى، شەيتان ﷲنىڭ باشقا گۇناھلارنى كەچۈرسىمۇ، "اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش جىنايىتى"نى ھەرگىز كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىكەن.

شۇڭا ئۇ كىشىلەرنى جەننەتتىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى اللهقا شېرىك كەلتۈرۈشكە چاقىرماقچى بولۇپتۇ.

بىراق، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر اللهقا ئىبادەت قىلىۋاتقان تۇرسا، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغا: "سىلەر اللهقا ئىبادەت قىلماي، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىڭلار" دېسە، كىشىلەر ئۇنى ئۇرۇپ تىللىمامدۇ؟ ھەتتا ئۇلار: "الله ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! بىز بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ، پەرۋەردىگارىمىزغا شېرىك كەلتۈرەمدۇق؟ يوقال، سەن اللهنىڭ دەرگاھىدىن قوغلانغان نىجىس شەيتان ئىكەنسەن" دېمەمدۇ؟

## شەيتاننىڭ ھىيلىسى

شەيتان كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئوبدان بىر يوچۇق تېپىپتۇ.

بىر تۈركۈم تەقۋادار كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار كېچە - كۈندۈز اللهقا ئىبادەت

قىلىدىكەن، ھەمىشە ئاللاھنى ياد ئېتىدىكەن.
ئۇلار ئاللاھنى دوست تۇتىدىكەن، ئاللاھ مۇ ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قىلغان دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدىكەن.
شەيتان بۇ ئەھۋاللارنى ياخشى بىلىدىكەن.
بىر مەزگىلدىن كېيىن، بۇ تەقۋادار كىشىلەر ئۆلۈپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىپتۇ. پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان شەيتان دەرھال كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە، ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ ياخشى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ: ”ئاراڭلاردىكى پالانى، پالانى قانداق ئادەملەر ئىدى؟“ دەپ سوراپتۇ.
”سۇبھانەللاھ! ئۇلار بەك ياخشى ئادەملەر ئىدى، ئاللاھنىڭ دوستلىرى ئىدى، ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا دۇئا قىلسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلاتتى. ئەگەر ئاللاھتىن بىر نەرسە تىلىسە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تىلىگىنىنى بېرەتتى“ دەپتۇ ئۇلار.

## ياخشى كىشىلەرنىڭ سۈرىتى

- سىلەر ئۇلارغا قايغۇرامسىلەر؟- دەپ سوراپتۇ شەيتان كىشىلەردىن.
- شۇنداق، قايغۇرىمىز، - دەپتۇ ئۇلار.
- ئۇلارنى سېغىنامسىلەر؟ - دەپ سوراپتۇ شەيتان.
- سېغىنىمىز- دەپتۇ ئۇلار.
- ئۇنداقتا، نېمىشقا ھەر كۈنى ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرمايسىلەر؟ - دەپ سوراپتۇ شەيتان ئۇلاردىن.
- ئۇلار ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلارنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرغىلى بولسۇن؟ - دەپتۇ ئۇلار ھەيران بولۇپ.
- بۇنىڭ چارىسى ئاسان، سىلەر ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى ياساپ، ھەر كۈنى ئاشۇ سۈرەتلەرگە قارىساڭلار بولمىدىمۇ؟ - دەپتۇ شەيتان.
شۇنداق قىلىپ، كىشىلەر ئىبلىسنىڭ ئۈگەتكىنى بويىچە، ياخشى كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى ياساپ چىقىپتۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەن - كەچتە ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىگە قارايدىغان ھەمدە ئاشۇ سۈرەتلەرگە قاراپ، ئۇلارنى ئەسلىشىدىغان بولۇپتۇ.

## سۈرەتتىن ھەيكەلگە

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتتۈپتۇ، ئۇلار ئاستا - ئاستا سۈرەتنى ھەيكەلگە ئۆزگەرتىپتۇ. ياخشى كىشىلەرنىڭ كۆپلىگەن ھەيكەللىرىنى ياساپ، ئۇنى ئۆي ۋە مەسجىدلەرگە ئورنىتىپتۇ.

شۇنداقتىمۇ ئۇلار اللهقا ئىبادەت قىلىدىكەن ۋە اللهقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىكەن. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭ ئۆزلىرىگە قىلچىلىك پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە رىزىق بېرەلمەيدىغان، ئادەتتىكى تاشتىن ياسالغان قۇرۇق ھەيكەل ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدىكەن.

بىراق، بۇ ”ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيكىلى“ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۇنى ئۇلۇغلايدىكەن ۋە ئۇلاردىن بەرىكەت ئۈمىد قىلىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ھەيكەللەر كۈنسېرى كۆپىيىپتۇ. ھەيكەللەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەيكەللەرنى ئۇلۇغلاش ئادىتىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىپتۇ.

ھەر قاچان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ياخشى ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، دەرھال ئۇنىڭ ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان بولۇپتۇ.

## ھەيكەلدىن بۇتلارغا

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتتۈپتۇ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئاشۇ ھەيكەللەرنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭدىن بەرىكەت ئۈمىد قىلغانلىقىنى؛ ئۇنى قوللىرى بىلەن سىلاپ، قۇچاقلاپ سۆيگەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ يېنىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆتكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ، باشلىرىنى ئېگىپ، دۇئا - تىلەكلىرىنى شۇ يەردە قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭ بولغان ئەۋلادلار ئاتا - بوۋىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاشۇرىۋېتىپتۇ.

مانا ئەمدى ئۇلار ئاشۇ ھەيكەللەرگە سەجدە قىلىدىغان، تىلەكلىرىنى شۇلاردىن تىلەپ، قۇربانلىقلىرىنى شۇلارغا ئاتاپ قىلىدىغان بولۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ھەيكەللەر بۇتلارغا ئايلىنىپتۇ، بۇتلار بولسا كىشىلەر ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھلارغا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەقىقىي يالغۇز بىر اللهقا ئىبادەت قىلغان بولسا، مانا ئەمدىلىكتە

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرى تاشتىن ياسىۋالغان يالغان ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىدىغان بولۇپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلاھلار كۈنسېرى كۆپىيىپ بېرىپتۇ. بۇ ئىلاھلارنىڭ بىر قىسىملىرى ”ۋەد“، ”سۇۋائ“، ”يەغۇس“، ”يەئۇق“ ۋە ”نەسرى“ دەپ ئاتىلىپتۇ.

## اللهنىڭ غەزىپى

الله كىشىلەرگە غەزەپ ۋە لەنەت قىلىپتۇ، نېمىشقىمۇ الله ئۇلارغا غەزەپ ۋە لەنەت قىلمىسۇن؟!

الله ئۇلارنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقانمۇ؟ الله ئۇلارغا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن رىزىق بېرەمدۇ؟

- ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

ئۇلار اللهنىڭ زېمىنىدا ياشاپ، اللهنى ئىنكار قىلامدۇ؟ اللهنىڭ بەرگەن رىزقىنى يەپ، اللهقا شېرىك كەلتۈرەمدۇ؟

- ياق، بۇنداق قىلىش ئىنساپسىزلىق ۋە تۇزكورلۇق، بەلكى، ئۆزگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىق خالاس.

اللهنىڭ ئۇلارغا غەزىپى كېلىپ يامغۇرنى توختىتىپتۇ، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بېسىپتۇ، زىرائەتلەر قۇرۇپ، نەسىل ئازلاپتۇ.

بىراق، كىشىلەر ھەقنى چۈشەنمەي، گۇناھىغا تەۋبە قىلماي، ئازغۇنلۇق ئىچىدە كېتىۋېرىپتۇ.

## پەيغەمبەر

الله ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدىغان بىر ئادەمنى پەيغەمبەر (يەنى ئەلچى) قىلىپ ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلىپتۇ.

چۈنكى، الله ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىۋاستە سۆزلىمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا: ”سەن ئۇنداق قىل، سەن مۇنداق قىل“ دېمەيدۇ.

نېمىشقا دەمسىز؟

قېنى ئويلاپ بېقىڭچۇ؟ ئادەتتە پادىشاھلار ۋە دۆلەت باشلىقلىرىمۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىۋاستە سۆزلىمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا: ”سەن ئۇنداق قىل، سەن مۇنداق قىل“ دېمەيدۇ.

پادىشاھلار - باشقا ئىنسانلار كۆرەلەيدىغان، سۆزلىرىنى ئاڭلىيالايدىغان ۋە ئۇلارغا بىۋاستە سۆزلىيەلەيدىغان ئىنسان.

ئەمما الله بولسا، ئىنسانلار كۆرەلمەيدىغان، سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ۋە ئۇنىڭغا بىۋاستە سۆزلەشكە قادىر بولالمايدىغان ئىلاھتۇر.

پادىشاھلار ئىنسان تۇرۇپ شۇنداق قىلغان ئىكەن، ئۇنداقتا الله بۇنىڭغا تېخىمۇ ھەقلىق ۋە لايىقتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدىغان بىر ئادەمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلىپتۇ.

## ئىنسانمۇ ياكى پەرىشتىمۇ؟

الله بۇ پەيغەمبەرنىڭ كىشىلەر تونۇيدىغان ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىدىغان ئىنسان بولۇشىنى ئىرادە قىلىپتۇ.

چۈنكى، ئەگەر الله ئەۋەتكەن ئەلچى يەنى پەيغەمبەر ئىنسان بولماي، پەرىشتە بولسا، كىشىلەر: ”بىز ئۇنىڭغا ئوخشىمايمىز، ئۇ بولسا پەرىشتە، بىز بولساق ئىنسان، بىز يەپ - ئىچىمىز، بىزنىڭ بالا - چاقىلىرىمىز بار، ئۇنداقتا بىز قانداقمۇ اللهقا ئىبادەت قىلىمىز؟“ دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر الله ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئىنسان بولسا، ئۇ كىشىلەرگە: ”مەنمۇ يەپ - ئىچىمەن، مېنىڭمۇ بالا - چاقىلىرىم بار، شۇنداق تۇرۇپ مەنمۇ اللهقا ئىبادەت قىلىۋاتىمەن، سىلەر نېمىشقا اللهقا ئىبادەت قىلمايسىلەر؟“ دەپ رەددىيە بېرىدۇ.

ئەگەر الله ئەۋەتكەن پەيغەمبەر پەرىشتە بولسا، كىشىلەر: ”سەن بولساڭ پەرىشتە، سېنىڭ قورسىقىڭ ئاچمايدۇ، ئۇسسىمايسەن، ئاغرىپ قالمايسەن، ئۆلمەيسەن، شۇڭا اللهقا ئىبادەت قىلىسەن ۋە ھەردائىم اللهنى ياد ئېتىسەن؛ بىز بولساق ئىنسان، بىزنىڭ قورسىقىمىز ئاچىدۇ، ئۇسسايمىز، ئاغرىپ قالىمىز ۋە ئۆلۈپ كېتىمىز، ئۇنداقتا قانداقمۇ اللهقا ئىبادەت قىلىپ، ھەر دائىم ئۇنى ئەسلەپ بولالايمىز؟“ دەپ ھەق يولدىن قاچىدۇ.

ئەگەر الله ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئىنسان بولسا، ئۇ كىشىلەرگە: ”مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان، مېنىڭمۇ سىلەرگە ئوخشاش قورسىقىم ئاچىدۇ، ئۇسسايمەن، ئاغرىپ قالىمەن ۋە ئۆلۈپ كېتىمەن، شۇنداق تۇرۇپ مەنمۇ اللهقا ئىبادەت قىلىپ، ھەردائىم اللهنى ياد ئېتىمەن“ دەپ ئەمەلى پاكىت بىلەن ئۇلارنى مات قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئېغىزى تۇۋاقلىنىپ، كۆرسەتكىلى ھېچقانداق باھانە تاپالمايدۇ.

## نۇھ ئەلەيھىسسالام

الله تائالا نۇھنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلىپتۇ. گەرچە قەۋمىنىڭ ئىچىدە بىر تۈركۈم بايلار ۋە كاتتىۋاشلار بولسىمۇ، بىراق، الله پەيغەمبەرلىككە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەرىنى ئەمەس، بەلكى نۇھنى تاللاپتۇ.

چۈنكى، الله پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى كىمنىڭ ئۈستىگە ئالالايدىغانلىقىنى، بۇ ۋەزىپىگە كىمنىڭ لايىق كېلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئېسىل، سېخىي، ئالىيجاناب، ئەقىللىق، سەممىي، مېھرىبان، كۆيۈمچان، راستچىل ۋە ئىشەنچلىك كىشى ئىدى. شۇڭا الله ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تاللاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىپ: ”قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن“ دەپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارغا: ”مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئاشكارا پەيغەمبەرمەن“ دەپتۇ.

## قەۋم ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارغا: ”مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن سادىق پەيغەمبەرمەن“ دەپتۇ.

بىر قىسىم كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ: ”بۇ قاچان پەيغەمبەر بولۇپ قالدى؟ ئۇ تۈنۈگۈنلا ئارىمىزدىكى بىزگە ئوخشاش بىر ئادەم ئىدى، مانا بۈگۈن: ‹مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن اللهنىڭ ئەلچىسى› دەۋاتىدۇ“ دېيىشىپتۇ.

ئۇنىڭ دوستلىرى: ”بۇ كىچىك ۋاقتىدا بىز بىلەن بىللە ئوينايتتى، ھەر كۈنى بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قوپاتتى، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك قاچان كەلگەندۇ؟ كىچىدە كەلگەنمىدۇ ياكى كۈندۈزدىمۇ؟....“ دەپتۇ.

باي ۋە ھاكاۋۇر كىشىلەر: ”ئەجەبا اللہ بۇنىڭدىن باشقا ئادەم تاپالمىغانمىدۇ؟ دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ قەۋمىنىڭ ئىچىدە موشۇ يالاڭ تۆشتىن باشقا ئادەم يوقمىدۇ؟“ دەپ چالۋاقاپتۇ.

نادانلار بولسا: ”بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئەگەر اللہ (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتەتتى، بۇنداق سۆزنى بۇرۇنقى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئەمەسمىز“ دېيىشىپتۇ.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا: ”نۇھ مۇشۇ يول بىلەن ھوقۇق ۋە نوپۇزغا ئېرىشمەكچى“ دەپ ئاغزىغا كەلگەنچە بىلجىرلاپتۇ.

## نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى ئوتتۇرىسىدا

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى: ”بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش توغرا ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىش“ دەپ قارىغاچقا، تەبىئىيكى بۇتلارغا ئىبادەت قىلماسلىقنى ئازغۇنلۇق ۋە گالۋاڭلىق دەپ چۈشىنەتتى. ھەتتا: ”بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇتلارغا ئىبادەت قىلغان تۇرسا، بۇ نۇھ نېمىشقا بۇتلارغا ئىبادەت قىلمايدىغاندۇ؟“ دەپ ئۆزئارا سوئال قويۇشاتتى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام بولسا، ئەكسىچە بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشنى ئازغۇنلۇق ۋە گالۋاڭلىق ھېسابلىغاچقا، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنىشىنىمۇ ئوخشاشلا زالالەت ۋە ئەخمەقانىلىق دەپ قارايتتى.

چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا ئەمەس، بەلكى اللہقا ئىبادەت قىلغان. ئەمما بۈگۈن قەۋم ئۆزلىرىنى ياراتقان اللہقا ئەمەس، بەلكى تاشتىن ياسالغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ. مانا بۇ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇق ۋە گالۋاڭلىق ئەمەسمۇ؟

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇلارغا: ”ئى قەۋمىم! اللہقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللہتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى

قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن“ دەپتۇ.

قەۋمىنىڭ چوڭلىرى بولسا: ”بىز سېنى ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا كۆرىمىز“ دەپتۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا.

”ئى قەۋمىم! مەن قىلچىمۇ گۇمراھ ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن، سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن اللهنىڭ ۋەھيي قىلىشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىمەن“ دەپتۇ نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋابەن.

## ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ بۇتلارنى تاشلاپ، اللهقا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىر قانچە ئادەمدىن باشقا زور ساندىكى كۆپچىلىك ئىمان كەلتۈرگىلى ئۇنىماپتۇ. يەنە كېلىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى قولىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، ھالال يول بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى.

ئەمما بايلارنى ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن توسۇپتۇ، ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنيالىرى ئۇلارنىڭ ئاخىرەت ھەققىدە ئويلىنىشىغا ئىمكان بەرمەپتۇ، شۇڭا ئۇلار: ”بىز بولساق ئېسىلزادىلەر، ئۇلار بولسا تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر“ دېيىشىپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلغان چاغدا، ئۇلار: ”(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، ساڭا بىز ئىمان ئېيتامدۇق؟“ دەپتۇ ۋە ئاشۇ بىچارىلەرنى قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

بىراق، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇلارغا: ”مەن مۇئمىنلەرنى قوغلىۋەتمەيمەن“، مېنىڭ دەرۋازام پادىشاھنىڭ دەرۋازىسى ئەمەس، ”مەن پەقەت ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن“ دەپتۇ.

چۈنكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاشۇ بىچارە كىشىلەرنىڭ ئىخلاسمەن مۇئمىنلەر ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلارنى قوغلىۋەتسە، اللهنىڭ غەزەپلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى

ياخشى بىلىدىكەن، شۇڭا ئۇ كىشىلەرگە: ”ئى قەۋمىم! ئەگەر مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەم، اﷲنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟“ دەپتۇ.

## بايلارنىڭ باھانىسى

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى بايلار مۇنداق دېيىشىپتۇ: ”نۇھنىڭ بىزنى دەۋەت قىلغىنى چوقۇم ياخشى نەرسە ئەمەس، نېمىشقا دەمسىلەر؟ بىزنىڭ ئۇزاق يىللىق تەجرىبىمىزگە ئاساسلانغاندا، ئەزەلدىن ھەرقانداق ياخشىلىق بىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئەمەس. مەسىلەن، يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ياخشىسى ھەر دائىم بىزنىڭ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ھەممە ئادەم بۇ جەھەتتە بىزگە ئەگىشىۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ شەھەردە ھەر قانداق ياخشىلىقتا ئالدى بىلەن بىز ئېرىشىپ كەلدۇق، ئەگەر نۇھنىڭ دىنىمۇ ياخشى بولغان بولسا، ئاشۇ بىچارىلەردىن بۇرۇن ئۇنىڭغا بىز ئېرىشكەن بولاتتۇق، ئەگەر (ئۇ دىن) ياخشى بولغان بولسا ئىدى، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئىشەنمىگەن بولاتتى“ دەپتۇ.

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى اﷲ تەرەپكە دەۋەت قىلىپتۇ ۋە ئۇلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: ”ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن كىشىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، اﷲقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇ بەزى گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە كېچىكتۈرىدۇ (يەنى ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىدۇ)، شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، اﷲنىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا (ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ“.

بىراق، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن، اﷲ ئۇلارغا غەزەپلىنىپ، يامغۇرنى توختىتىپتۇ، زىرائەتلەر قۇرۇپ، نەسىل ئازىيىپ كېتىپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ: ”ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەر

اللهقا ئىمان كەلتۈرسەڭلار، الله سىلەرنى بۇ ئازاپتىن قۇتقۇزىدۇ، سىلەرگە يامغۇر ياغدۇرۇپ، رىزقىڭلارنى كەڭرى قىلىدۇ، ئەۋلادلىرىڭلارنى كۆپەيتىدۇ".

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىپ ئۇلارغا يەنە مۇنداق دەپتۇ: "سىلەر اللهنى تونۇمامسىلەر؟ اللهنىڭ مۆجىزىلىرى كۆز ئالدىڭلاردا روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، سىلەر ئۇلارغا قاراپ باقمامسىلەر؟ ئاسمان ۋە زېمىنغا، ئاي ۋە قۇياشقا قارىمامسىلەر؟ ئاسمانلارنى كىم ياراتتى؟ ئاسمانلاردا كىم ئاي ۋە كۈننى نۇر چاچقۇچى چىراق قىلدى؟ سىلەرنى كىم ياراتتى؟ كىم سىلەرگە زېمىننى بىسات قىلىپ بەردى؟"

بىراق، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ھەقنى چۈشەنمەپتۇ ۋە ئىمان كەلتۈرمەپتۇ. بەلكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلغان ھامان ئۇلار قوللىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى چىڭ ئېتىۋاپتۇ.

ئۇلار ھەقنى ئاڭلىمىغان ۋە ئاڭلاشنى خالىمىغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟!

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 950 يىل تۇرۇپ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىپتۇ. بىراق ئۇلار اللهقا ئىمان كەلتۈرمەي بۇتلارغا ئىبادەت قىلىۋېرىپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشىنى قاچانغىچە كۈتىدۇ؟ زېمىندىكى بۇزۇقچىلىقلارنى، تاشلارنىڭ مەئبۇد قىلىنىۋاتقانلىقىنى قاچانغىچە كۆرۈپ تۇرىۋېرىدۇ؟ ئىنسانلارنىڭ الله بەرگەن رىزقىنى يەپ، اللهنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىشى قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزىپى ئۆرلەپتۇ، ئۇ قانداقمۇ غەزەپلەنمەي تۇرالىسۇن؟! ئۇ ھېلىمۇ بەك كۆپ سەۋر قىلدى، 950 يىل.... الله ھەقىقەتەن كاتتىدۇر، 950 يىل نېمىدېگەن ئۇزاق ۋاقىت ـ ھە؟!

الله نۇھ ئەلەيھىسسالامغا: "قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ" دەپ ۋەھىي قىلىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم دەۋەت قىلغان چاغدا، ئۇلار: ”ئى نۇھ ! بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەشتىڭ. ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى چۈشۈرۈپ باققىن“ دەپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ﷲقا: ”ئى ﷲ ، سەن زېمىندا كاپىرلارنىڭ بىرنىمۇ ھايات قالدۇرمىغىن“ دەپ دۇئا قىلىپتۇ.

## كېمە

ﷲ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ قەۋمىنى سۇغا غەرق قىلىۋەتمەكچى بولۇپتۇ. بىراق، ئۇلارنى غەرق قىلىۋېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولۇپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنى چوڭ بىر كېمە ياساشقا بۇيرۇپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمە ياساشقا باشلاپتۇ. قەۋمى ئۇنىڭ كېمە ياساۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ”ھەي نۇھ! بۇ ياساۋاتقىنىڭ نېمە؟ سەن قاچاندىن بېرى ياغاچچى بولۇپ قالدىڭ؟ بىز سېنى ئاشۇ تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن ئارىلاشما دېمىدۇقمۇ؟ بىراق، سەن بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىماي، ياغاچچى، تۆمۈرچىلەر بىلەن ئارىلىشىۋېرىپ، ئاخىرى ياغاچچى بولۇپ قاپسەن ئەمەسمۇ؟ بۇ كېمە قەيەردە ماڭىدۇ؟ سەن تولىمۇ غەلىتە ئىش قىلىدىكەنسەن، كېمەڭنى قۇملۇقتا ھەيدەمسەن ياكى تاغدىمۇ؟ دېگىن بۇ يەردىن بەك يىراق، ئۇنى جىنلار كۆتۈرەمدۇ ياكى ئۆكۈزلەر سۆرەمدۇ؟“ دەپ ئۇنى مەسخىرە قىلىپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەر خىل مەسخىرىلىك گەپلىرىنى ئاڭلاپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارغا: ”ئەگەر سىلەر (بۈگۈن) بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار (كېلەچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغاندا)، سىلەر (ھازىر) بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز“ دەپتۇ.

## توپان

الله كاپىرلارغا ۋەدە قىلغان ئازاب ئاخىرى يېتىپ كەپتۇ، يامغۇر شارقىراپ يېغىشقا باشلاپتۇ، گويا غەلۋىردىن سۇ ئۆتكەندەك توختىماي يېغىۋېرىپتۇ. ئاسماندىن ياغقان يامغۇر بىلەن زېمىندىن ئېتىلىپ چىققان سۇلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان كەلكۈن ئىنسانلارنى ھەممە تەرەپتىن قورشاپتۇ.

الله نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىپ، قەۋمى ئىچىدىكى مۆئمىنلەر بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋېلىشىنى؛ يەنە ھەر قانداق ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشتىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن، مۆئمىنلەرنى، ئائىلىسىدىكىلەرنى ھەمدە بىر جۈپتىن ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنى كېمىگە سېلىپ تەييارلاپتۇ. كېمە ئۇلارنى ئېلىپ، تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە مېڭىپ كېتىپتۇ.

قەۋم اللهنىڭ ئازابىدىن قېچىپ، قەيەردە ئېگىز دۆڭلۈك بولسا، شۇ يەرگە يۈگرەپتۇ. بىراق، ئۇلارنى اللهنىڭ ئازابىدىن كىممۇ قۇتۇلدۇرالىسۇن؟!

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى كاپىرلار بىلەن بىللە ئىدى، ئۇ ئوغلىنى توپان ئىچىدە كۆرۈپ:

- ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىقىۋالغىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن، - دەپ توۋلاپتۇ.

- ياق، مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالىمەن، - دەپتۇ ئوغلى.

- بۈگۈن الله رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ بىر ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ - دەپتۇ نۇھ ئەلەيھىسسالام.

ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋېتىپتۇ-دە، سۇغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوغلىنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇپتۇ. ئۇ قانداقسىگە ئوغلىغا قايغۇرماي تۇرالىسۇن؟ چۈنكى، بىر ئاتا ئۆز ئوغلىنىڭ

قىيامەت كۈنى ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشنى خالىمايدۇ ـ دە.

بىراق، بۈگۈن سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشتىن ئامان قالمىغان ئادەم قىيامەت كۈنى ئوتقا تاشلىنىشتىن ئامان قالارمۇ؟ ۋەھالەنكى، ئوتنىڭ ئازابى سۇنىڭ ئازابىدىن نەچچە ھەسسە قاتتىقتۇر، يەنى (ئاخىرەتنىڭ ئازابى بۇ دۇنيانىڭ ئازابىدىن نەچچە ھەسسە دەھشەتلىكتۇر).

الله نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇتقۇزۇشقا ۋەدە قىلغان ئىدى، اللهنىڭ ۋەدىسى ھەق بولغاچقا، ئۇ اللهتىن ئوغلىغا نىجاتلىق تىلىمەكچى بولۇپتۇ.

## ئوغلۇڭ سېنىڭ ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس

نۇھ ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: ”پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن“ دەپتۇ.

بىراق، الله نەسەبلەرگە ئەمەس، بەلكى ئەمەللەرگە قارايدۇ. مۇشرىكلارغا نىجاتلىق ئاتا قىلىش ھەققىدىكى تەلەپنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇشرىك گەرچە پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى بولسىمۇ، بىراق، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىكى ھېساپلانمايدۇ. شۇڭا الله ئۇنىڭغا بۇ نوقتىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دەپتۇ:

”ئى نۇھ! ئۇ (ئوغلۇڭ مەن نىجات تېپىشنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن“.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، اللهقا تەۋبە قىلىپ: ”پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ، مەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن“ دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## توپاندىن كېيىن

اﷲنىڭ ئىرادىسى ئەمەلگە ئېشىپ، كاپىرلار توپانغا غەرق بولۇپتۇ، يامغۇر توختاپ، سۇلار زېمىنغا سىڭىپتۇ، كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ توختاپتۇ، ”زالىم قەۋم هالاك بولسۇن“ دېيىلىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالام خاتىرجەم هالدا كېمىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇلۇپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن كېمىدىكىلەر خاتىرجەم هالدا كېمىدىن زېمىنغا چۈشۈپتۇ، كاپىر قەۋمنىڭ هالاكىتىگە ئاسمان ۋە زېمىندىكى هېچبىر مەخلۇقات ۋە مەۋجۇدات قايغۇرۇپ ياش تۆكمەپتۇ.

اﷲ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا بەرىكەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپىيىپتۇ، زېمىن قايتىدىن ئادەملەرگە تولۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر، مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىن كۆپلىگەن پەيغەمبەر ۋە پادىشاھلار دۇنياغا كېلىپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن دۇنيا نامىدىن سالام بولسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى قىسسە

## هۇد ئەلەيھىسسالام

### نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن

اللە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا بەرىكەت بېرىپتۇ، ئۇلار زېمىننىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە تارقىلىپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن «ئاد» ئىسىملىك بىر مىللەت دۇنياغا كېلىپتۇ. ئۇلار جىسمى گويا تۆمۈردىن پۈتكەندەك ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ھەممىنى بويسۇندۇرىدىكەن، ئۇلارنى ھېچكىم يېڭەلمەيدىكەن. ئۇلار ھېچكىمدىن قورقمايدىكەن، ئەكسىچە ھەممە ئادەم ئۇلاردىن قورقىدىكەن.

اللە ئاد قەۋمىگە ھەممە نەرسىدە بەرىكەت بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ تۆگىلىرى جىلغىلارغا، ئاتلىرى مەيدانلارغا، باللىرى ئۆيلەرگە تولۇپتۇ.

ئەگەر ئۇلارنىڭ تۆگىلىرى يايلاقتا ماڭسا ياكى باللىرى ئوينىغىلى چىقسا، بۇنىڭدىن ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىرە ھاسىل بولىدىكەن. ئاد قەۋمىنىڭ ياشىغان زېمىنىمۇ ئوخشاشلا ياپيېشىل بوستانلىق بولۇپ، باغچا ۋە بۇلاقلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە تېخىمۇ گۈزەل ھۆسن قوشىدىكەن.

### ئادنىڭ كاپىرلىقى

بىراق، ئاد قەۋمى اللەنىڭ بۇنچە كۆپ نېمەتلىرىگە قارىتا تەشەككۈر بىلدۈرمەپتۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغان ۋە زېمىندا ئىزناسىنى كۆرگەن توپان ۋەقەسىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار اللەنىڭ نۇھ قەۋمىگە نېمە ئۈچۈن توپان بالاسىنى ئەۋەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئۇنتۇپ، نۇھ

ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئوخشاشلا بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئۇلار ئۆز قولى بىلەن تاشلارنى ئويۇپ بۇتلارنى ياسايدىكەن، ئاندىن ئۇنىڭغا سەجدە ۋە ئىبادەت قىلىدىكەن، تىلەكلىرىنى شۇلاردىن تىلەپ، قۇربانلىقلىرىنى شۇلارغا ئاتاپ قىلىدىكەن.

ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ماڭغان ”زاللەت يولى“دىن مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپ قالالماپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ئۇلارنى ”توغرا يول“غا باشلىيالماپتۇ.

## ئادنىڭ زوراۋانلىقى

ئاد قەۋمىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقا كىشىلەرگە ئاپەت بولۇپتۇ، ئۇلار زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقنى كەسىپ قىلىۋاپتۇ.

ئۇلار ﷲقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمىگەن تۇرسا، ئۇلارنى قايسى بىر كۈچ زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقتىن چەكلىيەلەيدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە چوڭ ساناپ، ھېساب ۋە جازانى ئويلاپمۇ باقمىغان تۇرسا، زۇلۇمدىن ئۇلارنى كىممۇ توسۇپ قالالايدۇ؟

ئۇلار باياۋاندىكى ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشايتتى، چوڭلىرى كىچىكلىرىگە زولۇم قىلسا، كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىنى بوزەك قىلاتتى.

ئەگەر ئۇلار غەزەپلەنسە، گويا غەزەپلەنگەن پىلغا ئوخشاش ھەممىنى چەيلەپ ـ يانچىپ، ھالاك قىلماي قويمايتتى.

ئەگەر ئۇلار باستۇرۇپ كەلسە، زىرائەت ۋە نەسىلنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتەتتى.

ئەگەر ئۇلار بىرەر شەھەرگە باستۇرۇپ كىرسە، شەھەرنىڭ ئەزىز كىشىلىرىنى خار قىلاتتى، ئاجىزلار ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ، ھەر تەرەپكە قاچاتتى.

دېمەك، ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقا كىشىلەرگە ئاپەت بولۇپتۇ.

ﷲتىن قورقمايدىغان ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان ھەرقانداق كاپىرنىڭ تەبىئىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئادنىڭ قەسىرلىرى

ئاد قەۋمى كۆڭۈللىرىنى يەپ - ئىچىش ۋە ئويۇن - تاماشا ئىچىدە ئۆتكۈزىدىكەن، ئېسىل ئۆي - ئىمارەتلىرى ۋە ئوردا - قەسىرلىرى بىلەن بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىدىكەن. ھە دېسىلا ئۆي - ئىمارەت سېلىپ، پۇل - ماللىرىنى بۇزۇپ - چاچىدىكەن.

ئۇلار قەيەردە بوش - بىكار ئورۇن ياكى ئېگىز جاي تاپسا، شۇ يەرگە ئېگىز قەسىرلەرنى بىنا قىلىدىكەن. ئۇلار گويا ئۆلمەي مەڭگۈ ياشايدىغاندەك، ھەر خىل ئۆي - ئىمارەتلەرنى سالىدىكەن.

باشقا ئادەملەر يېگىلى تاماق، كىيگىلى كىيىم تاپالمىسىمۇ، بىراق، ئۇلار ھېچنېمىگە قارىماي، ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئوردا - سارايلارنى سېلىۋالىدىكەن.

گەرچە بايلارنىڭ ئۆيلىرى ئولتۇرىدىغان ئادەملەردىن خالىي قالسىمۇ، بىراق، نامراتلار ئولتۇرۇشقا ئۆي تاپالمايدىكەن.

ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوردا - قەسىرلىرىنى كۆرگەن كىشى ئۇلارنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمىگەن كاپىرلار ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالالايدىكەن.

## ھۇد ئەلەيھىسسالام

الله بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇپ، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشىنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئاد قەۋمىگە پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلىپتۇ.

چۈنكى، ئاد قەۋمى يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا ۋە ئۆي - ئىمارەت سېلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئەقىللىق بولسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ بۇزۇلغان ئەقلى دىنىي تەرەپتە كېرەككە كەلمەيدىكەن. ئۇلار دۇنياۋى ئىشلاردا ئەقىللىق بولغىنى بىلەن دىنىي ئىشلاردا دۆت ۋە گالۋاڭ بولغاچقا، تاشتىن ياسالغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدىكەن.

شۇڭا الله ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا يېتەكلەيدىغان بىر ئادەمنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى، بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۇلار تونۇيدىغان ۋە سۆزىنى چۈشىنىدىغان ئادەم بولۇشىنى ئىرادە قىلىپتۇ.

بۇ پەيغەمبەر ئاد قەۋمىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئېسىل ئائىلىدە تۇغۇلۇپ،

ساغلام ئەقىل بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن ھۇد ئەلەيھىسسالام ئىدى.

## ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى

ھۇد ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىپ، مۇنداق دەپتۇ:
"‹ئى قەۋمىم! اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر›، سىلەر تۆنۈگۈن ئۆز قولۇڭلار بىلەن تاشنى ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا بۈگۈن قانداقسىگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟ الله سىلەرنى ياراتتى، ئۇ سىلەرگە رىزىق بەردى، ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلاردا سىلەرگە بەرىكەت بەردى، زىرائەت ۋە نەسىلنى كۆپەيتتى، سىلەرنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن كېيىنكى ئورۇنباسار قىلدى، جىسمىڭلارنى كۈچلۈك قىلدى. قېنى ئويلاپ بېقىڭلارچۇ؟ اللهنىڭ بۇ نېمەتلىرى ئۈچۈن اللهقا ئىبادەت قىلماي، ئەكسىچە اللهنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلساڭلار بولامدۇ؟ سىلەر سۆڭەك تاشلاپ بېرىپ بېقىۋاتقان ئىتمۇ سىلەردىن ئايرىلماي، ئارقاڭلاردىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلار باققان ئىتنىڭ باشقا بىر خوجايىنىنىڭ كەينىدىن كەتكەنلىكىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ بىرەر ھايۋاننىڭ تاشقا ئىبادەت قىلغانلىقىنى ياكى بۇتقا سەجدە قىلغانلىقىنى ئۇچراتتىڭلارمۇ؟ قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئىنسان ئەقىللىقمۇ ياكى ھايۋانمۇ؟ الله ئەزىز قىلىپ ياراتقان ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى يوقۇتۇپ، ئۆزىنى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويسا بولامدۇ؟".

## قەۋمىنىڭ جاۋابى

ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى كۈنلىرىنى يەپ - ئىچىش ۋە ئويۇن - تاماشا ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار بۇ خىل ھاياتتىن رازى ۋە مەمنۇن ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان "گېپى" ئۇلارغا ئېغىر كېلىپ، ئۆزئارا شۇنداق دېيىشىپتۇ: "ھۇد نېمە دەۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ مەقسىتى زادى نېمىدۇ؟ بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمىز، ئۇ بىر بولسا دۆت، بىر بولسا

چوقۇم سارالڭ».

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم اللە تەرەپكە دەۋەت قىلىپتۇ، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: ”بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى ئەلۋەتتە، (پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز“.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن، بەلكى، مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن، سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن“ دەپتۇ.

## ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پاراستى

ھۇد ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ھەر كۈنى نەسىھەت قىلىپتۇ، ئۇلارنى مېھرىبانلىق ۋە سابىرلىق بىلەن اللە تەرەپكە دەۋەت قىلىپ، مۇنداق دەپتۇ:

”ئى قەۋمىم! مەن سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار، تونۇغۇنكى دوستۇڭلار ھۇد ئەمەسمۇ؟ سىلەر مېنى تونۇمايۋاتامسىلەر؟ سىلەر نېمىشقا مەندىن قورقىسىلەر؟ نېمىشقا مەندىن قاچىسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ پۇل - مېلىڭلارنى ئېلىۋالمايمەن، ‹ئى قەۋمىم! مەن تەبلىغ قىلغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن ھەق ئالمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت مېنى ياراتقان اللە ئۈستىگە ئالغان›. ئى قەۋمىم! سىلەر ئىمان كەلتۈرۈشتىن نېمە دەپ قورقىسىلەر؟ ئەگەر سىلەر اللەقا ئىمان كەلتۈرسەڭلار سىلەرنىڭ مال - مۈلكىڭلار ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمايدۇ، ئەكسىچە، اللە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى كەڭرى قىلىدۇ ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىڭلارنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ. ئى قەۋمىم! اللەنىڭ مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىدىن نېمىشقا بۇنچە ھەيران قالىسىلەر؟ اللە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىۋاسىتە سۆزلىمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا: ‹سەن ئۇنداق قىل، سەن مۇنداق قىل› دېمەيدۇ، بەلكى، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدىغان بىر ئادەمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. مانا، مېنىڭ سىلەرگە سۆزلىشىم ۋە نەسىھەت قىلىشىم ئۈچۈن اللە مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ‹سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش

ئۇچۇن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسىنىڭ ئۆز ئىچىڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟›“.

## هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمانى

ئاد قەۋمى هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە قارىتا قانداق ”جاۋاب“ قايتۇرۇشنى بىلەلمەي، ئاخىرى: ”ئى هۇد! سەن ئىلاھلىرىمىزنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، ئەقلىڭدىن كېتىپ قاپسەن، شۇڭا مۇشۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن“ دەپتۇ.

هۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ بىمەنە ”گەپ“لىرىگە قارىتا مۇنداق دەپتۇ:

”بۇ بۇتلار تاشتىن ياسالغان، ئۇ بىراۋغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، سۆزلىيەلمەيدۇ، ئاڭلىيالمايدۇ ۋە كۆرەلمەيدۇ، بىراۋغا ياخشىلىق ـ يامانلىق ياكى پايدا-زىيان يەتكۈزۈش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇتلارلا ئەمەس، سىلەرمۇ ماڭا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، شۇڭا مەن سىلەرنىڭ ئىلاھلىرىڭلارغا ئىشەنمەيمەن ۋە ئۇلاردىن قورقمايمەن، ‹سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلاردىن مەن ھەقىقەتەن ئادا ـ جۇدامەن›. مەن سىلەردىنمۇ قورقمايمەن، ‹ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، مەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللهقا تەۋەككۇل قىلدىم›، ھەممە نەرسە اللهنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇپ، بىر تال يوپۇرماقمۇ اللهنىڭ رۇخسىتىسىز يەرگە چۈشمەيدۇ“ دەپتۇ.

## ئاد قەۋمىنىڭ ئاسىيلىقى

ئاد قەۋمى هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىنى قايتا ـ قايتا ئاڭلىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمەكتە يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن قېچىپتۇ، نەسىھەت ۋە دەۋەتنىڭ ئۇلارغا قىلچىلىك پايدىسى بولماپتۇ، بەلكى، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئۇغىسى قايناپ، هۇد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەپتۇ:

”ئى هۇد! سەن قۇرۇق گەپلەرنى قىلىۋەرمە، بىز سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭ

ئۇچۇن ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيمىز. سېنىڭچە بىز ئاشۇ ‹ئىككى ئېغىز قۇرۇق گېپىڭ› ئۈچۈن ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئىلاھلىرىمىزدىن ۋاز كېچەرمىزمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز. ئى ھۇد! سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزغا ئىشەنمەيسەن ۋە ئۇنىڭدىن قورقمايسەن، ئۇنداقتا، بىزمۇ سېنىڭ ئىلاھىڭغا ئىشەنمەيمىز ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقمايمىز. سەن بىزگە «ئازاب» ھەققىدە بەك كۆپ سۆزلەپ كەتتىڭ، قېنى ئۇ ئازاب؟ بولسا كەلتۈرۈپ باقمامسەن؟"

"ئازابنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى ياراتقۇچى ئىگىمىز الله ياخشى بىلىدۇ، مەن پەقەت ئۇچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن" دەپتۇ ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا.

"ئۇنداقتا، بىز بۇ ئازابنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمىز" دەپتۇ ئۇلار.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قاراملىقىدىن ئەجەپلەنسە، دۆت ۋە گالۋاڭلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپتۇ.

## ئازاب

ئاد قەۋمى ھەر كۈنى يامغۇرنى كۈتەتتى. يامغۇرغا تەشنا بولۇپ ئاسمانغا قارايتتى. بىراق، ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار يامغۇرغا ھەقىقەتەن موھتاج بولۇۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ يامغۇرغا بولغان تەقەززالىقى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى.

بىر كۈنى، ئۇلار توساتتىنلا ئاسماندا ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بۇلۇتنى كۆرۈپتۇ - دە، خۇشاللىقتىن: "بۇلۇت، بۇلۇت، يامغۇر بۇلۇتى" دەپ چۇرقىرىشىپتۇ، ناخشا ئېيتىپ تەنتەنە قىلىشىپتۇ، بىر - بىرىگە بۇلۇتنى كۆرسىتىپ: "قاراڭلار، ئەنە يامغۇر بۇلۇتى" دېيىشىپتۇ.

بىراق، ھۇد ئەلەيھىسسالام "ئازاب"نىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا: "ياق، بۇ يامغۇر بۇلۇتى ئەمەس، بەلكى اللهنىڭ ئازابى" دەپتۇ.

راستلا اللهنىڭ ئازابى يېتىپ كەلگەن ئىدى، گۈركىرەپ بوران چىقىپ كېتىپتۇ. بوران شۇ قەدەر قاتتىق ۋە كۈچلۈك چىقىپتۇكى، ئۇلار بۇنداق قاتتىق بوراننى ئەزەلدىن كۆرمىگەن ۋە ئۇ ھەقتە ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى.

بوران دەل - دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ، ئۆيلەرنى ئۆرۈپ، چارۋا - ماللارنى ئۇچۇرۇپ يىراق - يىراقلارغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ، قۇملار ئۇچۇپ،



www.uyghurkitap.com

جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ، ئادەملەر ھېچنەرسىنى كۆرەلمەي، قورقۇنچ ئىلكىدە تىپىرلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئىشىك ـ تۈڭلۈكلىرىنى مەھكەم تاقاپتۇ.

باللار ئاتا ـ ئانىلىرىنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ، ئاتا ـ ئانىلار بولسا، ئۆينىڭ تاملىرىغا چىڭ چاپلىشىپتۇ. باللار يىغلىشىپتۇ، ئاياللار يىغا ـ زارە قىلىپ چۇرقىرىشىپتۇ، ئەرلەر ئاھ ئۇرۇپ نالە ـ پەرياد قىلىشىپتۇ. گويا كىمدۇ بىراۋ: ”بۇگۈن الله رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ كىشى ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ“ دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ، بوران يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز توختىماي چىقىپتۇ، كاپىر قەۋم ئۆلۈپ، جەسەتلىرى زېمىندا سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپتۇ، قورقۇنچلۇق مەنزىرە ھۆكۈم سۈرۈپتۇ، ئۆلۈكلەرنى قاغا ـ قۇزغۇنلار يەپ، ئۆيلەردە ھوقۇشلار ئۇۋا تۇتۇپتۇ.

ھۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر ئىمانى بىلەن نىجات تېپىپتۇ. ئاد قەۋمى بولسا، كاپىرلىقى ۋە ئاسىيلىقى بىلەن ھالاك بولۇپتۇ.

”بىلىڭلاركى، ئاد قەۋمى ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھۇد قەۋمى بولغان ئاد ھالاك بولسۇن“.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# تۆتىنچى قىسسە

## سالىھ ئەلەيھىسسالام

### سەمۇد قەۋمى

ئاد قەۋمى ئازغۇنلۇقتا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ”ۋارىسلىق“ قىلغاندەك، سەمۇد قەۋمىمۇ ئوخشاشلا ئاد قەۋمى ماڭغان ”يول“دىن مېڭىپتۇ.

سەمۇد قەۋمىنىڭ زېمىنى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان گۈزەل ھەم چىرايلىق زېمىن بولۇپ، باغچىلار، بۇلاقلار، شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇلار بىلەن تولغان ئىكەن.

سەمۇد قەۋمى بىناكارلىق، تېرىقچىلىق ۋە باغ ئەھيا قىلىشتا ئاد قەۋمى بىلەن تەڭ بولسىمۇ، بىراق، ئەقىل ۋە سانائەتتە ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. چۈنكى، ئۇلار تاغلارنى تېشىپ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئۆيلەرنى ياسايدىكەن، ئۆينىڭ تاملىرىغا ھەر خىل بەدىئىي رەسىملەرنى نەقىش قىلىپ ئويىدىكەن.

ئۇلار ئەقىل - پاراسەت ۋە ھۈنەر - سانائەتكە تايىنىپ، تاشلاردىن گويا مومدىن پايدىلانغاندەك پايدىلىنىپتۇ، تاشلارنى خۇددى مومنى ئېرىتكەندەك ئېرىتىپ ئاجايىپ نەرسىلەرنى ياساپتۇ.

ئۇلارنىڭ شەھىرىگە كىرگەن ئادەم ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردا - قەسىرلىرىنى كۆرۈپ: ”بۇلارنى چوقۇم ئادەملەر ئەمەس، بەلكى، جىنلار بىنا قىلىپتۇ“ دەپ ئويلىسا؛ تاملارغا ئويۇلغان گۈل - چېچەكلەرنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈپ: ”بۇ ھەرگىز ئويما رەسىم ئەمەس، بەلكى باھار پەسلىدە مۇنبەت تۇپراقتا ئۈنگەن راست گۈل - چېچەكلەر ئىكەن“ دەپ قالىدىكەن.

اللہ سەمۇد قەۋمىگە ئاسمان - زېمىنىنىڭ بەرىكەتلىرىنى ئېچىپتۇ،

بەلكى ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە بايلىقنىڭ ئىشىكلىرىنى ئۇلارغا كەڭرى ئېچىپتۇ. ئاسمان مول يامغۇر بىلەن، زېمىن گۈل - چېچەكلەر بىلەن، باغلار مېۋە - چېۋىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كۆچ قوشۇپتۇ، اللە ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭرى، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپتۇ.

## سەمۇدنىڭ كاپىرلىقى

بىراق، شۇنچە كۆپ نېمەتلەر سەمۇد قەۋمىنى اللەقا تەشەككۇر ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا بولغان قۇلچىلىقىنى ئىپادىلەشكە ئۈندىمەكتە يوق، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ كاپىرلىق ۋە ئاسىيلىق قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپتۇ. ئۇلار اللەنىڭ نېمەتلىرى بىلەن خۇشاللىنىقا چۆمۈپتۇ - يۇ، بىراق اللەنى ئۇنتۇپ: "بىزدىن كۈچلۈك كىم بار؟" دەپ جار سېلىپتۇ.

ئۇلار: "بىز ھەرگىز ئۆلمەيمىز، جەننەتتەك بۇ گۈزەل ئوردا - قەسىرلىرىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالمايمىز، ئۆلۈم بۇ تاغلارنىڭ قېتىغا ھەرگىز تېشىپ كىرەلمەيدۇ، بىزنىڭ بۇ ماكانىمىز ئۆلۈم ۋە خەۋپتىن خالىي، ھەممىدىن بىخەتەر جاي" دەپ ئويلاپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ جىلغىلاردا سۇغا غەرق بولۇشى، ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ تۇزلەڭلىكتە بوران ئاپىتىنىڭ ھالاكىتىگە دۇچار بولۇشى ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ئويلاپ تاغنى ماكان قىلىۋېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب بولسا كېرەك.

## بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش

ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى قىلماستىن، ئازغۇنلۇقنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپتۇ، يەنى تاشلارنى ئويۇپ، بۇتلارنى ياساپتۇ. نۇھ ۋە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋملىرىگە ئوخشاشلا تاشتىن ياسالغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشىپتۇ.

اللە ئۇلارنى تاشلاردىن خالىغانچە پايدىلىنالايدىغان "تاشلارنىڭ ھۆكۈمرانى" قىلغان ئىدى، ئەمما ئۇلار نادانلىقى سەۋەبىدىن تاشلارغا ئىبادەت قىلىپ، ئۆزىنى "تاشلارنىڭ قۇللىرى"غا ئايلاندۇرۇپتۇ.

ﷲ ئۇلارنى پاك رىزىق بىلەن ئەزىز قىلغان ئىدى، ئەمما ئۇلار تۇزكورلۇق قىلىپ ئۆز ـ ئۆزىنى خار قىلىپتۇ.

”شۇبھىسىزكى، ﷲ ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇپرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ“.

توۋا، ئۇلار تاشنى ئۆز قولى بىلەن ئويۇپ، ئۇنىڭدىن بۇتلانى ياسايدۇ ـ يۇ، بىراق، ئۆزى ياسىغان بۇتقا يەنە ئۆزى ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭغا باش ئۇرىدۇ.

كۈچلۈكنىڭ ئاجىزغا ئىبادەت قىلىشى، خوجايىنىنىڭ قۇلغا باش ئۇرۇشى نېمىدېگەن ئەخمىقانىلىق ـ ھە؟! ئۇلار ﷲقا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن ﷲ ئۇلارنى تېخىمۇ خار ۋە بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

## سالىھ ئەلەيھىسسالام

ﷲ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇپ، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشىنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن نۇھ ۋە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە پەيغەمبەر ئەۋەتكەندەك، ئۇلارغىمۇ پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلىپتۇ.

قەۋم ئىچىدە شەرەپلىك ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، ساغلام ئەقىل بىلەن چوڭ بولغان سالىھ ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە قايىل ئىدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى.

كىشىلەر راستلا ئۇنىڭدىن زور ئۈمىد كۈتەتتى، ھەتتا: ”ئۇزاققا قالماي سالىھ كاتتا ئادەم بولىدۇ، ئۇ ئارىمىزدىكى ئاقسۆڭەك بايلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ئۆي ـ ئىمارەتلىرى، گۈزەل باغۇ ـ بوستانلىرى بولىدۇ“ دېيىشەتتى.

ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ: ”ئوغلىمىز كەلگۈسىدە چوقۇم نۇرغۇن مال ـ بايلىققا ئىگە بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئاتقا مىنىپ سىرتقا چىقسا، ئۇنىڭ كەينىدە نۇرغۇنلىغان خىزمەتچى ـ چاكارلىرى بولىدۇ، ئادەملەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ: ‹بۇ پالانىنىڭ ئوغلى› دېسە، بىز ئۈچۈنمۇ زور شەرەپ بولىدۇ“ دېيىشەتتى.

ئەگەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ شېرىن چۈشى ئەمەلگە ئاشقان بولسا، ئۇلار نەقەدەر خۇشاللانغان بولار ئىدى ـ ھە؟! ئەگەر ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئوغلى

ھەققىدە ئېيتقان ماختاشلىرىنى ئاڭلىغان بولسا، خۇشاللىقتىن ئۇلارنىڭ بېشى كۆككە تاقاشقىدەك بولماسمىدى؟

بىراق، اللە باشقا بىر ئىشنى ئىرادە قىلىپتۇ، يەنى كىشىلەرنى زۇلمەتتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇنى پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلىشنى ئىرادە قىلىپتۇ.

ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىن يۇقىرى شان - شەرەپ، بۇنىڭدىن ئۈستۈن ھۆرمەت - ئىكرام نەدە بولسۇن؟!

## سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ”ئى قەۋمىم! اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر“ دەپتۇ.

بايلار يەپ - ئىچىش ۋە ئويۇن - تاماشا بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇلار ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك اللەنى ئۇنتۇپ، بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتى. بۇتلاردىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى، شۇڭا ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىشىپتۇ.

- تاققا-تۇققا سۆزلەۋاتقان كىم ئۇ؟ - دەپتۇ بايلار غەزەپلىنىپ.

- سالىھ دېگەن كىشى، - دېيىشىپتۇ چاكارلىرى.

- ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟

- اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ ۋە قىلغان ئەمەللىرىڭلارغا قارىتا سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ، مەن اللەنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى، - دەۋاتىدۇ.

- بىچارە، - دېيىشىپتۇ بايلار ۋە مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ.

- مۇشۇنداقمۇ پەيغەمبەر بولامدۇ؟ يا ئۇنىڭ ئوردا -ساراي، باغۇ - بوستانلىرى بولمىسا، يا تىرىلغۇ يېرى ۋە تۆزۈكرەك پۇل - مېلى بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ پەيغەمبەر دېگىلى بولسۇن؟! - دەپ سالىھنى ئىنكار قىلىشىپتۇ.

## بايلارنىڭ ساختا تەشۋىقاتى

بايلار بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامغا مايىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق ۋە نوپۇزىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، سالىھ ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى تارقىتىپ مۇنداق دېيىشىپتۇ:

”بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەر يېگەننى يەيدۇ، سىلەر ئىچكەننى ئىچىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىسىلەر. ئۇ سىلەرنى سىلەر ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلانغاندىن كېيىن تىرىلىسىلەر دەپ ئاگاھلاندۇرامدۇ؟ ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز ۋە تىرىلمىمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز)، بىز قايتا تىرىلمەيمىز، ئۇ پەقەت اللە نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدۇر، بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز“.

## بىز خاتا ئويلاپتىكەنمىز

كىشىلەر سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتىپتۇ. ئۇ كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن چەكلىگەن چاغدا، ئۇلار مۇنداق دەپتۇ:

”ئى سالىھ! سەن كىچىك ۋاقتىڭدا تولىمۇ ئەقىللىق بالا ئىدىڭ. بىز كەلگۈسىدە سېنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان كاتتا ئادەملەردىن بولىدۇ دەپ ئويلايتتۇق، بىراق، سەن ئۇنداق بولالمىدىڭ. ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ ھازىر بايلىقتا سەندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، سەن ھەقىقەتەن تەڭتۇشلىرىڭنىڭ كەينىدە قالدىڭ، سەن نامراتلىق يولىنى تۇتۇۋېلىپ، بىزنىڭ سەندىن كۈتكەن ئۈمىدىمىزنى يەردە قويدۇڭ، بىز سەن توغرۇلۇق ھەقىقەتەن خاتا ئويلاپتىكەنمىز، بىچارە ئاتا ـ ئاناڭغا ئۇۋال، سەن ئۇلارنىڭ ساڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىنى بىكار قىلدىڭ!“.

سالىھ ئەلەيھىسسالام بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قەۋمىنىڭ نادان ۋە ئاڭسىزلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم قەۋمىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە،

ئـۇلار: ”ســالـىھـنـىـڭ ئاتـا ـ ئانـىســىغا ئـۇۋال، ئـۇ ئاتـا ـ ئانـىـسـىـنـىـڭ ئـۆزىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتتى“ دېيىشىپتۇ.

## سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھىتى

ســالـىھ ئەلـەيـھىـسـسـالام ھـەمـىـشـە قـەۋمـىـگە نەسـىـھـەت قـىـلـىـپـتـۇ، ئـۇلارنى سەمىمىيلىك ۋە مېھرىبانلىق بىلەن الله تەرەپكە دەۋەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

”ئى قېرىنداشلىرىم! سىلەر ئۆزەڭلارنى مۇشۇ ئوردا ـ سارايلاردا مەڭگۈ تۇرىمىز، ئۆلمەي مەڭگۈ ياشايمىز دەپ ئويلامسىلەر؟ مۇشۇ باغۇ ـ بوستانلاردىن، زىرائەت ۋە دەل ـ دەرەخلەردىن مەڭگۈ پايدىلىنىمىز دەپ خىيال قىلامسىلەر؟ شۇڭلاشقا تاغلارنى تېشىپ ئۆي ـ ئىمارەت سالامسىلەر؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايسىلەر. قېنى ئويلاپ بېقىڭلارچۇ؟ ئاتا ـ ئاناڭلار نېمىشقا ئۆلۈپ كەتتى؟ ئۇلارنىڭمۇ ئوردا ـ سارايلىرى، باغۇ ـ بوستانلىقلىرى، باغچە ـ بۇلاقلىرى، ئېكىنزارلىق ۋە خورمىزارلىقلىرى بار ئىدى. ئۇلارمۇ تاغلارنى تېشىپ ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى سالغان ئىدى، بۇ بايلىقلار ئۇلارغا پايدا بەردىمۇ؟ ئۇلارنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالالىدىمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلالمىدى، ئۆلۈم پەرىشتىسى كەلگەن چاغدا، ئۇلار شەرتسىز جان تەسلىم قىلدى. ئەجىلىڭلار كەلگەن چاغدا، سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا ئۆلىسىلەر. الله سىلەرنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ مۇشۇ نېمەتلەر ئۈچۈن سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ“.

## مەن سىلەردىن ھەق ئالمايمەن

”ئى قېرىنداشلىرىم! سىلەر نېمىشقا مەندىن قاچىسىلەر؟ سىلەر نېمە دەپ مەندىن قورقىسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ پۇل-مېلىڭلارنى ئېلىۋالمايمەن، سىلەردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، مەن پەقەت سىلەرگە نەسىھەت قىلىپ، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىنى سىلەرگە يەتكۈزىمەن، ‹تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن›. قېرىنداشلىرىم! مەن سىلەرگە

سەممىلىك بىلەن نەسىھەت قىلىۋاتقان تۇرسام، نېمىشقا مېنىڭ نەسىھىتىمگە كىرمەيسىلەر؟ سىلەر نېمىشقا كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەۋالىدىغان؛ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان كىشىلەرگە نېمىشقا ئىتائەت قىلىسىلەر؟".

ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرەلمەي، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: "سەن ھەقىقەتەن سېھىر قىلىنغانلاردىنسەن، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسانسەن، ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىرەر مۆجىزە كەلتۈرۈپ باققىن".

## اللەنىڭ تۆگىسى

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: "سىلەرگە قانداق مۆجىزە كېرەك؟" دەپ سوراپتۇ.

ئۇلار: "ئەگەر سەن راستلا پەيغەمبەر بولساڭ، ئۇنداقتا، مۇنۇ تاغدىن بىر بوغاز تۆگە چىقارغىن، تۆگە كۆز ئالدىمىزدىلا تۇغسۇن" دەپتۇ.

ھەممىگە ئايانكى، تۆگە تۇپراقتىن ياكى تاشتىن ئۈنۈپ چىقمايدۇ، بەلكى، تۆگىدىن تۇغۇلىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ ئارقىلىق سالىھ ئەلەيھىسسالامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقچى ۋە ئۆزلىرىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماقچى بولۇپتۇ.

سالىھ ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە كەسكىن ئىشەنگەچكە، اللەقا دۇئا قىلىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشنى تىلەپتۇ. الله ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپتۇ، تاغدىن بىر بوغاز تۆگە چىقىپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا بوتىلاقلاپتۇ. كىشىلەر ھەيرانلىقتىن ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقىسى ئىمان كەلتۈرمەپتۇ.

## نۆۋەتلىشىش

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ: "بۇ اللەنىڭ تۆگىسى، اللەنىڭ مۆجىزىسى، سىلەرنىڭ تەلىۋىڭلارغا ئاساسەن الله ئۇنى سىلەرگە

يارىتىپ بەردى. شۇڭا سىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەڭلار! ‹ئۇنىڭغا يامانلىق قىلماڭلار، بولمىسا سىلەر بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇسىلەر›. بۇ ئاللاھنىڭ تۆگىسى، ئۇ ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئوتلايدۇ، ئاللاھ ياراتقان ئوت - چۆپلەرنى يەيدۇ. سىلەرنىڭ ئۇنى بېقىشىڭلار ۋە سۇغىرىشىڭلار ھاجەتسىز، شۇڭا ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار".

تۆگە ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە شەكلى ئۆزگىچە ئىدى، شۇڭا قەۋمىنىڭ چارۋا - ماللىرى ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ قاچاتتى. بىر كۈنى، ئۇ تۆگە سۇ ئىچكىلى كېلىۋىدى، قەۋمىنىڭ چارۋىلىرى ئۈركۈپ قاچتى.

سالىھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلارغا: "بۇ تۆگە بىلەن سىلەرنىڭ چارۋىلىرىڭلار نۆۋەت بويىچە سۇ ئىچسۇن، تۆگىنىڭ نۆۋىتىدە تۆگە ئىچسۇن، سىلەرنىڭ نۆۋىتىڭلاردا سىلەر سۇغىرىڭلار، بۇ تەرتىپكە خىلاپلىق قىلماڭلار" دەپتۇ.

## سەمۇدنىڭ ئاسىيلىقى

بىراق، ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق ۋە يوغانچىلىق قىلىپ: "نېمىشقا بىزنىڭ چارۋىلىرىمىز ھەر كۈنى سۇ ئىچمىگۈدەك؟ نېمىشقا ئۇ تۆگە بىلەن نۆۋەتلىشىپ سۇغارغۇدەكمىز؟" دەپ داۋراڭ سېلىشىپتۇ.

ئۇلار چارۋىلىرىنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋەتكەن بۇ تۆگىدىن جاق تويۇپتۇ. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئاللىقاچان ئۇلارنى بۇ تۆگىگە يامانلىق قىلىپ قويۇشتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە توسقان ئىدى، ئەمما ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئۇنتۇپ، بۇ تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىغا كېلىشىپتۇ.

- تۆگىنى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟ - دەپتۇ ئۇلار.

- مەن ئۆلتۈرەي، - دەپتۇ بىرەيلەن ۋە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، يەنە بىرەيلەنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى بەتبەخت تۆگىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، تۆگە چىققان ھامان بىرىنچىسى ئۇنىڭغا ئوق ئېتىپتۇ، ئىككىنچىسى ئۇنى بوغۇزلاپ، "ئاللاھنىڭ تۆگىسى"نى ئۆلتۈرۈپتۇ.

## ئازاب

سالىھ ئەلەيھىسسالام تۆگىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ، قاتتىق ئەپسۇسلىنىپتۇ ۋە قايغۇرۇپ كىشىلەرگە مۇنداق دەپتۇ: ”سىلەر ئۆيۈڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار، بۇ ۋەدە يالغان ئەمەس“.

شەھەردە توققۇز ئادەم بار ئىدى، ئۇلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلاتتى، ھەرگىز ياخشى ئىش قىلمايتتى. ئۇلار: ”بىز سالىھ ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنى كېچىدە بېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، ئەگەر باشقىلار بۇ ھەقتە سوراپ قالسا، بىزنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىمىز يوق دەيلى“ دەپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى، راستلا اللهنىڭ ئازابى يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە تۇرمۇش ئىشلىرى بىلەن بولۇۋاتقاندا، دەھشەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ قاتتىق يەر تەۋرەپتۇ، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، ھەممىسى ھالاك بولۇپتۇ.

كاپىر قەۋم ئۆلۈپ، شەھەر خارابىلىققا ئايلىنىپتۇ.

سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆئمىنلەر بۇ بەتبەخت شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۆلۈك ياتقان قەۋمىگە قاراپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ”ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم، لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمىدىڭلار“ دەپتۇ.

مانا بۈگۈن، ئاشۇ جايلاردا پەقەت خارابىلىق ئىزنالىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شامغا ماڭغان سەپىرىدە سەمۇد قەۋمى ياشىغان جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ساھابىلىرىگە: «ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بۇ ئادەملەرنىڭ تۇرالغۇسىغا كىرمەڭلار، ئەگەر كىرىپ قالساڭلار، يىغلىغان ھالەتتە كىرىڭلار، بولمىسا ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت سىلەرگىمۇ يېتىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئىدى.

”سەمۇد پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى، سەمۇد ھالاك بولسۇن!“.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# بەشىنچى قىسىم

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

### بۇتلارنى كىم چاقتى؟

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر شەھەردە تولىمۇ مەشھۇر بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى ئازەر بولۇپ، ئۇ بۇتلارنى ياساپ ساتىدىكەن.

بۇ شەھەردە يەنە ناھايىتى چوڭ بىر بۇتخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن بۇتلار بار ئىكەن. كىشىلەر بۇ بۇتلارغا باش ئۇرىدىكەن. ئازەرمۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا باش ئۇرىدىكەن.

### ئازەرنىڭ بالىسى

ئازەرنىڭ تولىمۇ ئەقىللىق بىر بالىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئىبراھىم ئىكەن. ئىبراھىم كىشىلەرنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭغا باش ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدىكەن.

ئىبراھىم بۇتلارنىڭ تاشتىن ياسالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى، ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى ۋە بىراۋغا قىلچىلىك پايدا ـ زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئۇ يەنە ئەگەر بۇتلارنىڭ ئۈستىگە چىۋىنلەر قونۇۋالسا ياكى بۇتلارنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇلغان تاماقلارنى چاشقانلار يەپ كەتسە، بۇتنىڭ ئۇلارنى ھەيدىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىكەن.

شۇڭا ئىبراھىم: ”كىشىلەر نېمىشقا بۇتلارغا سەجدە قىلىدىغاندۇ؟ نېمىشقا تىلەكلىرىنى بۇتلاردىن تىلەيدىغاندۇ؟“ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال

قويىدىكەن.

## ئىبراھىمنىڭ نەسىھىتى

بىر كۈنى ئىبراھىم ئاتىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

”ئاتا! سىز نېمىشقا بۇتلارغا ئىبادەت قىلىسىز؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا باش ئۇرىسىز؟ بۇتلار سۆزلىيەلمىسە، ئاڭلىيالمىسا، بىراۋغا قىلچىلىك پايدا - زىيان يەتكۈزەلمىسە، نېمىشقا تىلەكلىرىڭىزنى ئۇنىڭدىن تىلەيسىز؟ بۇتلار يەپ - ئىچمىسە نېمىشقا ئۇنىڭ ئالدىغا تاماق ۋە شارابلارنى تىزىپ قويىسىز؟“.

ئازەر چۈشەنمەستىن غەزەپلىنىپتۇ. ئىبراھىم قەۋمىگە نەسىھەت قىلىپتۇ، بىراق، ئۇلارمۇ چۈشەنمەستىن غەزەپلىنىپتۇ.

”ئۇلار بىر يەرگە كەتكەن چاغدا، مەن بۇتلارنى سۇندۇرۇپ تاشلايمەن، ئۇلار ئەنە شۇ چاغدا چۈشىنىپ قالىدۇ“ دەپتۇ ئىبراھىم ئۆز - ئۆزىگە.

## ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ تاشلايدۇ

بايرام يېتىپ كەپتۇ، چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم بايرام قىلغىلى چىقىپ كېتىپتۇ، ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى چىقىش ئالدىدا ئىبراھىمغا:

- سەن بىز بىلەن بىللە چىقمامسەن؟ - دەپتۇ.
- ياق، مەن ئاغرىپ قالدىم، - دەپتۇ ئىبراھىم.

كىشىلەر بايرامغا كەتكەندىن كېيىن، ئۆيدە يالغۇز قالغان ئىبراھىم بۇتلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ”قېنى سۆزلىمەمسىلەر؟ سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ بۇ تاماقلارنى يەپ، شارابلارنى ئىچمەمسىلەر؟“ دەپتۇ.

بىراق، بۇتلار تاشتىن ياسالغان بولغاچقا، ئۇلاردىن ھېچقانداق سادا كەلمەپتۇ.

- ھوي، سىلەرگە نېمە بولدى؟ سۆزلىمەيسىلەرغۇ؟ - دەپتۇ ئىبراھىم. بۇتلار يەنىلا سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇۋېرىپتۇ. غەزەپلەنگەن ئىبراھىم قولىغا پالتىنى ئېلىپ، بۇتلارنىڭ ھەممىنى چېقىپ تاشلاپتۇ. بىراق، چوڭ بۇتنى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ بوينىغا پالتىنى ئېسىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## بۇنى كىم قىلدى؟

كىشىلەر بايرامدىن قايتىپ كېلىپ، بۇتخانىغا كىرىپتۇ. بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن بۇتلارغا باش ئۇرۇپ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇپتۇ. بىراق، كىشىلەر بۇتلارنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن چۆچۈپ كېتىپتۇ، غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپتۇ.

- بىزنىڭ بۇتلىرىمىزنى كىم مۇنداق قىلدى؟ - دەپتۇ ئۇلار.

- ئىبراھىم ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق، ئېھتىمال شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن، - دېيىشىپتۇ ئۇلارنىڭ بەزىسى.

- ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى سەن مۇشۇنداق قىلدىڭمۇ؟ - دەپتۇ ئۇلار.

- (ياق، مەن ئەمەس) بەلكى، ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار! - دەپتۇ ئىبراھىم.

كىشىلەر بۇتلارنىڭ تاشتىن ياسالغانلىقىنى، تاشنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى؛ چوڭ بۇتنىڭمۇ ئوخشاشلا تاشتىن ياسالغانلىقىنى، باشقا بۇتلارنى چېقىپ تاشلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز ئورنىدىن مىدىر - سىدىر قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئىبراھىمغا: ”ئى ئىبراھىم! سەن بۇتلارنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ؟“ دەپتۇ ئۇلار.

- بۇتلار بىراۋغا پايدا - زىيان يەتكۈزەلمىسە، نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىسىلەر؟ ئۇ سۆزلىيەلمىسە ۋە ئاڭلىيالمىسا قانداقسىگە تىلەكلىرىڭلارنى ئۇلاردىن تىلەيسىلەر؟ سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟ سىلەردە ئەقىل يوقمۇ؟ - دەپتۇ ئىبراھىم ئۇلارغا.

ئۇلار قىلغىلى گەپ تاپالماي، خىجالەت ئىچىدە سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

## ئوت سوغۇق

كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ: ”ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئىبراھىم

بۇتلارنى چېقىپ تاشلاپ، ئىلاھلارغا ھاقارەت قىلدى، ئۇنى قانداق جازالىساق بولار؟“ دېيىشىپ ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشىپتۇ ۋە ئاخىرىدا: ”ئۇنى كۆيدۈرۈپ ئىلاھلىرىمىزغا ياردەم بېرەيلى“ دېگەن يەرگە كېلىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئوت يېقىپ، ئىبراھىمنى ئوتقا تاشلاپتۇ. بىراق، الله ئىبراھىمغا ياردەم بېرىپ، ئوتقا: ”ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن“ دەپتۇ.

بىردىنلا ئوت سوۋۇپ، ئىبراھىمغا سالقىنلىق بەخش ئېتىپتۇ. كىشىلەر ئوتنىڭ ئىبراھىمغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمىگەنلىكىنى، ئىبراھىمنىڭ ئوت ئىچىدە خۇشال ۋە خاتىرجەم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ.

## مېنىڭ پەرۋەردىگارىم كىم؟

بىر كېچىسى، ئىبراھىم بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ، (قەۋمىنى پاكىت ئارقىلىق قايىل قىلىش ئۈچۈن): ”بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر“ دەپتۇ. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي يۇلتۇز پېتىپ كېتىپتۇ، ”ياق، بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئەمەس، (چۈنكى، پەرۋەردىگار دېگەن يوق بولۇپ كەتمەيدۇ)“ دەپتۇ.

ئاي تۇغۇپتۇ، ”مانا، بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىم“ دەپتۇ. ئايمۇ پېتىپ كېتىپتۇ. ”ياق، بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئەمەس“ دەپتۇ. تاڭ ئېتىپ، ئاسمانغا قۇياش چىقىپتۇ. ”مانا بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىم، چۈنكى، بۇ ھەممىدىن چوڭ“ دەپتۇ. كەچ كىرىپ قۇياشمۇ پېتىپ كېتىپتۇ.

”ياق، بۇمۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئەمەس، چۈنكى، الله مەڭگۈ تىرىكتۇر، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، ئەبەدىي يوقالمايدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، ھېچنەرسە ئۇنى بويسۇندۇرالمايدۇ. يۇلتۇز ئاجىز، تاڭ ئۇنى بويسۇندۇرىدۇ، ئاي ئاجىز، قۇياش ئۇنى بويسۇندۇرىدۇ، قۇياش ئاجىز، كېچە ئۇنى بويسۇندۇرىدۇ، بۇلۇت ئۇنى توسۇۋالىدۇ. يۇلتۇز، ئاي ۋە قۇياش ئاجىز بولغاچقا ماڭا ياردەم بېرەلمەيدۇ، بەلكى، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان، ئەبەدىي يوقالمايدىغان، ھېچنەرسە ئۇنى بويسۇندۇرالمايدىغان تىرىك، كۈچلۈك ۋە ھەممىدىن غالىپ الله ماڭا ياردەم بېرىدۇ“ دەپتۇ.

## مېنىڭ پەرۋەردىگارىم الله

ئىبراھىم اللهنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى، اللهنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان، ئەبەدىي يوقالمايدىغان، ھېچنەرسە ئۇنى بويسۇندۇرالمايدىغان تىرىك، كۈچلۈك ۋە ھەممىدىن غالىب زات ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ.

ئىبراھىم يەنە اللهنىڭ يۇلتۇز، ئاي ۋە قۇياشنىڭ پەرۋەردىگارى، شۇنداقلا پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ.

الله ئىبراھىمنى ھىدايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ۋە دوست قىلىپ تالLاپتۇ. قەۋمىنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشقا ۋە ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن چەكلەشكە بۇيرۇپتۇ.

## ئىبراھىمنىڭ دەۋىتى

ئىبراھىم ئۆز قەۋمىنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپتۇ.

- سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟ - دەپ سوراپتۇ ئىبراھىم ئۇلاردىن.

- بۇتلارغا ئىبادەت قىلىمىز، - دەپتۇ ئۇلار.

- دۇئا قىلغان چېغىڭلاردا ئۇلار (دۇئايىڭلارنى) ئاڭلامدۇ؟ يا سىلەرگە پايدا -زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ ئىبراھىم ئۇلاردىن.

- ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايقىدۇق، - دەپتۇ ئۇلار.

ئىبراھىم ئۇلارغا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

”مەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلمايمەن، بەلكى، مەن بۇ بۇتلارنىڭ دۈشمىنىمەن، مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا ئىبادەت قىلىمەن، ‹ئۇ مېنى ياراتقان، ئۇ مېنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇ مېنى تاماق ۋە ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ، ئۇ مېنى قەبزى روھ قىلىدۇ، كېيىن يەنە تىرىلدۈرىدۇ.› بۇتلار يارىتالمايدۇ ۋە ھىدايەت قىلالمايدۇ، بىراۋغا تاماق ۋە ئىچىملىك بېرەلمەيدۇ، ئاغرىپ قالسا ساقايتالمايدۇ، ئۆلتۈرەلمەيدۇ ۋە تىرىلدۈرەلمەيدۇ“.

## پادىشاھنىڭ ئالدىدا

شەھەردە بىر زالىم پادىشاھ بار ئىدى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھقا سەجدە قىلىپ، ئۇنىڭغا باش ئۇراتتى. پادىشاھ ئىبراھىمنىڭ يالغۇز بىر اللهتىن باشقا ھېچكىمگە سەجدە قىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ۋە ئىبراھىمنى چاقىرتىپتۇ.

ئىبراھىم ئوردىغا كىرىپتۇ، ئۇ اللهتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىكەن.

- ئى ئىبراھىم سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ - دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

- مېنىڭ پەرۋەردىگارىم الله ، - دەپتۇ ئىبراھىم پادىشاھقا.

- الله دېگەن كىم؟ - دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

- الله دېگەن (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدىغان، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدىغان زات، - دەپتۇ ئىبراھىم.

- مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن، - دەپتۇ پادىشاھ ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ، بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ، ئاندىن:

- قانداق، مەنمۇ ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرەلەمدىكەنمەن؟ - دەپتۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا.

پادىشاھ تولىمۇ دۆت ھەم مۇشرىك ئىكەن، شۇڭا ئىبراھىم پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە ھەقنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە پادىشاھقا:

- الله كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (ئەگەر سەن ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك بولساڭ) قېنى ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن، - دەپتۇ.

(بۇنداق پاكىت ئالدىدا) پادىشاھ ئېغىز ئاچالماي قاپتۇ، ئۇ قىلغىلى گەپ تاپالماي خىجالەتكە پېتىپتۇ.

## ئاتىنى دەۋەت قىلىش

ئىبراھىم ئاتىسىنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، ئۇنىڭغا: "ئى ئاتا! سىز نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان ۋە كۆرمەيدىغان جانسىز بۇتقا ئىبادەت قىلىسىز؟ نېمىشقا قىلچىلىك پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنىسىز؟ جېنىم ئاتا! سىز شەيتانغا ئىبادەت

www.uyghurkitap.com

قىلماڭ، بەلكى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى مېھرىبان ﷲقا ئىبادەت قىلىڭ!“ دەپتۇ.

ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى غەزەپلىنىپ: ”ئاغزىڭنى يۇم، ئەگەر يەنە گەپ قىلىدىغان بولساڭ، مەندىن تاياقنى يەيسەن“ دەپتۇ ئىبراھىمغا.

ئىبراھىم تولىمۇ ئاقكۆڭۈل ۋە سەمىمى ئىدى، شۇڭا ئۇ ئاتىسىغا: ”ئامان بولۇڭ ئاتا، مەن كەتتىم، مەن بۇ يەردىن كېتىپ، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلاي“ دەپتۇ.

ئىبراھىم قاتتىق ئەپسۇسلىنىپتۇ. ئۇ باشقا بىر شەھەرگە كېتىپ، شۇ جايدا ﷲقا ئىبادەت قىلىشنى، كىشىلەرنى ﷲ تەرەپكە دەۋەت قىلىشنى ئىرادە قىلىپتۇ.

## مەككىگە

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، ئاتىسى ۋە پادىشاھ ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەچكە، ئۇ باشقا بىر شەھەرگە كېتىپ، شۇ جايدا ﷲقا ئىبادەت قىلىشنى ۋە كىشىلەرنى ﷲ تەرەپكە دەۋەت قىلىشنى ئىرادە قىلىپتۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، شەھەردىن چىقىپتۇ. ئۇ ئايالى ھاجەرنى ئېلىپ مەككىگە قاراپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا مەككە نە قۇدۇق ـ ئۆستەڭ، نە ئادەم ۋە ھايۋانات بولمىغان بىر جەزىرە ئىكەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى مەككىدە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قايتماقچى بولۇپتۇ.

ـ ئى ﷲنىڭ ئەلچىسى بىزنى تاشلاپ قەيەرگە بارىسىز؟ نە سۇ، نە يېمەكلىك بولمىغان بۇ جايدا بىزنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا سىزنى ﷲ بۇيرىدىمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ ھاجەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن.

ـ شۇنداق، بۇ ئىشقا مېنى ﷲ بۇيرىدى، ـ دەپتۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.

ـ ئۇنداقتا، ﷲ ھەرگىز بىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ـ دەپتۇ ھاجەر.

## زەمزەم بۇلىقى

ئىسمائىل قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ، ئانىسى ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سۇ ئىزدەپتۇ. بىراق، مەككىدە نە بۇلاق، نە ئۆستەڭ بولمىسا، قانداقمۇ سۇ تاپقىلى بولسۇن؟!

ھاجەر سۇ ئىزدەپ سەفا تېغى بىلەن مەرۋە تېغى ئوتتۇرىسىدا ئۇياندىن بۇيانغا يۈگرەپتۇ. اللە ھاجەر ۋە ئىسمائىلغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا سۇ پەيدا قىلىپ بېرىپتۇ.

زېمىندىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىشقا باشلاپتۇ. ئىسمائىل بىلەن ھاجەر سۇدىن قانغۇچە ئىچىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زېمىندا «زەمزەم» بۇلىقى ھاسىل بولۇپتۇ. اللە زەمزەمگە بەرىكەت بېرىپتۇ.

ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھەج قىلغىلى كەلگەن كىشىلەر زەمزەم سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ، ئۇنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كېتىدۇ.

كىچىك دوست، سىز زەمزەم سۈيىنى ئىچىپ باققانمۇ؟

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر مەزگىلدىن كېيىن مەككىگە قايتىپ كېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇپتۇ. ئۇ ئوغلى ئىسمائىل ۋە ئايالى ھاجەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئائىلە شاتلىقىغا چۆمۈپتۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەيەرگە بارسا، ئوغلى ئىسمائىل ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىللە بېرىپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا بارغانچە ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كېچىسى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇخلاۋېتىپ، ئوغلى ئىسمائىلنى بوغۇزلاپ، قۇربانلىق قىلىپ چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ ھەق پەيغەمبەر بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشىمۇ راست ئىكەن. ئۇ اللەنىڭ دوستى بولغاچقا، اللە ئۇنى چۈشىدە بۇيرىغان ئىشنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئوغلى ئىسمائىلغا: ”ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى اللەنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق

پىكرىڭ بار؟“ دەپتۇ. ”ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن“ دەپتۇ ئىسمائىل ئاتىسىغا.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قولىغا پىچاقنى ئېلىپ، ئوغلىنى كېيىنىگە سېلىپ، مىنا تېغىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىسمائىلنى بوغۇزلاش ئۈچۈن ئۇنى يەرگە يېنىچە ياتقۇزۇپ، بوغۇزىغا پىچاقنى سۇرۇپتۇ.

الله تائالا دوستى ئىبراھىمنىڭ ئۆزى بۇيرىغان ئىشنى ئەمەلىيەتتە قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى، اللهقا بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئوغلىغا بولغان مېھرىدىن قايسىسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سىناپ باقماقچى ئىكەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سىناقتىن ئۆتۈپتۇ. الله جىبرىئىل ئارقىلىق جەننەتتىن بىر قوچقارنى ئەۋەتىپ، ئىسمائىلنىڭ ئورنىدا قوچقارنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇپتۇ.

الله ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئەمەلىنى ياخشى كۆرگەچكە، بارلىق مۇسۇلمانلارنى قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىشقا (مال بوغۇزلاشقا) بۇيرۇپتۇ.

ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا اللهنىڭ رەھمەت ۋە سالامى بولسۇن!

## كەئبە

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىدە الله ئۈچۈن بىر ئۆي بىنا قىلىشنى ئىرادە قىلىپتۇ. چۈنكى، ئۆيلەر كۆپ بولسىمۇ، بىراق، مەخسۇس الله ئۈچۈن ئىبادەت قىلىنىدىغان ئۆي تېخى زېمىندا مەۋجۇت ئەمەسكەن. ئىسمائىلمۇ ئاتىسىغا ياردەملىشىپ، كەئبىنى بىنا قىلىشىپ بەرمەكچى بولۇپتۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل بىلەن تاغدىن تاش توشۇپ، ئۆز قولى بىلەن كەئبىنى بىنا قىلىپتۇ. ئاتا ـ بالا ئىككىسى اللهنى ئەسلەپ، اللهقا دۇئا قىلىپتۇ:

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن دۇئايىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، نىيىتىمىزنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن﴾.

ﷲ ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قوبۇل قىلىپ، كەئبىگە بەرىكەت بېرىپتۇ.

بىز ھەر بىر نامازدا كەئبىگە يۈز كەلتۈرىمىز، مۇسۇلمانلار ھەج مەزگىلىدە كەئبىگە بارىدۇ، كەئبىنى تاۋاپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ.

ﷲ كەئبىگە بەرىكەت بېرىپ، ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قوبۇل قىلغاي! ئىبراھىم، ئىسمائىل ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلغاي ـ ئامىن!

## بەيتۇل مۇقەددەس

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سارە ئىسىملىك يەنە بىر ئايالى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىسھاق ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسھاق بىلەن بىر مەزگىل شامدا تۇرۇپتۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام مەككىدە كەئبىنى بىنا قىلغاندەك، ئىسھاق ئەلەيھىسسالاممۇ شامدا ﷲ ئۈچۈن بىر ئۆي بىنا قىلىپتۇ.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام شامدا بىنا قىلغان بۇ مۇقەددەس ئۆي (بەيتۇل مۇقەددەس) مەسجىدۇل ئەقسا بولۇپ، ﷲ ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىپتۇ.

ﷲ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا بەرىكەت بەرگەندەك، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ بەرىكەت بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن پەيغەمبەرلەر ۋە پادىشاھلار دۇنياغا كېلىپتۇ.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ يەئقۇب ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ﷲ ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تاللاپتۇ، ئۇنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يۇسۇفنىڭ قۇرئان كەرىمدە ئاجايىپ گۈزەل بىر قىسسىسى بار.

كىچىك دوست! كېلىڭ مەن سىزگە يۇسۇفنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ بېرەي!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالتىنچى قىسسە

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالام

### ئاجايىپ چۈش

كىچىك يۇسۇف تولىمۇ چىرايلىق ۋە ئەقىللىق بالا ئىدى. ئۇنىڭ ئون بىر قېرىندىشى بولۇپ، ئاتىسى يەئقۇب باشقا بالىلىرىغا قارىغاندا، يۇسۇفكە بەكرەك ئامراق ئىدى.

بىر كېچىسى، يۇسۇف ئۇخلاۋېتىپ، ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ چۈشىدە 11يۇلتۇز ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ئۆزىگە سەجدە قىلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ يۇلتۇز ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ئادەمگە سەجدە قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي، بۇ ئاجايىپ چۈشتىن ھەيران بولۇپتۇ ـ دە، ئاتىسى يەئقۇبنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كۆرگەن چۈشىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ: ”ئى ئاتا! مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە 11 يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم“ دەپتۇ.

يەئقۇب پەيغەمبەر ئىدى، ئۇ بۇ چۈشنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا، ئوغلى يۇسۇفكە: ”ئى ئوغلۇم! ئىشلىرىڭدا الله ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، بۇ چۈش ئىلىم ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ بېشارىتى. پات ئارىدا زور ئىشلارغا مۇۋەپپەق بولىسەن. ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاقلارغا ئىلگىرى الله ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بەرگىنىدەك، ساڭىمۇ ۋە يەئقۇب ئەۋلادىغىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بېرىدۇ“ دەپتۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ياشانغان، تەجرىبىلىك كىشى ئىدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىنى، شەيتاننىڭ ئادەملەرنى قانداق ئازدۇرۇپ، ئۇنىڭغا قانداق زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ يۇسۇفكە: ”ئى ئوغلۇم! سەن بۇ چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭدىن بىرەرىگە ئېيتمىغىن،

بولمىسا ئۇلار ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ساختا دۈشمەنلىك قىلىپ قويۇشى مۇمكىن“ دەپتۇ.

## قېرىنداشلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى

يۇسۇفنىڭ بۇنيامىن ئىسىملىك يەنە بىر ئىنىسى بار ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام باشقا باللىرىغا قارىغاندا، يۇسۇف بىلەن بۇنيامىنغا بەكرەك ئامراق ئىدى. شۇڭا ئاكىلىرى ئۇ ئىككىسىگە ھەسەت قىلىپ: ”ئاتىمىز نېمىشقا يۇسۇف بىلەن بۇنيامىنغا ئامراق؟ نېمىشقا ئۇ ئىككىسىنى بىزدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ؟ بىز كۈچلۈك ۋە قاۋۇل تۇرۇپ، نېمىشقا ئاتىمىزنىڭ نەزىرىدە ئاشۇ ئىككى شۇمتەكچىلىك بولالمايمىز؟“ دەپ ئاچچىقلىناتتى.

يۇسۇف كىچىك بولغاچقا، ئاتىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئۇنتۇپ، ھېلىقى كۆرگەن چۈشىنى ئاكىلىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئاكىلىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقى تېخىمۇ كۈچىيىپ، يۇسۇفكە بولغان دۈشمەنلىكى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ.

بىر كۈنى، يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ:

- بىز يۇسۇفنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى ياكى يىراق بىر يەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتەيلى. شۇنداق قىلساق، بىز ئاتىمىزنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىگە ئۆزىچە ئېرىشەلەيمىز، - دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ.

- ياق، ئۇنى ئۆلتۈرمەي، يول بويىدىكى قۇدۇققا ئاپىرىپ تاشلىۋېتەيلى، يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلار ئېلىپ كەتسۇن، - دەپتۇ ئارىدىن بىرەيلەن.

- بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، - دېيىشىپ ھەممىسى شۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ.

## باللارنىڭ تەلپى

ئۇلار كېلىشىۋالغىنى بويىچە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىنىڭ يۇسۇفكە ھەسەت قىلىپ، ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇلارنىڭ يۇسۇفكە زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئاكىلىرى بىلەن بىر يەرگە بىللە ئەۋەتمەيتتى.

يۇسۇف ھەمىشە ئىنىسى بۇنيامىن بىلەن بىللە ئوينايتتى. ئاكىلىرى بۇنى ياخشى بىلىسىمۇ، ئۇلار يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاتىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

"ئى ئاتا! سەن نېمىشقا يۇسۇفنى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتمەيسەن؟ سەن نېمىدىن ئەنسىرەيسەن؟ ئۇ بىزنىڭ سۆيۈملۈك قېرىندىشىمىز، ھەممىمىز بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى تۇرساق، نېمىشقا ھەممىمىز بىللە بېرىپ، بىللە ئويناپ كەلمەيمىز؟ ‹ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ كىرسۇن، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز›" دەپتۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ياشانغان، ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان كىشى ئىدى، ئۇ يۇسۇفنىڭ ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ يۇسۇفتىن خاتىرجەم بولالماي، ئوغۇللىرىغا:

ـ سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن، ـ دەپتۇ.

ـ ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، بىز ئۇنىڭ يېنىدا تۇرساق، يەنە كېلىپ بىز قاۋۇل ۋە كۈچلۈك ياشلار تۇرساق، قاراپ تۇرۇپ ئۇنى بۆرىگە يەدۈرۈپ قويارمىزمۇ؟ ـ دېيىشىپ، ئاخىرى ئاتىسىنى يۇسۇفنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئەۋەتىشكە قايىل قىلىپتۇ.

## باياۋاندا

يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى ئاتىسىنىڭ يۇسۇفنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئەۋەتكەنلىكىدىن قاتتىق خۇشال بولۇشۇپتۇ.

ئۇلار باياۋانغا كېلىپ، يۇسۇفنى باياۋاندىكى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇلار نە كىچىك يۇسۇفكە، نە ياشانغان ئاتىسىغا ئىچ ئاغرىتماپتۇ.

يۇسۇف قۇدۇققا تاشلىنىپتۇ، چوڭقۇر ھەم قاراڭغۇ قۇدۇق يۇسۇفنى ئۆز قوينىغا ئاپتۇ.

الله يۇسۇفكە خۇشخەۋەر بېرىپ، ئۇنىڭغا: "قايغۇرما، قورقما، الله ھەقىقەتەن سەن بىلەن بىللە، ئۇزاققا قالماي سېنىڭ ھاياتىڭدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، قېرىنداشلىرىڭ ئالدىڭغا ئۆزى كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئۇلارغا ئۆزۈڭ ئېيتىپ بېرىسەن" دەپتۇ.

يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ، ئىشلىرىنى

تۆگەتكەندىن كېيىن، بىر يەرگە جەم بولۇپ: ”ئەمدى ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ بارىمىز؟“ دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ.

ئاردىن بىرەيلەن: ”ئاتىمىز: ‹ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن› دېگەن ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: ‹ئاتا سەن راست ئېيتىپتىكەنسەن، ئۇنى راستلا بۆرە يەپ كەتتى› دەيلى“ دەپتۇ.

ھەممىسى بۇ گەپكە قوشۇلۇپ: ”راست، شۇنداق دەيلى“ دېيىشىپتۇ. ئاردىن بىرەيلەن: ”بۇنىڭغا نېمىنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىمىز؟“ دەپ سوراپتۇ.

ئۇلار بىر قوچقارنى تۇتۇپ، ئۇنى بوغۇزلاپ، يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى قوچقارنىڭ قېنى بىلەن بوياپ: ”ھە، مانا ئەمدى ئاتىمىز بىزگە ئىشىنىدىغان بولدى“ دېيىشىپ خۇشال بولۇشۇپتۇ.

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا

ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشىپتۇ ۋە: ”ئى ئاتىمىز! يۇسۇفنى نەرسىلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق، (قايتىپ كەلسەك) ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ“ دېيىشىپتۇ.

ئۇلار يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى.

- مانا بۇ يۇسۇفنىڭ قانلىق كۆڭلىكى، - دەپتۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ پەيغەمبىرى، ياشانغان، پىشقەدەم كىشى ئىدى. ئۇ بالىلىرىغا قارىغاندا ئەقىللىق ۋە تەجرىبىلىك ئىدى. ئۇ قانغا بويالغان كۆڭلەكنىڭ ھېچ يېرى يىرتىلمىغان، ساپ - ساق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قانىنىڭ يالغانلىقىنى، ”بۆرە ھېكايىسى“نىڭ يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقىنى بىلىپ، بالىلىرىغا: ”بۇ ھېكايىنى سىلەر توقۇپ چىقتىڭلار، ‹مەن چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن›“ دەپتۇ.

شۇنداقتىمۇ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇفكە بولغان قايغۇسى كۆنسېرى ئېشىپ بېرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## يۇسۇف قۇدۇقتا

يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى ئۆيگە قايتىپ، ئىسسىق تاماق يەپ، يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

يۇسۇف بولسا نە تاماق، نە كۆرپە يوق قاراڭغۇ قۇدۇقتا يالغۇز تۈنەپ چىقىپتۇ.

يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى يۇسۇفنى ئۇنتۇپ، ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. يۇسۇف بولسا ئاكىلىرىنىڭ قىلغىنىنى ئويلاپ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ.

يۇسۇف قۇدۇقتا تۇرۇپ ئاتىسىنى ئويلىسا، ئاتىسى ئۆيدە تۇرۇپ يۇسۇفنى ئەسلەپتۇ.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ، باياۋاننى زۇلمەت بېسىپتۇ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ياۋايى هايۋانلارنىڭ هۇۋلىغان ئاۋازى هەممە تەرەپتىن ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ.

## قۇدۇقتىن ئوردىغا

بىر كۈنى، بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتۈپتۇ، ئۇلار سۇ ئىزدەپ هېلىقى قۇدۇقنى كۆرۈپ، بىر ئادەمنى سۇ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئادەم سۇ ئېلىش ئۈچۈن سوغىسىنى قۇدۇققا تاشلاپتۇ. بىراق سوغا ناهايىتى ئېغىرلاپ كېتىپتۇ. ئۇنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقارسا، سوغىدا بىر ئوغۇل بالا تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ هەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن سۇچى: "خۇش خەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا" دەپ ۋارقىراپتۇ. كارۋاندىكىلەرمۇ بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپتۇ ۋە مەخپىي هالدا "بالا"نى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

كارۋان مىسىرغا يېتىپ كېلىپ، بالىنى ساتماقچى بولۇپتۇ ۋە ئۇنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ: "بۇ بالىنى كىم سېتىۋالىدۇ؟" دەپ توۋلاپتۇ.

بالىنى مىسىر پادىشاھى بىر قانچە تەڭگىگە سېتىۋاپتۇ. تىجارەتچىلەر ئۇنىڭ يۇسۇف ئىكەنلىكىنى بىلمەي پۇلغا سېتىۋېتىپتۇ.

پادىشاھ ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە ئايالىغا: "ئۇنى ياخشى كۈتكىن، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇرىدۇ" دەپتۇ.

## ئىشەنچ ۋە ئامانەت

پادىشاھنىڭ ئايالى يۈسۈفنى خىيانەت قىلىشقا ئۈندەپتۇ. بىراق، يۈسۈف ئۇنىڭ تەلىۋىنى كەسكىن رەت قىلىپ: ”ياق، مەن خوجايىنىمغا خىيانەت قىلمايمەن، چۈنكى، ئۇ مېنى ھۆرمەتلىدى ۋە ماڭا ياخشىلىق قىلدى، مەن اللهتىن قورقىمەن“ دەپتۇ.

خانىشنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، يۈسۈفنى پادىشاھقا چېقىشتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئايالىنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى، يۈسۈفنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئايالىغا: ”سەن ھەقىقەتەن خاتالاشتىڭ“ دەپتۇ.

يۈسۈف مىسىردا گۈزەللىكى بىلەن ھەممىگە مەشھۇر بولۇپتۇ. ئۇنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم: ”بۇ ئادەمزات ئەمەس، بەلكى بىر ئېسىل پەرىشتىدۇر“ دېيىشىپتۇ.

يۈسۈف خانىشنىڭ پادىشاھقا خىيانەت قىلىش تەلىۋىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، غەزىپىنى باسالمىغان خانىش يۈسۈفكە: ”ئۇنداقتا زىندانغا تاشلىنىسەن“ دەپتۇ.

”سەن مېنى ئۈندىگەن ئىشتىن كۆرە، زىندان ماڭا سۆيۈملۈكتۇر“ دەپتۇ يۈسۈف.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، پادىشاھ يۈسۈفنى زىندانغا تاشلاشقا ئەمر قىلىپتۇ، گەرچە پادىشاھ يۈسۈفنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بىراق يەنىلا يۈسۈفنى زىندانغا تاشلاپتۇ.

## زىنداندىكى نەسىھەت

يۈسۈف زىندانغا تاشلىنىپتۇ، زىنداندىكى مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈفنىڭ بىلىملىك، كۆيۈمچان ۋە ئالىيجاناب ياش ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەپتۇ. يۈسۈف بىلەن ئۇچرىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىدىن خۇشاللىنىپتۇ.

زىندانغا يۈسۈف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى يۈسۈفكە سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دەپتۇ: ”مەن چۈشۈمدە ئۈزۈمنى (ئۈزۈمدىن) ھاراق سىقىۋاتقان كۆرۈپتىمەن“. ئىككىنچىسى: ”مەن چۈشۈمدە ئۈزۈمنى بېشىمدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغان،

نانى قۇشلار يەۋاتقان كۆرۈپتىمەن“ دەپتۇ ۋە يۇسۇفتىن كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىشنى سوراپتۇ.

يۇسۇف اللهنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى بىلەتتى. شۇ زاماندىكى ئادەملەر بولسا، اللهنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلاتتى. ئۇلار كۆپلىگەن ئىلاھلارنى پەيدا قىلغان بولۇپ، ”ماۋۇ قورۇقلۇق ئىلاھى، ماۋۇ دېڭىز ئىلاھى، ماۋۇ رىزىق ئىلاھى، ماۋۇ يامغۇر ئىلاھى“ دەپ ئاتايتتى.

يۇسۇف كىشىلەرنىڭ ئاشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىردە ئەپسۇسلىنىپ يىغلىسا، بىردە ئۇلارنىڭ ئەخمىقانىلىقلىرى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىپ كۈلەتتى. يۇسۇف ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايتتى، شۇڭا ئۇ كىشىلەرنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش قارارىغا كېلىپتۇ.

الله بۇ ئىشلارنىڭ زىنداندا ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىرادە قىلىپتۇ. ئەجەبا مەھبۇسلار نەسىھەتكە، مېھىر-شەپقەتكە موھتاج ئەمەسمۇ؟ مەھبۇسلار اللهنىڭ بەندىسى، ئادەم ئاتىنىڭ باللىرى ئەمەسمۇ؟

گەرچە يۇسۇفنىڭ جىسمى زىنداندا بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى ئەركىن دۇنيادا پەرۋاز قىلاتتى. يۇسۇف گەرچە ماددىي جەھەتتە نامرات بولسىمۇ، مەنىۋي جەھەتتە ھەقىقەتەن باي ۋە سېخىي ئىدى.

پەيغەمبەرلەر ھەر قانداق جايدا ھەقىقەتنى ئاشكارا جاكارلايدۇ.

پەيغەمبەرلەر ھەر قانداق زاماندا ياخشىلىقنى كەڭرى تارقىتىدۇ.

## يۇسۇفنىڭ پاراستى

يۇسۇف ئۆز كۆڭلىدە مۇنداق دەپتۇ: ”بۇ ئىككىسى چوقۇم ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئالدىمغا كەلدى، ھاجەتمەنىنىڭ قۇلىقى يۇمشاق بولىدۇ، ئەگەر مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ھەقنى سۆزلىسەم، ئۇلار مېنىڭ قىلغان سۆزۈمنى ئەتائەتچانلىق بىلەن ئاڭلايدۇ، قىلغان نەسىھىتىمنى ئۇلارمۇ، زىنداندىكى باشقا مەھبۇسلارمۇ ئاڭلايدۇ، بۇ بىر ياخشى پۇرسەت“.

يۇسۇف ئۇلارغا چۈشىنىڭ تەبىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىرىماپتۇ ۋە ئۇلارغا: ”ئىككىڭلارغا سىرتتىن تاماق كىرىشتىن بۇرۇنلا، مەن ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن، بۇنى ماڭا پەرۋەردىگارىم

بىلدۈرگەن (يەنى چۈشۈڭلارغىمۇ توغرا تەبىر بېرەلەيمەن)“ دەپتۇ.

ئۇ ئىككىسى بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇپ، خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. يۈسۈپ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، زىنداندىكىلەرگە قىلماقچى بولغان نەسىھەتنى باشلاپتۇ.

## تەۋھىدنى چۈشەندۈرۈش

يۈسۈف مۇنداق دەپتۇ: ”بۇنى ماڭا پەرۋەردىگارىم بىلدۈرگەن، اللە ئۆز ئىلمىنى ھەممە ئادەمگە، جۈملىدىن مۇشرىكقا بىلدۈرمەيدۇ. پەرۋەردىگارىمنىڭ بۇنى ماڭا نېمە ئۈچۈن بىلدۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىلەر؟ چۈنكى مەن مۇشرىكلارنىڭ يولىنى تاشلاپ، ئەجدادلىرىم - ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، ھېچقانداق نەرسىنى اللەقا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس“.

يۈسۈف سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: ”مانا بۇ تەۋھىد، تەۋھىد يالغۇز بىزگىلا خاس ئەمەس، بەلكى، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ. ‹بۇ اللەنىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ›“.

يۈسۈف بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن مۇنداق دەپ سوراپتۇ: ”سىلەر قۇرۇقلۇق ئىلاھى، دېڭىز ئىلاھى، رىزىق ئىلاھى، يامغۇر ئىلاھى دەيسىلەر، بىز پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى يالغۇز بىر اللە دەيمىز. قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ‹تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىر اللە ياخشىمۇ؟›، سىلەر دەۋاتقان قۇرۇقلۇق ئىلاھى، دېڭىز ئىلاھى، رىزىق ئىلاھى، يامغۇر ئىلاھى دېگەنلەر قېنى؟ ‹ئۇلار زېمىننىڭ قايسى قىسمىنى ياراتقانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، ياكى ئاسمانلارنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ اللە بىلەن ئورتاقلىقى بارمۇ؟. سىلەر ئاسمان ۋە زېمىنغا قاراڭلار، ئىنسانغا قاراڭلار، ‹ مانا بۇلار اللەنىڭ (ياراتقان) مەخلۇقاتلىرىدۇر، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلاركى، اللەتىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتى؟›، سىلەر ئاتىۋالغان قۇرۇقلۇق ئىلاھى، دېڭىز ئىلاھى، رىزىق ئىلاھى، يامغۇر ئىلاھى دېگەنلەر زادى نېمە ئۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ ‹پەقەت سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا - بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىنىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت›، ھۆكۈمرانلىق اللە ئۈچۈن، پادىشاھلىق اللە ئۈچۈن، زېمىن اللە ئۈچۈن، بىر

تەرەپ قىلىش ھوقۇقى اللە ئۈچۈن. سىلەر پەقەت يالغۇز بىر اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، مانا بۇ توغرا دىندۇر، بىراق، كىشىلەرنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ“.

## چۈشنىڭ تەبىرى

يۇسۇف نەسىھەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارغا چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ، مۇنداق دەپتۇ: ”سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ) خوجايىنىغا هاراق قۇيۇپ بېرىدۇ (يەنى ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ)، يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ، كاللىسىنى قۇشلار يەيدۇ“.

يۇسۇف ئۇلارنىڭ بىرسىگە (يەنى ساقىيغا): ”مېنى خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ قويغىن“ دەپتۇ.

دەرۋەقە، يۇسۇف ئېيتقاندەك ئۇلار زىنداندىن چىقىپ، بىرسى پادىشاھنىڭ ساقىيسى بولۇپتۇ، يەنە بىرسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىپتۇ. ساقىي پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۇسۇفنى ئەسلەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، يۇسۇف زىنداندا يەنە بىر نەچچە يىل يېتىپ قاپتۇ.

## پادىشاھنىڭ چۈشى

مىسىر پادىشاھى ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، ئۇ چۈشىدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ ئاجايىپ چۈشتىن هەيران قېلىپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن بۇ چۈشكە تەبىر بېرىپ بېقىشنى سوراپتۇ.

- ئۇخلىغان ئادەم چۈشىدە نېمىلەرنى كۆرمەيدۇ، بۇ چۈشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق، - دېيىشىپتۇ ئۇلار. ساقىي:

- ياق، مېنىڭچە بۇ چۈشنىڭ چوقۇم مەنىسى بار، مەن سىلەرگە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىمەن، - دەپتۇ ۋە دەرھال زىندانغا بېرىپ، يۇسۇفتىن پادىشاھنىڭ چۈشنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ.

يۇسۇف ئالىيجاناپ، سېخىي، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولغاچقا، ئۇ ساقىيغا چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇلارغا يول

كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

”سىلەر يەتتە يىل تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ھەر يىللىق يېغىۋېلىنغان ئاشلىقتىن ئازراق ئىشلىتىپ، قالغىنىنى باشىقى بىلەن قويۇپ قويۇڭلار. چۈنكى شۇندىن كېيىن قەھەتچىلىك يىللار باشلىنىدۇ، بۇ چاغدا سىلەر ئالدىنقى يىللاردا ساقلاپ قويغان ئاشلىقنى ئاز-ئازدىن ئىشلىتىسىلەر. قەھەتچىلىك يەتتە يىل داۋاملىشىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قەھەتچىلىك ئاخىرلىشىپ، پاراۋانلىق باشلىنىدۇ“.

ساقىي ئوردىغا قايتىپ، پادىشاھقا چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپتۇ.

## پادىشاھ يۇسۇفكە ئەلچى ماڭدۇرىدۇ

پادىشاھ چۈشىنىڭ تەبىرىنى ۋە يۇسۇفنىڭ قانداق قىلىش ھەققىدىكى تەدبىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ ھەمدە: ”بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بەرگەن كىشى كىم؟ يالغۇز چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى، بىزگە يول كۆرسىتىپ، سەمىمىي نەسىھەت قىلغان كىشى كىم؟“ دەپ سوراپتۇ.

- ئۇ راستچىل يۇسۇف، ئۇ ماڭىمۇ ئالىيلىرىنىڭ ساقىيسى بولىدىغانلىقىمنى ئالدىن ئېيتىپ بەرگەن ئىدى، - دەپتۇ ساقىي پادىشاھقا.

پادىشاھ يۇسۇف بىلەن ئۇچرىشىشقا ناھايىتى ئىنتىزار بولۇپ، ئەلچى ماڭدۇرۇپتۇ ۋە: ”يۇسۇفنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ خاس ئادىمىم قىلىمەن“ دەپتۇ.

## يۇسۇف تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ

پادىشاھنىڭ ئەلچىسى زىندانغا كېلىپ، يۇسۇفكە پادىشاھنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق، يۇسۇف زىنداندىن بۇنداقلا چىقىپ كېتىشكە ئۇنىماپتۇ. چۈنكى، كىشىلەر: ”يۇسۇف دېگەن بۇ ئادەم پادىشاھقا خىيانەت قىلىپ زىندانغا تاشلانغان گۇناھكار“ دېيىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

يۇسۇف بۇ نۇقتىنى ياخشى چۈشىنەتتى، ئۇ ئەقىللىق ۋە غورۇرلۇق بولغاچقا، زىنداندىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىماپتۇ. مۇبادا ئۇنىڭ ئورنىدا

باشقا ئادەم بولغان بولسا، پادىشاھنىڭ ئەلچىسى كېلىپ، ئۇنىڭغا: ”پادىشاھ سېنى چاقىرىدۇ، ئۇ سېنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ“ دېگەن بولسا، شۇ ھامان ھېچنېمىگە قارىماي ئىشىككە ئۆزىنى ئاتقان بولاتتى.

بىراق، يۇسۇف ئۇنداق قىلماپتۇ، بەلكى، پادىشاھنىڭ ئەلچىسىگە: ”مەن تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن، پادىشاھ مېنىڭ مەسىلەمنى تەكشۈرسۇن“ دەپتۇ.

پادىشاھ تەكشۈرگەندىن كېيىن، يۇسۇفنىڭ پاكلىقى ئىسپاتلىنىپتۇ. ئۇنىڭ پاك ۋە گۇناھسىزلىقى پادىشاھقا ۋە خەلقى - ئالەمگە ئايان بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، يۇسۇف ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن زىنداندىن چىقىپتۇ.

## خەزىنە باشقۇرغۇچى

يۇسۇف كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچنىڭ كۈنسېرى ئازىيىپ، خىيانەتنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ ئوچۇقتىن ئوچۇق ئامانەتكە خىيانەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

گەرچە زېمىندا خەزىنىلەر كۆپ بولسىمۇ، بىراق زايا بولۇپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، خەزىنە باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلار اللهتىن قورقمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىتلىرىنىڭ ئالدىدا يېمەكلىك ئېشىپ - تېشىپ تۇرسىمۇ، نامراتلار يېگىلى بىر نەرسە تاپالمايتتى. ھوقۇقدارلار تاۋار - دۇردۇنلار بىلەن يۈركۈنۈپ ياشايتتى، ئەمما، نامراتلار يەنىلا ئاچ - يالىڭاچ ياشاشقا مەجبۇر ئىدى.

دېمەك، زېمىننىڭ خەزىنىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەزىنە باشقۇرغۇچى چوقۇم ئىشەنچلىك ۋە بىلىملىك ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئەگەر خەزىنە باشقۇرغۇچىدا بۇ ئىككى سۈپەت تەڭ تېپىلمىسا، خەزىنىلەرنىڭ جايلاشقان ئورنىنى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ يوللىرىنى بىلمەسلىكى، بىلگەن تەقدىردىمۇ خالىغانچە يەپ - ئىچىپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

يۇسۇف ئىشەنچلىك ھەم بىلىملىك بولۇپ، بۇ ئىككى سۈپەت ئۇنىڭدا تەڭ تېپىلاتتى. ئۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە يەۋېلىشىغا يول قويمايتتى. نامراتلارنىڭ ئاچ - يالىڭاچلىقتىن ئۆلۈپ

كېتىشىگە بولسا تېخىمۇ قاراپ تۇرالمايتتى.

يۈسۈف ھەقنى سۆزلەشتىن خىجىل بولمايتتى، شۇڭا ئۇ پادىشاھقا: ”مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەققەتەن (ئۇنىڭ باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن“ دەپتۇ.

يۈسۈف مىسىرنىڭ خەزىنە باشقۇرغۇچىسى بولۇپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئادالەت بىلەن ئىش تۇتقانلىقىدىن خۇشاللىنىپ، اللهقا ھەمدۇسانا ئېيتىپتۇ.

## يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى كەلدى

يۈسۈف ئالدىن خەۋەر قىلغاندەك مىسىر ۋە شام قاتارلىق جايلاردا قەھەتچىلىك يۈز بېرىپتۇ. شاملىقلار جۈملىدىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام مىسىردا كۆيۈمچان، سېخىي ۋە ئالىيجاناب بىر كىشىنىڭ خەزىنە باشقۇرغۇچى بولغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاشلىق ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئوغۇللىرىنى مىسىرغا بېرىپ ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

بۇنيامىن ئاتىسىنىڭ يېنىدا قاپتۇ. چۈنكى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىشىنى خالىمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۈسۈف پاجىئەسىنىڭ قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى مىسىرغا كېلىپ، يۈسۈفنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. بىراق، ئۇلار ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ ئۆزلىرى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن يۈسۈف ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ. چۈنكى، ئۇلار يۈسۈفنى ئاللىقاچان قۇدۇقتا ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلايتتى. دېمىسىمۇ ياۋايى ھايۋانلار ھۇۋلاپ تۇرغان باياۋاندىكى قاراڭغۇ ھەم چوڭقۇر قۇدۇققا تاشلانغان ئادەم ئۆلمەي قالالامتىمۇ؟

يۈسۈف ئۇلارنى تونۇپتۇ، ئەمما ئۇلار يۈسۈفنى زادىلا تونۇماپتۇ. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا يۈسۈفنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىدى، ئەمما الله ئۇنى قوغداپ قالدى. گەرچە يۈسۈف بۇلارنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، بىراق، ئۇلارغا ھېچ نەرسە دېمەپتۇ ۋە ئۇلارنى خىجالەتتە قالدۇرماپتۇ.

## يۇسۇف بىلەن قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدا

- سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟ - دەپ سوراپتۇ يۇسۇف ئۇلاردىن.
- كەنئاندىن كەلدۇق، - دەپتۇ ئۇلار.
- ئاتاڭلار كىم؟
- ئاتىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام.
- سىلەرنىڭ باشقا قېرىندىشىڭلارمۇ بارمۇ؟
- شۇنداق، بىزنىڭ بۇنيامىن ئىسىملىك يەنە بىر قېرىندىشىمىز بار.
- ئۇ نېمىشقا سىلەر بىلەن كەلمىدى؟
- ئاتىمىز ئۇنى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىشىنى خالىمايدۇ.
- نېمىشقا؟ ئۇ ئاتاڭلار سىلەر بىلەن بىللە ئەۋەتمىگۈدەك بەك كىچىكمۇ؟
- ياق، ئانچە كىچىك ئەمەس، راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ يۇسۇف ئىسىملىك بىر ئاكىسى بار ئىدى، بىر قېتىم بىز ئۇنى ئويناتقىلى ئېلىپ بارغان ئىدۇق، ئۇنى نەرسىلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق، (قايتىپ كەلسەك) ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، شۇڭلاشقا ئۇنى ئاتىمىز بىز بىلەن بىللە ئەۋەتمەيدۇ.

يۇسۇف بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچىدە كۈلۈپتۇ. گەرچە ئۇلارغا بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، قېرىندىشى بۇنيامىننى قاتتىق سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ.

يۇسۇف قېرىنداشلىرىغا ئاشلىق بۇيرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا: "ئىككىنچى قېتىم كەلگەن چېغىڭلاردا ئاتا بىر قېرىندىشىڭلار بۇنيامىننى ئېلىپ كېلىڭلار، بولمىسا سىلەرگە ئاشلىق بېرىلمەيدۇ" دەپتۇ ھەمدە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ماللارنى ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇشقا بۇيرۇپتۇ.

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا

ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ، ئۇنى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار

قىلغاندىن كېيىن: ”بۇ قېتىم قېرىندىشىمىز بۇنيامىننى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، بولمىسا پادىشاھنىڭ ئالدىدا بىزگە ياخشىلىق يوق“ دەپتۇ ۋە ئاتىسىدىن بۇنيامىننى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ: ”بۇ قېتىم بىزگە ئىشەنگىن، ‹بىز ئۇنى چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىمىز›“ دەپتۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”ئىلگىرى مەن سىلەرگە يۇسۇفنى تاپشۇرغاندا ئىشەنگەندەك ئىشىنەمدىم؟ (مەن سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئۇنى ساقلىشىڭلارغىلا ئىشەنمەيمەن)، سىلەر يۇسۇف ھېكايىسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ سىلەر بۇنيامىننىمۇ يۇسۇفنى مۇھاپىزەت قىلغاندەك مۇھاپىزەت قىلماقچىمۇ؟ اللە ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىباندۇر“.

ئۇلار ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان ماللارنى يۈك ـ تاقلىرىنىڭ ئارىسىدا كۆرۈپ، ئاتىسىغا: ”پادىشاھ ئېسىل ئادەمكەن، ئۇ بىزگە ماللىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ، ئۇ بىزدىن ئاشلىقنىڭ پۇلىنى ئالماپتۇ، سەن بۇنيامىننى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئاشلىقنى قوشۇپ ئالايلى“ دەپتۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”سىلەر قېرىندىشىڭلارنى قوغداش يولىدا ھالاك بولمىساڭلارلا، ئۇنى ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ كېلىشكە اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ، ۋەدە بەرمىگۈچە، ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە ئەۋەتمەيمەن“ دەپتۇ.

ئۇلار اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ، ۋەدە بېرىپتۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام: ”بىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمىزگە اللە گۇۋاھتۇر“ دەپتۇ. ئاندىن: ”ئى ئوغۇللىرىم! (مىسىرغا) ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار“ دەپ تاپىلاپتۇ.

## بۇنيامىن يۇسۇفنىڭ قېشىدا

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم دەرۋازىلاردىن كىرىپ، يۇسۇف بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. يۇسۇف قېرىندىشى بۇنيامىننى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرۈپتۇ.

يۇسۇف بۇنيامىنغا: ”مەن سېنىڭ ئاكاڭ يۇسۇف بولىمەن“ دەپ بۇنيامىننى خاتىرجەم قىلىپتۇ. كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق يىللار بولغان ئاكا ـ ئۇكا ئاتا ـ ئانىسىنى، ئائىلىسىنى، بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلەپ قىزغىن پاراڭلىشىپتۇ.

يۇسۇف بۇنيامىننى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، ھىجرانلىق يىللارنىڭ داغلىرىنى ۋىسال سۈلىرى بىلەن يۇيۇشنى ئىراده قىلىپتۇ. بىراق، ئاكىلىرى ئاتىسىغا بۇنيامىننى چوقۇم ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان تۇرسا، ئۇنى كەنئانغا قايتۇرماي قانداقمۇ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغىلى بولسۇن؟!

ئەگەر يۇسۇف بۇنيامىننى سەۋەبسىزلا تۇتۇپ قالسا، كىشىلەر: ”پادىشاھ كەنئانلىقنى سەۋەبسىزلا تۇتۇپ قالدى، بۇ بىر ناھەقچىلىق“ دېيىشمەمدۇ؟

يۇسۇف بۇ جەھەتتە ئاقىلانىلىق بىلەن ئىش كۆرۈپتۇ. ئۇ بىر دانە قىممەت باھالىق قەدەھنى بۇنيامىننىڭ يۈكى ئىچىگە سېلىپ قويۇشقا ئەمر قىلىپتۇ. ئۇلار قايتىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، جاكارچى:

ـ سىلەر ئوغرى ئىكەنسىلەر، ـ دەپ ۋارقىراپتۇ. ئاكىلىرى ئۇلاردىن:

ـ نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ پادىشاھنىڭ (تامغىسى بېسىلغان) قەدەھنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە (مۇكاپات ئۈچۈن) بىر تۆگە ئاشلىق بېرىلىدۇ، ـ دەپتۇ جاكارچى.

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلمىدۇق، بىز ئوغرى ئەمەسمىز“ دەپتۇ ئۇلار.

ـ سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا ئوغرىنىڭ جازاسى نېمە؟ (ئەگەر قەدەھ يۈكۈڭلاردىن چىقىپ قېلىپ) يالغانچى بولۇپ قالساڭلارچۇ؟ ـ دەپتۇ يۇسۇفنىڭ خىزمەتچىلىرى.

ـ ئۇنىڭ جازاسى قەدەھ بىلەن تېپىلغان ئادەمنى قۇل قىلىش، زالىملارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز ـ دەپتۇ ئۇلار.

يۇسۇفنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئاختۇرۇپ، قەدەھنى بۇنيامىننىڭ يۈكى ئىچىدىن تېپىپتۇ. ئاكىلىرى بۇنىڭدىن خىجىل بولۇپتۇ ـ يۇ، كارزاپلىق بىلەن:

ـ ئەگەر ئۇ (بۈگۈن) ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قېرىندىشى

يۈسۈفمۇ ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلغان، ـ دەپتۇ.
يۈسۈف بۇ بوھتاننى ئاڭلاپمۇ ئاچچىقلانماي سۈكۈت قىلىپتۇ.
ـ ئى ئالىيجاناب زات! ئۇكىمىزنىڭ (ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان) بىر قېرى ئاتىسى بار، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن ھېسابلايمىز، ـ دەپتۇ ئۇلار.
ـ خۇدا ساقلىسۇن، نەرسىمىزنى كىمنىڭ يۈكىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز، ـ دەپتۇ يۈسۈف.
شۇنداق قىلىپ، يۈسۈف بۇنيامىننى قېشىدا ئېلىپ قاپتۇ، ئىككى قېرىنداش قايتىدىن جەم بولغانلىقىدىن خۇشاللىنىپتۇ. الله بۇنيامىننى يۈسۈفكە ئۆزى ئەكىلىپ بەرگەن تۇرسا، ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قالمىسا بولامدۇ؟!

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قانداق بېرىشنى بىلەلمەي، ئويغا پېتىپتۇ. ئۇلار تونۇگۇنلا يۈسۈفنى يوقاتقان ئىدى، مانا بۈگۈن بۇنيامىننى يوقاتتى، ئاتىسىغا بۇلارنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟
ئوغۇللارنىڭ چوڭى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى رەت قىلىپ، ئۇكىلىرىغا: ”سىلەر قايتىپ كېتىپ ئاتاڭلار بىلەن كۆرۈشۈڭلار، ئاندىن ئېيتىڭلاركى، ئى ئاتىمىز! سېنىڭ ئوغلۇڭ راستلا ئوغرىلىق قىلدى، بىز پەقەت بىلگەن نەرسىمىز ئۈستىدىلا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىمىز، بىز غەيبنى بىلمەيمىز (يەنى ساڭا ۋەدە بەرگەن چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدۇق) دەڭلار“ دەپ تاپىلاپتۇ.
ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ، بولغان ئەھۋاللارنى بايان قىلىپتۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشتا اللهنىڭ قولى بارلىقىنى، اللهنىڭ ئۆزىنى ئىمتىھان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇ تونۇگۇن يۈسۈفنى يوقاتقان ئىدى، مانا بۈگۈن بۇنيامىندىن ئايرىلدى. الله ھەرگىزمۇ ئۇنى ئىككى ئوغلىنىڭ پىراقىغا قويمايدۇ، بۇنىڭدا چوقۇم اللهنىڭ يوشۇرۇن قولى بار، بۇنىڭدا چوقۇم اللهنىڭ يوشۇرۇن ھېكمىتى بار، الله بەندىلىرىنى ئىمتىھان قىلىدۇ ئاندىن ئۇلارغا ئىنئام قىلىپ، ئۇلارنى

خۇشاللاندۇرىدۇ، بۇ ﷲنىڭ قانۇنىيىتى.

چوڭ ئوغۇل كەنئانغا قايتماي، مىسىردا قېلىپ قالغان ئىدى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، ﷲتىن زور ئۈمىد كۈتۈپ، مۇنداق دەپتۇ: ”ئۇلارنىڭ (يەنى ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسىنى ماڭا دەرقەمتە قىلىپ بېرىشىنى ﷲتىن تىلەيمەن. ﷲ ھەقىقەتەن (مېنىڭ ھالىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر“.

## سىر ئېچىلدى

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرىكىمۇ بىر پارچە تاش ئەمەس، بەلكى ئىنسان يۈرىكى ئىدى. ئۇ ھەمىشە يۇسۇفنى ئەسلەيتتى، ”ئاھ يۇسۇف“ دەپ ھەسرەت چېكەتتى.

بالىلىرى ئۇنىڭغا مالامەت قىلىپ: ”سەن يۇسۇفنى ئويلاۋېرىپ ئۆزۈڭنى تۈگەشتۈرۈۋالىدىغان بولدۇڭ“ دەپ تاپا ـ تەنە قىلاتتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام: ”مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت ﷲ قىلا ئېيتىمەن، ﷲنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىمەن“ دەيتتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئىنساننى كۇپۇرغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ﷲتىن زور ئۈمىد كۈتەتتى. شۇڭا ئۇ بالىلىرىنى مىسىرغا بېرىپ، يۇسۇف بىلەن بۇنيامىننى ئىزدەشكە، ﷲنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماسلىققا بۇيرۇپتۇ.

ئوغۇللار ئۈچىنچى قېتىم مىسىرغا كېلىپتۇ. ئۇلار يۇسۇفنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ موھتاجلىق ۋە قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى ئېيتىپ، پادىشاھنىڭ مەرھەمەت قىلىشىنى سوراپتۇ.

يۇسۇف قېرىنداشلىرىنىڭ ”پادىشاھ“قا (يەنى پادىشاھ سالاھىيىتىدىكى يۇسۇفكە) يالۋۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماپتۇ. مېنىڭ قېرىنداشلىرىم، پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ موھتاجلىق ۋە قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى ئېيتىپ، دۇنيانىڭ پادىشاھلىرىغا يالۋۇرسا بولامدۇ؟ مەن قاچانغىچە ئەملىي ئەھۋالنى ئۇلاردىن يوشۇرىمەن؟ مەن قاچانغىچە ئاتام بىلەن كۆرۈشمەي

يۈرىۋېرەمەن؟

ئاخىرى يۈسۈف ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ئۇلارغا: ”سىلەر نادان ۋاقىتىڭلاردا يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىغا نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟“ دەپتۇ.

يۈسۈف بىلەن ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايدىغان بۇ سىرنى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يۈسۈف ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، ھەيرانلىقتىن: ”سۇبھانەللاھ! يۈسۈف تېخى ھاياتمۇ؟ ئۇ قۇدۇقتا ئۆلۈپ كەتمىگەنمۇ؟ يۈسۈف مىسىر پادىشاھىمۇ؟ يۈسۈف خەزىنە باشقۇرغۇچىمۇ؟ بىزگە ئاشلىق بۇيرۇپ بەرگەن كىشى يۈسۈفمۇ؟“ دېيىشىپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىگە سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ راستلا يۈسۈف ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ:

ـ سەن راستلا يۈسۈفمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ شۇنداق، مەن يۈسۈف بۇ مېنىڭ ئىنىم. اللە بىزگە مەرھەمەت قىلدى. كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەۋر قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى اللە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، ـ دەپتۇ.

ـ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللە سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق، ـ دېيىشىپتۇ ئۇلار.

يۈسۈف ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەيىبلىمەپتۇ، بەلكى، ئۇلارغا:

ـ اللە سىلەرنى كەچۈرسۇن، اللە ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر، ـ دەپتۇ.

## يۈسۈف يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن تېزراق ئۇچرىشىشقا ئىنتىزار بولۇپتۇ. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن تۇرسا، قانداقمۇ ئىنتىزار بولمىسۇن؟ سىر ئېچىلغان تۇرسا، ئەمدى قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن؟ ئاتىسىنىڭ يىگىنى يېگەن، ئىچكىنى ئىچكەن بولمايۋاتسا، ئوغلى كۆڭلىرىنى قانداقمۇ خاتىرجەم ھالدا يەپ ـ ئىچىپ، ئۇخلاپ ئۆتكۈزەلىسۇن؟

سىر ئېچىلدى، سىر ئاشكارا بولدى، ئەمدى دىدارلاشماي قانداقمۇ چىداپ

تۇرغىلى بولسۇن؟

يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام تولا يىغلاپ، تولا قايغۇرۇپ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلەكمنى ئېلىپ بېرىپ، ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ، پۈتۈن ئائىلەڭلەرنى ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار“ دەپتۇ.

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا

ئوغۇللار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلەكنى ئېلىپ، كەنئانغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھىدىنى ئېلىپ: ”مەن چوقۇم يۈسۈفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن“ دەپتۇ. ئۇلار (يەنى يەئقۇبنىڭ نەۋرىلىرى ۋە يېنىدىكى كىشىلەر):

- ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن تېخى يەنىلا بۇرۇنقى قايمۇقۇشۇڭدا ئىكەنسەن، - دەپتۇ.

خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە تاشلىغان ھامان ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ، ئۇ:

- مەن سىلەرگە: ‹ﷲنىڭ بىلدۈرىشى بىلەن سىلەر بىلمىگەن ئىشلارنى بىلىمەن› دېمىگەنمىدىم، - دەپتۇ. ئۇلار:

- ئى ئاتىمىز! گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بىزگە مەغپىرەت تىلىگىن، بىز ھەقىقەتەن خاتالاشتۇق، - دېيىشىپتۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام:

- پەرۋەردىگارىمدىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن. ﷲ گۇناھلارنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، - دەپتۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام مىسىرغا يېتىپ كېلىپتۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپتۇ. سىز ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ھەققىدە سورىمايلا قويۇڭ.

ئۇ كۈنى مىسىرلىقلار ئۈچۈن بايرام كۈنى بولۇپتۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاتا - ئانىسىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى (شاھلارغا تەزىم قىلىش ئادىتى بويىچە) يۈسۈفكە سەجدە قىلىشىپتۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام: ”ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، ئۇ چۈشۈمنى پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى؛ مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە 11 يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ

ماڭا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم“ دەپتۇ ۋە ﷲقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىپتۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىر مەزگىل مىسىردا تۇرۇپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

## ياخشى ئاقىۋەت

پادىشاھلىق يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ﷲنى ئۇنتۇلدۇرالماپتۇ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتەلمەپتۇ. چۈنكى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھەردائىم ﷲنى ئەسلەيتتى، ﷲقا ئىبادەت قىلاتتى ۋە ﷲتىن قورقاتتى.

ئۇ ﷲنىڭ ھۆكمى بىلەن ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، ﷲنىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلاتتى، پادىشاھلىقنى ئالاھىدە بىر ئىش دەپ قارىمايتتى، ئۇ پادىشاھلارنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلۈپ، ئۇلار بىلەن بىللە تىرىلدۈرۈلۈشنى ئەمەس، بەلكى، ئادەتتىكى بەندىنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلۈپ، سالىھلار بىلەن بىللە تىرىلدۈرۈلۈشنى خالايتتى. شۇڭا ئۇ ﷲقا دۇئا قىلىپ، مۇنداق دەيتتى:

”پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن“.

ﷲ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلىنغانلاردىن قىلغاي! ئۇنى ئەجدادلىرى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا قوشقاي! ئۇلارغا ۋە بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ﷲنىڭ رەھمەت ۋە سالامى بولغاي!

www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى قىسسە

## مۇسا ئەلەيھىسسالام

### كەنئاندىن مىسىرغا

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام باللىرى بىلەن مىسىرغا كۆچۈپتۇ. چۈنكى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىسىرنىڭ پادىشاھى، مىسىرلىقلارنىڭ خوجىسى ئىدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى كەنئاندا قوي بېقىپ، سۈت سېغىپ، يۇڭ ئېگىرىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. يۇسۇفنىڭ خىزمەتچىلىرى بولسا، مىسىردا پاراۋان تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇلار مىسىرغا بارماي كەنئاندا نېمە ئىش قىلسۇن؟

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى كەنئاندىن مىسىرغا كۆچۈرۈپ كېلىپتۇ. چۈنكى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاتا - ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى كۆرمىگىچە ئۇنىڭغا غىزا تېتىمايتتى. ئۇ مىسىردا يالغۇز تۇرسا قانداقمۇ ئۇنىڭغا غىزا تېتىسۇن؟ قانداقمۇ تۇرمۇشتىن كۆڭلى سۆيۈنسۇن؟ ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرى كەنئاندا كىچىك ئۆيلەردە ئولتۇرسا، ئۇ مىسىردا كاتتا ئوردا - قەسىرلەردە نېمە ئىش قىلسۇن؟

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام باللىرىنى ئېلىپ، مىسىرغا كېلىپتۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپتۇ ۋە خۇشاللىقتىن يايراپ كېتىپتۇ.

مىسىرلىقلار خوجىسى ۋە پادىشاھى يۇسۇفنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشاللىق قوشۇپتۇ. چۈنكى،

ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشىلىقى ۋە مېھىر - شەپقىتىگە نائىل بولۇپ، ئۇنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئېسىل ئائىلىنىمۇ ياخشى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە دوست ھېسابلاپتۇ.

ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى كۆيۈمچان نەسىھەتچى قېرىندىشى سۈپىتىدە كۆرگەنلىكى ئۈچۈن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئالىيجاناب ئېسىل ئاتا ئورنىدا كۆرۈپتۇ. چۈنكى، ئۇ مىسىرلىقلارنىڭ پېشىۋاسى، ۋەتەنىنىڭ ئاتىسى ئىدى، مىسىرلىقلار بولسا ئۇنىڭغا نىسبەتەن پەرزەنتلىرىنىڭ ئورنىدا ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى مىسىرغا يەرلىشىپ، ئاخىرى مىسىر ئۇلارنىڭ ۋەتىنىگە ئايلىنىپتۇ.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن

بىر مەزگىلدىن كېيىن، يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قايغۇرۇپتۇ. باشقا مىسىرلىقلارمۇ گويا ئاتىسىدىن ئايرىلغان بالىدەك ئۇنىڭغا قايغۇرۇپ، ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئۇنى دەپنە قىلىپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر مەزگىل ئۆتۈپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپتۇ. بۇ كۈن مىسىرلىقلار ئۈچۈن قايغۇلۇق كۈن بولۇپتۇ. مىسىر ئاھالىسى قاتتىق قايغۇرۇپ، ياش تۆكۈپ يىغلاپتۇ. گويا ئادەملەرگە بۈندىن ئىلگىرى مۇسىبەت يېتىپ باقمىغاندەك، بۇرۇنقى غەم - قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپتۇ.

كىشىلەر ئۇنى دەپنە قىلىپ، بىر - بىرىگە تەسەللىي بېرىشىپتۇ. چۈنكى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھەممە ئادەمگە نىسبەتەن ئوخشاش ئىدى، كىچىكلەر ئاتا ئورنىدا كۆرسە، چوڭلار قېرىندىشى قاتارىدا كۆرەتتى.

كىشىلەر يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە بالىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغا تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: ”ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى! ئى ئالىيجاناب زاتلار! قايغۇرماڭلار، بىزنىڭ بۈگۈنكى قايغۇ ھەسرىتىمىزمۇ سىلەرنىڭ قايغۇ ھەسرىتىڭلاردىن ھەرگىز كەم ئەمەس. بىز بۈگۈن كۆيۈمچان قېرىنداشتىن، شەپقەتلىك خوجايىندىن ۋە ئادىل پادىشاھتىن ئايرىلدۇق. ئۇ قۇللارغا ئاراملىق ئېلىپ كەلگەن، شەھەردىن زۇلۇمنى يوقاتقان ئىدى. ئۇ چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە زۇلۇم

قىلىشىنى چەكلىگەن، كۆچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يۇتۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىدى. ئۇ ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ھالىغا يەتكەن، خاتىرجەمسىزلەرنى خاتىرجەم قىلغان، ئاچ قالغانلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغان ئىدى. ئۇ مىسىرغا كېلىشتىن ئىلگىرى بىز ئاللەنى ۋە ئاخىرەتنى تونۇماي، ھايۋانلارچە تۇرمۇشتا ياشايتتۇق. ئۇ مىسىرغا كېلىپ بىزنى ھىدايەت يولىغا يېتەكلىگەن، ئاللە تەرەپكە دەۋەت قىلغان ئىدى. ئۇ بىزنى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ئىدى، باشقا شەھەردىكى كىشىلەر ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتقاندا، بىزگە تويغۇدەك تاماق بەرگەن ئىدى. ئى پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى! بىز ھۆرمەتلىك پادىشاھىمىزنى، سىلەرنىڭ ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئائىلەر تەۋەلىرى ئىكەنلىكىڭلارنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز. سىلەر مىسىرغا كەلگەن چاغدا خوجايىنىمىز قانداق خۇشال بولغان بولسا، بىزمۇ شۇنداق خۇشال بولغان ئىدۇق. شەھەرنى ئۆز شەھىرىمىز دەپ بىلىڭلار، بىز پادىشاھىمىزنىڭ دەۋرىدە سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغان بولساق، بۇندىن كېيىنمۇ ھېلىھەم شۇنداق مۇئامىلىدە بولىمىز“.

## ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مىسىردا

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، مىسىرلىقلار كەنئانلىقلارنىڭ پەزىلىتىنى ئۇنۇتماي، ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرۇپتۇ.

بىراق، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى دەپ ئاتالغان بۇ كەنئانلىقلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ نوپۇز ۋە بايلىق ئىگىلىرىگە ئايلىنىپ قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگىرىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپتۇ، كىشىلەرنى ئاللە تەرەپكە دەۋەت قىلىشنى تاشلاپ، مال ـ دۇنياغا دۈم چۈشۈپتۇ.

مانا ئەمدى ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەردىن نەسەبتىن باشقا تەرەپلەردە پەرقلەنمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قىلىپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ بايلىرىغا كۆز قىزارتىپ، نامراتلىرىنى كەمسىتىدىغان بولۇپتۇ.

مانا ئەمدى مىسىرلىقلار ئۇلارغا باشقا شەھەردىن كەلگەن يات ”كەلگۈندى“گە قارىغاندەك قارايدىغان بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپتۇ، ئۇلار: ”ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ مىسىردا ھېچقانداق ھەققى يوق، ئۇلار باشقا شەھەردىن كەلگەن، مىسىر بولسا

مىسىرلىقلارغا مەنسۇپ. يۈسۈپ كەنئاندىن كەلگەن بىر مۇساپىر ئىدى، ئۇنى پادىشاھ سېتىۋالغان، شۇڭا ئۇنىڭ مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى يوق" دەپ قاراپتۇ. بارا - بارا كىشىلەر يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ياخشىلىقى ۋە مېھىر - شەپقىتىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ.

## مىسىر پادىشاھى فىرئەۋن

مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىدە فىرئەۋن ئولتۇرۇپتۇ. فىرئەۋن زالىم پادىشاھ بولۇپ، ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى، ئۇلارنى دۈشمەن تۇتاتتى، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى، مىسىر پادىشاھى يۈسۈفنىڭ جەمەتى دەپ قارىمايتتى ھەتتا ئۇلارنى رەھىم - شەپقەت ۋە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك ئادەتتىكى ئىنسان دەپمۇ قارىمايتتى.

ئۇنىڭ قارىشىچە، يەرلىك مىسىرلىقلار بولغان قىبتىلار باشقا بىر تەبىقە، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى بولسا ئايرىم بىر تەبىقە ئىدى. يەنى قىبتىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان پادىشاھلار تەبىقىسى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى بولسا پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان قۇللار تەبىقىسى ئىدى.

فىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا گويا ھايۋانغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلارنى ھايۋاننى خورلىغاندەك خورلايتتى. زالىم فىرئەۋن ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلايتتى، ﷲقا ئىشەنمەيتتى، بەلكى، ئۆزىنى: "مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن" دەيتتى.

ئۇ پادىشاھلىقى، ئوردا - قەسىرلىرى ۋە ھوقۇق - ئىمتىيازى بىلەن مەغرۇرلىنىپ: "مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى، ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ (مېنىڭ بۇ بۈيۈكلۈكۈمنى) كۆرمەيۋاتامسىلەر؟" دەيتتى.

فىرئەۋن زالىملىقتا بابىل پادىشاھى نەمرۇدنىڭ ئىز باسارى ئىدى، ئەگەر ئۇ بىرەر ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلسە، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولاتتى.

كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا، سەجدە قىلىشقا، ئىتائەت قىلىشقا ئەمر قىلاتتى. ئىسرائىل ئەۋلادلىرى بولسا، ﷲقا ۋە ﷲنىڭ

پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن فىرئەۋنگە ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلىشنى رەت قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەبلىك فىرئەۋننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدى.

## بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈش

قىبتىلىق كاھىن فىرئەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: ”ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدە بىر بوۋاق تۇغۇلىدۇ، سىنىڭ پادىشاھلىقىڭ ئۇنىڭ قولىدا ۋەيران بولىدۇ“ دەپتۇ.

فىرئەۋننىڭ ساراڭلىقى تۇتۇپ، چېرىكلەرنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدە تۇغۇلغان ھەر قانداق بوۋاقنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

پادىچى ئۆزىنىڭ قويلىرىدىن خالىغانىنى بوغۇزلاپ، خالىغانىنى قالدۇرۇپ قويغاندەك فىرئەۋنمۇ ئۆزىنى ئادەملەرنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ، خالىغانچە ھايات قالدۇرۇالايدىغان ”پەرۋەردىگار“ ھېسابلايتتى.

فىرئەۋننىڭ چارلىغۇچى چېرىكلىرى شەھەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تارقىلىپ، ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدە تۇغۇلغان بوۋاقنى قەيەردە تاپسا، ئۇنى شۇ يەردە خۇددى ئوغلاقنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ.

بۆرە ـ تۈلكىلەر باياۋاندا، يىلان ـ چايانلار شەھەرلەردە ئەركىن ياشايتتى، ئۇلارغا ھېچكىم چېقىلمايتتى. بىراق، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدە تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ فىرئەۋن مەملىكىتىدە ياشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مىڭلىغان بوۋاق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆزى ئالدىدىلا ئۆلتۈرۈلمەكتە ئىدى.

ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدە بىرەر بوۋاق تۇغۇلغان كۈن مۇسىبەت، غەم ـ قايغۇ، تەسەللىي، ماتەم، مەرسىيە كۈنى ئىدى. قۇربان ھېيتتا بىر كۈندىلا يۈزلىگەن قوي كاللار بوغۇزلانغاندەك، بىر كۈندىلا يۈزلىگەن بوۋاقلار بوغۇزلىناتتى.

”شۈبھىسىزكى، فىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا (زومىگەرلىكتە) ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن بىر تائىفە (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى)نى بوزەك قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇردى، فىرئەۋن

ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى“.

## مۇسانىڭ تۇغۇلۇشى

الله فىرئەۋن قورقۇپ ۋە ئەنسىرەپ تۇرغان ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئىرادە قىلىپتۇ.

الله ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق فىرئەۋن پادىشاھلىقىنى ۋەيران قىلىشنى، ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى فىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇشنى، ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق كىشىلەرنى بەندىنىڭ قۇللۇقىدىن اللهنىڭ قۇللۇقىغا، زۇلمەتتىن نۇرغا چىقىرىشنى تەقدىر قىلغان بوۋاق دۇنياغا كېلىپتۇ.

بۇ بوۋاق ئىمران ئوغلى مۇسا ئىدى. ئۇ فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ چارلىغۇچى چېرىكلىرىنىڭ نازارەت قىلىۋاتقىنىغا قارىماي، يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ، ئۈچ ئايلىق بولۇپتۇ.

## نىل دەرياسى

فىرئەۋننىڭ چارلىغۇچى چېرىكلىرى شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى چالا قويماي ئاختۇرۇۋاتاتتى، مۇسانىڭ ئانىسى ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ. چېرىكلەر ئوغلىغان بوۋاقنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن تارتىۋالغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئەنسىرىمەي تۇرالىسۇن؟

چارلىغۇچىلار ھەممە يەردە قاغىدەك قاقىلداپ، ھەممە يەرنى ئىتتەك پۇراپ يۈرۈۋاتسا، بىچارە ئانا قانداق قىلىدۇ؟ سۆيۈملۈك بوۋىقىنى قەيەرگە يوشۇرىدۇ؟

الله بىچارە ئانىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بالىسىنى ساندۇققا سېلىپ، ئۇنى نىل دەرياسىغا قويۇۋېتىشنى ئىلھام قىلىپتۇ.

الله ھەقىقەتەن كاتتىدۇر! بىچارە ئانا بوۋاقنى ساندۇققا سېلىپ، نىل دەرياسىغا قويۇۋېتىشكە قانداق چىدايدۇ؟ ئۇنى ساندۇقتا كىم ئېمىتىدۇ؟ ئۇ ساندۇقتا قانداق نەپەسلىنىدۇ؟ ئانا بۇلارنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق،

ئاخىرقى ھېساپتا يەنىلا اللهقا تەۋەككۇل قىلىپتۇ، اللهنىڭ ۋەھىيسىگە تايىنىپتۇ.
ئۆيدە بالىنى ساقلاپ قالغىلى بولمىسا، ھەممە جايدا بوۋاقلارنىڭ دۈشمىنى ماراپ تۇرسا، قاغىنىڭ كۆزىدەك كۆزى، پىلنىڭ بۇرنىدەك بۇرنى بار چېرىكلەر ھەممە جاينى چالا قويماي ئاختۇرۇۋاتسا، بۇنىڭدىن باشقا قانداق ئامال بولسۇن؟!
ئانا اللهنىڭ بۇيرىقىغا ئاساسەن بالىسىنى ساندۇققا سېلىپ، نىل دەرياسىغا قويۇۋېتىپتۇ. كېيىنكى ئىشلارنى اللهقا تاپشۇرۇپ، بالىسىدىن ئايرىلىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپتۇ.
"مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۇردۇقكى: ‹مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز›".

## فىرئەۋننىڭ ئوردىسىدا

فىرئەۋننىڭ نىل دەرياسى ساھىلىدا كۆپلىگەن قەسىرلىرى بار ئىدى. ئۇ قەسىردىن قەسىرگە كۆچۈپ، دەريا ساھىلىدا كۆڭۈل ئاچاتتى.
بىر كۈنى، فىرئەۋن خانىش بىلەن بىللە نىل دەريا ساھىلىدىكى قەسىردە دەرياغا قاراپ تاماشا قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىزلا دەريا دولقۇنلىرى ئىچىدە بىر لەيلەپ، بىر چۆكۈپ ئېقىپ كېلىۋاتقان ساندۇققا كۆزى چۈشۈپتۇ.
- قارىسىلا ئالىيلىرى بىز تەرەپكە بىر ساندۇق ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ، - دەپتۇ خانىش فىرئەۋنگە.
- ساندۇق؟ دەريادا ساندۇق نېمە ئىش قىلىدۇ؟ دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ياغاچ پارچىسى بولسا كېرەك، - دەپتۇ فىرئەۋن.
- ياق، چوقۇم ساندۇق، - دەپتۇ خانىش ئىشەنچ بىلەن.
ساندۇق يېقىنلاپ كەپتۇ، "راست ساندۇق ئىكەن" دېيىشىپتۇ فىرئەۋن بىلەن خانىشنىڭ ئەتراپىدىكىلەر.
فىرئەۋن بىر خىزمەتچىنى ساندۇقنى سۈزۈپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ

بىرىپ ساندۇقنى دەريادىن سۈزۈۋېتۇ ۋە ئەكىلىپ ساندۇقنىڭ ئىغىزىنى ئېچىپتۇ. ساندۇقتا كۈلۈپ ياتقان بوۋاقنى كۆرگەن فىرئەۋن ۋە باشقا كىشىلەر ھەيرانۇ ھەس قېلىشىپتۇ.

- بۇ چوقۇم ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىرىنىڭ بوۋىقى، شۇڭا بۇنى ئۆلتۈرمەك لازىم، - دېيىشىپتۇ بىر قىسىم خىزمەتچىلەر.

خانىش بوۋاقنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قېلىپتۇ، بوۋاقنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپتۇ، ئۇ بوۋاقنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپتۇ. فىرئەۋندىن ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىكنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا: ”(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆزنۇرى (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالارمىز“ دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىمران ئوغلى مۇسا فىرئەۋن ئوردىسىغا كىرىپتۇ. فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ نازارەتچى چېرىكلىرىنىڭ بولغىنىغا قارىماي ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاپتۇ. ئۇلاردا قاغىنىڭ كۆزى، پىلنىڭ بۇرنى تۇرۇپمۇ، بۇ بوۋاقنىڭ بەنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ.

الله بوۋاقلارنىڭ دۈشمىنى فىرئەۋننىڭ پادىشاھلىقىنى ۋەيران قىلىدىغان بالىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە باقتۇرۇشنى ئىرادە قىلىپتۇ. ھاماقەت فىرئەۋن مۇسانىڭ ئىشىدا خاتالىشىپتۇ. ئۇنىڭ ۋەزىرى ھامان ۋە باشقا قوشۇنلىرىمۇ خاتالىشىپتۇ.

”فىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىق(نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى. شۈبھىسىزكى، فىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى خاتالاشقان ئىدى“.

## بوۋاقنى كىم ئېمىتىدۇ؟

يېڭى بوۋاق فىرئەۋن ئوردىسىدىكى ئەتىۋارلىق بالىغا ئايلىنىپتۇ، ھەممەيلەن ئۇنى قولىدىن قولغا ئېلىپ سۆيۈپتۇ، خانىش ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىپتۇ. ئوردا خانىشى ئۇنى ياخشى كۆرگەن تۇرسا، ئوردا خادىملىرى قانداقمۇ ئۇنى ياخشى كۆرمەي تۇرالىسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بوۋاق چىرايلىق بولغاچقا، ھەممىسى ئۇنى قولىدىن قولغا ئېلىپ سۆيۈپتۇ.

خانىش بوۋاقنى ئېمىتىدىغان ئىنىكئانا چاقىرتىپتۇ، ئۇ بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئېمىتمەكچى بولۇپتۇ. بىراق بوۋاق يىغلاپ، ئۇنى زادىلا ئەمگىلى ئۇنىماپتۇ. خانىش ئىككىنچى ئىنىكئانىنى چاقىرتىپتۇ، بوۋاق ئوخشاشلا ئۇنىمۇ ئەمگىلى ئۇنىماپتۇ. ئۈچىنچى، تۆتىنچى ھەتتا بەشىنچى ئىنىكئانىنى چاقىرتقان بولسىمۇ، ئەھۋال يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش بولۇپتۇ.

قىزىق ئىش! بوۋاق نېمىشقا ئەمگىلى ئۇنىمايدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئەمەي يىغلاۋېرىدىغاندۇ؟ ئىنىكئانىلار خانىشنى خۇشال قىلىش ۋە كۆپرەك مۇكاپاتقا ئېرىشىش مەقسىتىدە، بوۋاقنى ئېمىتىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بۇ شەرەپلىك خىزمەتتىن مەھرۇم بولۇپتۇ.

بوۋاق ئوردىدىكى پاراڭنىڭ تېمىسىغا ئايلىنىپتۇ، دېدەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا بوۋاقنىڭ پارىڭىنى قىلىشىپتۇ:

- سىڭلىم! يېڭى بوۋاقنى كۆردىڭىزمۇ؟

- كۆردۈم، ئۇ بەك چىرايلىقكەن، بىراق، ئۇ باشقا بوۋاقلارغا ئوخشىمايدىغان غەلىتە بوۋاق ئىكەن، ئۇ سۈت ئەمگىلى ئۇنىمايدىكەن.

- شۇنداق، ئۇ ئەمەي يىغلاۋېرىدىكەن، ئىنىكئانا ئېمىتىش ئۈچۈن قۇچىقىغا ئالسىلا، ئەمگىلى ئۇنىماي يىغلايدىكەن.

- بىچارە قانداقمۇ قىلار ـ ھە؟ ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟

- ئەمگىلى ئۇنىماي تۇرىۋەرسە، ئەلۋەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ ـ دە.

## ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا

بىچارە ئانا مۇسانىڭ ئاچىسىغا: "قىزىم، سەن بېرىپ قاراپ باققىن، ئۇكاڭ تىرىكمۇ ئەمەسمۇ؟ الله ئۇنى ماڭا ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋە ئۇنى ئۆزى قوغداشقا ۋەدە قىلغان" دەپتۇ.

مۇسانىڭ ئاچىسى بېرىپ، ئۇكىسىنى ئىزدەپتۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ پادىشاھ ئوردىسىدىكى چىرايلىق بوۋاق ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپتۇ:

- خانىش ئەسۋاندىن چاقىرتقان ئىنىكئانا كەلدىمۇ؟

- شۇنداق خېنىم، ئۇ كەلدى، بىراق، بوۋاق ئوخشاشلا ئەمەيۋاتىدۇ.

توۋا، بۇ بوۋاقتا نېمە بولغاندۇ؟ مۇشۇنىڭ بىلەن خانىش ئىنىكئانىدىن ئالتىنى چاقىرتىپ بولدى.

- شۇنداق، ئاڭلىشىمچە بۇ ئىنىكئانا بەك پاكىز ئايالمىش.

مۇسانىڭ ئاچىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: ''مەن شەھەردە بىر ئايالنى تونۇيمەن، ھەر قانداق بوۋاق ئۇنى ئوبدان ئىمىدۇ'' دەپتۇ ئەدەب ۋە سىپايىلىق بىلەن.

- بىر نېمە دېمەك تەس، خانىش مۇشۇنىڭ بىلەن ئىنىكئانىدىن ئالتىنى چاقىرتىپ بولدى، بىراق، بوۋاق زادىلا ئەمگىلى ئۇنىمىدى، - دەپتۇ بىر ئايال.

- ئۇنداقتا، ھېلىقى شەھەردىكى ئايالنى چاقىرتىپ سىناپ باقسا بولمامدۇ؟ ئېمىپ قالسا، ئەجەپ ئەمەس، - دەپتۇ يەنە بىر ئايال.

بۇ خەۋەر خانىشنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، قىزچاقنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: ''سەن بېرىپ ئاشۇ ئايالنى ئېلىپ كەلگىن'' دەپتۇ.

مۇسانىڭ ئانىسى كېلىپ، بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپتۇ. بوۋاق ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىپ، ئېمىشكە باشلاپتۇ. ئۇ بوۋاقنىڭ ئانىسى تۇرسا، بوۋاق ئۈچ كۈندىن بېرى قورسىقى ئاچ تۇرسا، نېمىشقىمۇ ئۇنى ئەممىسۇن؟!

خانىش ۋە ئوردا ئەھلى بۇنىڭدىن ئەجەپلىنىپتۇ، فىرئەۋن ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ:

- بۇ بالا نېمىشقا سېنى ئېمىدۇ؟ سەن ئۇنىڭ ئانىسىمۇ يا؟ - دەپتۇ.

- ياق، ئالىيلىرى! مەن سۈتلۈك تەملىك، شۇڭا ھەر قانداق بوۋاق مېنى ئېمىدۇ، - دەپتۇ مۇسانىڭ ئانىسى.

فىرئەۋن باشقا گەپ قىلماي، ئۇنىڭغا تەمىنات بۇيرۇپ بېرىپتۇ.

مۇسانىڭ ئانىسى ئوغلىنى قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىپتۇ.

''ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە اللەنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (اللەنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ''.

## فىرئەۋننىڭ ئوردىسىغا

مۇسانىڭ ئىمىش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنى ئوردىغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. مۇسا پادىشاھ ئوردىسىدا خۇددى شاھزادىگە ئوخشاش ئۆسۈپ يېتىلىپتۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىن پادىشاھ ۋە بايلاردىن قورقۇش تۇيغۇسى يوقۇلۇپتۇ.

ئۇ فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھوزۇر - ھالاۋەتتىن قانداق بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى، خان جەمەتىنىڭ ھوزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن بەنى ئىسرائىلنىڭ قانداق بەختسىز بولۇۋاتقانلىقىنى، پادىشاھ ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئۇلاغلىرىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن بەنى ئىسرائىلنىڭ قانداق ئاچ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭ بولۇپتۇ.

ئۇ پادىشاھ ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا خۇددى ئىت - ئېشەككە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنى خىزمەتكە سېلىپ، ئەڭ قاتتىق ئازاپ بىلەن ئازاپلاۋاتقانلىقىنى ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

بۇ ئىشلار مۇسانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپتۇ. پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى بولغان قەۋمى ۋە جەمەتىنىڭ خورلىنىشى ئۇنىڭ غەزىپىنى قانداقمۇ كەلتۈرمىسۇن؟

بەنى ئىسرائىلنىڭ گۇناھى زادى نېمە؟ ئۇلار قىبتى مىللىتىدىن بولماي، كەنئانلىق بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ بۇنى قانداقمۇ گۇناھ ھېسابلىغىلى بولسۇن؟!

## ئۆلۈم ھادىسىسى

مۇسا كۈچلۈك، بەردەم، كۈچ - قۇۋۋەتتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياش بولۇپ، الله ئۇنىڭغا ئىلىم ۋە ھېكمەت ئاتا قىلغان ئىدى. ئۇ زالىملارنى ئۆچ كۆرەتتى، ئۇلاردىن نەپرەتلىنەتتى. ئاجىزلار ۋە مەزلۇملارنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارغا ياردەم بېرەتتى.

بىر كۈنى، مۇسا شەھەرگە كىرىپتۇ. ئادەملەر ئويۇن - تاماشا بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى بەنى ئىسرائىلدىن، يەنە بىرى بەنى ئىسرائىلنىڭ دۈشمىنى بولغان

قىبتىلاردىن ئىدى.

بەنى ئىسرائىلىيىلىك كىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ، ئۆزىگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ ۋە قىبتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپتۇ. مۇسانىڭ ئاچچىقى كېلىپ، قىبتىنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بىراق، ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن مۇسا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، اللهقا تەۋبە قىلىپتۇ ھەمدە: "بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر" دەپتۇ.

مۇسانىڭ قىبتىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى قەستەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى سەھۋەنلىكتىن بولغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىپتۇ. مۇسا بۇنىڭ ئۈچۈن اللهقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ: "الله ھەقىقەتەن ماڭا ئىنئام قىلدى ۋە مېنى مەغپىرەت قىلدى، مەن ئەمدى ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن" دەپتۇ.

مۇسا ھەممىنى پۇراپ تاپىدىغان چېرىكلەرنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىدىن، ئۇنى تۇتۇپ فىرئەۋننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ. چېرىكلەر قىبتىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ، قاتىلنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇنى تاپالماپتۇ. قاتىلنى مۇسا بىلەن بەنى ئىسرائىلىيىلىك كىشىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان تۇرسا، چېرىكلەر ئۇنى ئەلۋەتتە تاپالمايدۇ ـ دە.

قىبتىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، قاتىلنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقۇلۇشى فىرئەۋننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغاپتۇ. شۇڭا ئۇ چېرىكلەرگە چوقۇم قاتىلنى تېپىپ، ئۇنى تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

## سىر پاش بولۇپ قالدى

ئىككىنچى كۈنى، مۇسا ھېلىقى بەنى ئىسرائىلىيىلىكنىڭ يەنە بىر قىبتى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بەنى ئىسرائىلىيىلىك قىلچە ئۇيالماستىن، مۇسانى چاقىرىپ، ئۆزىگە ياردەم قىلىشىنى سوراپتۇ. مۇسانىڭ ئاچچىقى كېلىپ: "سەن بەك يۈزى قىلىن ئادەم ئىكەنسەن، ھەر كۈنى كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشىدىكەنسەن، يەنە تېخى مېنى ياردەمگە چاقىرىۋاتىسەن، ئەمدى مەن ساڭا ياردەم بەرمەيمەن، سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا گۇمراھ ئىكەنسەن" دەپتۇ.

شۇنداقتىمۇ قىبتىنى ئازراق ئەدەبلەپ قويماقچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. مۇسانىڭ ئاچچىقىنى ۋە ئەيىبلەشلىرىنى كۆرگەن ھېلىقى بەنى ئىسرائىلىيىلىك مۇسانىڭ ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ: ”ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ سەن زېمىندا تۈزگۈچىلەردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايدىكەنسەن“ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سىر پاش بولۇپتۇ، قىبتى تۈنۈگۈنكى قاتىلنىڭ مۇسا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. خەۋەر فىرئەۋننىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ غەزەپلىنىپ: ”ئۇردىدا تەربىيىلەنگەن ئاشۇ ياش ئۆلتۈرۈپتۇ ـ دە!“ دەپتۇ.

مۇسانىڭ قىبتىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى قەستەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى سەھۋەنلىكتىن بولغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇنى فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ چېرىكلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇشنى ئىرادە قىلىپتۇ. بىراق، فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ چېرىكلىرى مۇسانىڭ سەھۋەنلىكىنى كەچۈرمەيدۇ ـ دە.

ۋەھالەنكى، الله ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق فىرئەۋن پادىشاھلىقىنى ۋەيران قىلىشنى، ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى فىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇشنى، ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق كىشىلەرنى بەندىنىڭ قۇللۇقىدىن اللهنىڭ قۇللۇقىغا، زۇلمەتتىن نۇرغا چىقىرىشنى تەقدىر قىلغان ئىدى.

فىرئەۋننىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى قىبتىنىڭ قاتىلى مۇساغا چوقۇم ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. بۇلارنى تولۇق ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بىر ئادەم مۇسانىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ ۋە: ”كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشكە مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ، (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن“ دەپتۇ.

مۇسا قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا باققان ھالدا شەھەردىن چىقىپ: ”ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن“ دەپ نىدا قىلىپتۇ.

## مىسىردىن مەديەنگە

پۈتكۈل مىسىر فىرئەۋننىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا تۇرسا، ھەممىنى يۈراپ تاپىدىغان چېرىكلەر ھەممە جايدا ئوغرى مۈشۈكتەك تىمىسقىلاپ يۈرسە،

مۇسا قەيەرگىمۇ بارار؟

اﷲ مۇساغا فىرئەۋننىڭ قولى يەتمەيدىغان ئەرەب ئەللىرىدىن بىرى بولغان مەديەن شەھىرىگە كېتىشنى ئىلھام قىلىپتۇ.

مەديەن سەھرا ۋە قىشلاقلاردىن تەركىپ تاپقان ئەل ئىدى، ئۇ يەردە مىسىر مەدەنىيىتى، مىسىرنىڭ ئوردا ـ قەسىرلىرى، مىسىرنىڭ بازارلىرى يوق ئىدى. بىراق، ئۇ فىرئەۋندىن يىراق، فىرئەۋننىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا كىرمەيدىغان ئەركىن، ئازادە، ھۆر، بەختلىك ئەل ئىدى.

ھۆر، ئادالەت بىلەن تولغان ياۋايىلىق قۇللۇق ۋە ھاقارەت بىلەن تولغان مەدەنىيەتكە قارىغاندا نېمە دېگەن ياخشى-ھە!

ئۇ جايدا ھېچكىم فىرئەۋن تەرىپىدىن باشقۇرۇلمايدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ زۇلۇم ـ ستەملىرىگە ئۇچرىمايدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ ئوغرى مۇشۇكتەك تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان چېرىكلىرىدىن قورقمايدۇ. ئۇ جايدا مىڭلىغان بوۋاقلار ئۆلتۈرۈۋېتىلمەيدۇ.

مۇسا مەديەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، ئۇ مىسىردىن چىققاندا، قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا بېقىپتۇ، بىر ئادەمنىڭ كەينىگە چۈشكەن ياكى چۈشمىگەنلىكىگە قاراپتۇ. ئۇ اﷲتىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەپ، ”بىسمىللاھ“ دېگىنىچە شەھەردىن چىقىپتۇ.

ئۇ مەديەن تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا: ”پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن“ دەپتۇ.

## مەديەندە

مۇسا مەديەنگە يېتىپ كېلىپتۇ. بىراق، بۇ يەردە ئۇ ھېچكىمنى تونۇمىسا يا ئۇنى تونۇيدىغان بىرەر ئادەم بولمىسا، قانداق قىلىدۇ؟ كېچىنى قەيەردە ئۆتكۈزىدۇ؟

مۇسا بۇلارنى ئويلاپ، بىر تەرەپتىن غەمگە پاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن اﷲنىڭ ئۇنى ھەرگىز ياردەمچىسىز تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىغا كەسكىن ئىشىنىپتۇ.

ئۇ يەردە بىر بۇلاق بولۇپ، كىشىلەر قوي ـ كالىلىرىنى ئاشۇ بۇلاقتا سۇغۇراتتى. مۇسا بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە بىر توپ كىشىنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىككى قىزنىڭ ماللىرىنى توسۇپ،

پادىچىلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

مۇسانىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ:

- سىلەر نېمىشقا قويلىرىڭلارنى سۇغارمايسىلەر؟ - دەپ سوراپتۇ.

- باشقا پادىچىلار ماللىرىنى سۇغۇرۇپ بولمىغۇچە، بىز قويلىرىمىزنى سۇغۇرالمايمىز. چۈنكى، ئۇلار كۈچلۈك، بىز ئاجىز، ئۇلار ئەر، بىز ئايال، - دەپتۇ ئۇلار. ئاندىن: ”ئاتىمىز ياشانغان كىشى“ دېگەننى قوشۇمچە قىلىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇ ئىككى قىز قويلىرىنى ھەيدەپ كېتىپ قېلىپتۇ.

ئەمدى مۇسا قەيەرگىمۇ بارار؟ كېچىدە بارىدىغان جاي بولمىسا، ئۇنى ھېچكىم تونۇمىسا، يا ئۇنىڭ بۇ يەردە تونۇشى بولمىسا، ئۇ كېچىنى قەيەردىمۇ ئۆتكۈزەر؟

”ئاندىن ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): ‹پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج› دەپتۇ“.

## تەلەپ

ئىككى قىز كۈندىكىگە قارىغاندا ئۆيىگە بالدۇر قايتىپ كېلىپتۇ. ئاتىسى ئۇلارنىڭ بالدۇر قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەجەپلىنىپتۇ ۋە:

- بۈگۈن كۈندىكىگە قارىغاندا بالدۇر قايتىپ كېلىپسىلەرغۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

- الله بىزگە بىر ياخشى ئادەمنى ئۇچراشتۇرغان ئىدى، ئۇ بىزنىڭ قويلىرىمىزنى سۇغۇرۇپ بەردى، - دەپتۇ قىزلار.

ئۇزۇندىن بېرى قىزلارغا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمىغان ئىدى، شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ يات ئادەم ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان بوۋاي قىزلىرىدىن سوراپتۇ:

- سىلەر ئۇ ئادەمنى قەيەردە قويۇپ كەلدىڭلار؟

- بىز ئۇنى شۇ يەردە قويۇپ كەلدۇق، ئۇ ياتىدىغان يېرى يوق مۇساپىر ئىكەن.

- شۇنداقمۇ ئىش قىلامسىلەر؟ بىزگە ياخشىلىق قىلغان مۇساپىرنىڭ بۇ شەھەردە ياتىدىغان يېرى بولمىسا، ئۇ كېچىنى قەيەردە ئۆتكۈزىدۇ؟

بىرنىڭ ئۇنى قوندۇرۇپ مېھمان قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار، بىرىڭلار بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كەلسۇن، ـ دەپتۇ بوۋاي قىزلىرىغا.

”ئۇ (ئىككى قىزنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ: «(قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى راستلا چاقىرىدۇ» دەپتۇ.

مۇسا اللهقا قىلغان دۇئاسىنىڭ الله تەرەپتىن ئىجابەت بولغانلىقىنى بىلىپ، قىزنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپتۇ.

مۇسا قىزغا قاراپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ. ئۇ ئېسىللىك ۋە ئالىيجاناپلىق بىلەن مېڭىپ، بوۋاينىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپتۇ. بوۋاي مۇسادىن ئىسمى، يۇرتى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى سوراپتۇ. مۇسا ھەممە ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي بۇلارنى ئاڭلاپ مۇساغا: ”قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ“ دەپتۇ.

## توي قىلىش

ئۇلار مۇسانى ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋالغاندەك كۈتۈۋېلىپتۇ، بوۋايمۇ مۇساغا خۇددى ئۆز بالىسىدەك مۇئامىلە قىلىپتۇ.

بىر كۈنى، قىز ئاتىسىغا پاك نىيەت بىلەن: ”ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر“ دەپتۇ.

ـ قىزىم! ئۇنىڭ كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلدىڭ؟ ـ دەپ سوراپتۇ بوۋاي قىزىدىن.

ـ ئۇنى كۈچلۈك دېگىنىم، ئۇ بۇلاقنىڭ ئېغىزىغا قويۇلغان تاشنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈردى، ئادەتتە ئۇ تاشنى بىر ئادەم يالغۇز كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇنى ئىشەنچلىك دېگىنىم، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان چاغدا ماڭا قىلچە نەزەر سالماي ئالدىمدا ماڭدى. خىزمەتكار چوقۇم كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ كۈچلۈك بولمىسا، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، ئىشەنچلىك بولمىسا، ئۇ بىزگە خىيانەت قىلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ، ـ دەپتۇ قىز ئاتىسىغا.

بوۋاي قىزىنىڭ مۇسا ھەققىدىكى قارىشىغا قوشۇلۇپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ

www.uyghurkitap.com

مەسىلىنى ئاتىلارچە ئەقىل ۋە پىشقەدەملەرچە پاراسەت بىلەن مۇنداق ئويلاپتۇ:

”ياخشىسى مەن بۇ يىگىتنى كۆيئوغۇل قىلىۋالاي، بۇنداق ياخشى يىگىت دۇنيادا كەم تېپىلىدۇ، يەنە كېلىپ بىزنىڭ بۇ مەدىيەندە بۇنداق پەزىلەتلىك ياشنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئېھتىمال الله ئۇنىڭ ماڭا كۆيئوغۇل ۋە ياردەمچى بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى ماڭا ئەۋەتكەن بولسا كېرەك“.

بوۋاي تەمكىنلىك، مېھرىبانلىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن مۇساغا مۇنداق دەپتۇ: ”ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن، (سەككىز يىللىق ئەمگىكىڭ قىزىمغا بېرىلگەن تويلۇق ھېسابىدا بولسۇن، سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە ئىككى يىل قوشۇپ) ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ (ئۇمۇ) ئىختىيارىڭ، (ئون يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، خۇدا خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقايسەن“.

بوۋاي مۇسانىڭ سەككىز يىلنى توشقۇزۇپلا قىزنى ئېلىپ، كېتىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى سىناپ باقماقچى، مۇبادا ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالىسا، ئاندىن ئۇنى چىرايلىقچە ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ، ئون يىلنى توشقۇزۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

مۇسا بۇنى اللهنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ بىلىپ، اللهنىڭ بەرىكەت ئاتا قىلىشىغا ئىشىنىپ، بوۋاينىڭ تەكلىۋىگە قوشۇلۇپتۇ.

الله ئۇنى مەدىيەنگە ئېلىپ كەلدى، بوۋاينىڭ ئۆيىگە يەتكۈزدى، ئۇنىڭ قەلبىگە مېھىر - مۇھەببەتنى سالدى، شۇڭا ئۇ بوۋايغا: ”بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختامدۇر“ دەپتۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ تاللاش ھوقۇقىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن: ”ئىككى مۇددەت (يەنى سەككىز يىل بىلەن ئون يىل)نىڭ قايسىسىنى توشقۇزسام توشقۇزاي، ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ، الله بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر“ دەپتۇ.

## مىسىرغا

”مۇسا (ئۆز ئارا كېلىشكەن) مۇددەتنى (يەنى كېلىشكەن مۇددەتنىڭ تولۇقراقى بولغان ئون يىلنى) توشقۇزغاندىن كېيىن ئايالىنى ئېلىپ

(مىسىرغا قاراپ) يولغا چىقىپتۇ‘‘. بوۋاي ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ ۋە: ’’الله بەرىكەت بەرسۇن ئوغلۇم. اللهقا ئامانەت قىزىم‘‘ دەپ دۇئا قىلىپتۇ.
مۇسا بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، ئايالىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. كېچە كىرىپ ھەممە ياقنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. ئەتراپنى كۆرگىلى بولمىسا، ئۇلار قانداقمۇ يول يۈرەلىسۇن؟ باياۋاندا يولنى يورۇتقىلى ئوت بولمىسا، ئۇلار قانداقمۇ يول تاپالىسۇن؟
مۇسا ئوت ئىزدەپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ بىردىنلا (بىر جايدا) ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە: ’’تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردۈم. مەن بېرىپ (ئۇنىڭدىن) بىرەر پارچە چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن‘‘ دەپتۇ.
مۇسا ئوت تەرەپكە ئۇچقاندەك مېڭىپتۇ. ’’مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، نىدا قىلىندىكى، ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن، كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن‘‘.
موشۇ جايدا الله مۇساغا سۆزلەپ، ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپتۇ: ’’مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن. مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) الله تۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن. قىيامەتنىڭ بولۇشى ھەقىقەتتۇر‘‘.
مۇسانىڭ قولىدا ھاسا بار ئىدى، ئۇ ئادەتتە ھاسىسىنى تايىنىشقا ۋە قوي بېقىشقا ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ باشقا ئالاھىدىكلىرى بارلىقىنى بىلمەيتتى. الله تائالا مۇسادىن:
- ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.
- ئۇ مېنىڭ ھاسام.- دەپ ئاددىيلا جاۋاپ بېرىپتۇ مۇسا اللهقا. ئاندىن ئۇ اللهقا ئۇزاقراق سۆزلىشىش ۋە الله بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئۇزارتىش مەقسىتىدە ھاسىسىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەشكە باشلاپتۇ:
- ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىمۇ بار.
- ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن! - دەپتۇ الله .

”مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان مىڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى. الله ئېيتتى: ‹ئۇنى تۇتۇۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز›“.

الله مۇساغا قولىنىڭ ئاپئاق بولۇشىدىن ئىبارەت يەنە بىر مۆجىزىنى بېرىپ، مۇنداق دەيتۇ: ”قولۇڭنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سالغىن (ئاندىن چىقارغىن)، ئۇ ھېچقانداق ئەيىب ـ نۇقسانسىز ھالدا ئاپئاق (نۇرلۇق) بولۇپ چىقىدۇ، (بۇ) ئىككىنچى مۆجىزىدۇر“.

## سەن فىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى

شۇنىڭدىن كېيىن، الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دۇنياغا يارىتىشتىكى مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىشقا بۇيرۇيتۇ.

فىرئەۋن زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان ئىدى. فىرئەۋننىڭ قەۋمىمۇ اللهقا كاپىر بولۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئىدى. ۋەھالەنكى، الله بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قېشىغا بېرىشىنى ئىرادە قىلىپتۇ. ”ئۇلار ھەقىقەتەن فاسىق قەۋم ئىدى“.

بىراق، مۇسا ئەلەيھىسسالام قىبتىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، مىسىردىن قېچىپ چىققان، چېرىكلەر ۋە ئوردا ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونۇيدىغان تۇرسا، ئۇ فىرئەۋننىڭ قېشىغا قانداق بارىدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۇچرىشىدۇ؟ شۇڭا ئۇ: ”پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۇلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىدىن قورقىمەن“ دەپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنە تىلىدىكى كېكەچلىكنى ئېيتىپتۇ. الله بۇلارنىڭ ھەممىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە قارىماي فىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىشىنى ئىرادە قىلىپتۇ: ”ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ مۇساغا نىدا قىلدى: ‹سەن زالىم قەۋمگە بارغىن، (ئۇلار) فىرئەۋننىڭ قەۋمىدۇر، ئۇلار (اللهنىڭ جازالىشىدىن) قورقمامدۇ؟›“.

مۇسا ئەلەيھىسسالام: ”پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن. (ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن)

يۈرىكىم سىقىلىدۇ، تىلىم كېكەچ، شۇڭا (ماڭا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن) ھارۇننى (پەيغەمبەر) قىلىپ ئەۋەتكىن. (ئۇلارنىڭ دەۋاسىچە) ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گۇناھىم بار، ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىدىن قورقىمەن“ دەيتۇ.

الله مۇنداق دەيتۇ: ”ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى سېنى ئۇلار ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيدۇ)، سىلەر مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (مۇنازىرەڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرىمىز. سىلەر فىرئەۋنگە بېرىپ: ‹بىز ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىسىمىز. ئىسرائىل ئەۋلادىنى (قۇللۇقۇڭدىن) بوشاتقىن، ئۇلار بىز بىلەن (شامغا) كەتسۇن› دەڭلار“.

الله مۇسا ۋە ھارۇنغا فىرئەۋنگە يۇمشاق ۋە سىپايە مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ: ”ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى، ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن“ دەيتۇ.

## فىرئەۋننىڭ ئالدىدا

مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالام فىرئەۋننىڭ قېشىغا كېلىپ، ۋەزىر - ۋۇزۇرالىرى بىلەن ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىپتۇ. زالىم فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ جاسارىتىدىن غەزەپلىنىپ، ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن: ”ئى يىگىت! مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ماڭا ۋەز ئېيتىشقا پېتىنالىغۇدەك كىم ئىدىڭ؟ بىز دەريادىن سۈزۈۋېلىپ باققان بالا سەن ئەمەسمۇ؟ ‹سېنى بىز ئۆيىمىزدە كىچىكىڭدىن تەربىيىلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ئارىمىزدا كۆپ يىللار تۇرمىدىڭمۇ؟ سەن ھېلىقى قىلغان ئىشىڭنى قىلمىدىڭمۇ؟ (يەنى قىبتىنى ئۆلتۈرمىدىڭمۇ؟) سەن تۇزكورلاردىنسەن›“ دەيتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاچچىقلانماپتۇ، فىرئەۋننىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلماپتۇ ۋە ئۆزىنى ئاقلاپ ئولتۇرماپتۇ، بەلكى كەسكىنلىك ۋە تەمكىنلىك بىلەن: ”مەن ئۇ ئىشنى قىلغان چېغىمدا نادانلاردىن ئىدىم. سىلەردىن قورقۇپ، سىلەردىن قاچتىم، پەرۋەردىگارىم ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلدى، مېنى پەيغەمبەر قىلدى“ دەيتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەپتۇ: ”ئى فىرئەۋن! سەن مېنى باققانلىقىڭنى مىننەت قىلىۋاتىسەن، بىراق سېنىڭ قولۇڭغا نېمە ئۈچۈن چۈشۈپ قالغانلىقىمنى، قانداق بولۇپ مېنى بېقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ قالغانلىقىڭنى ئويلىمايۋاتىسەن. ئەگەر سەن كىچىك باللارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىمىغان بولساڭ، ئانام مېنى دەرياغا تاشلىمىغان بولاتتى، مەنمۇ سېنىڭ قولۇڭغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم. سېنىڭ زۇلمىڭ ۋە باغرى تاشلىقىڭ سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى نېمەت قاتارىدا ساناۋاتامسەن؟ سەن مېنىڭ قەۋمىمگە ئىت ـ ئېشەككە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدىڭ، ئۇلارنى ئەڭ ئېغىر ئازاپلار بىلەن قىيىندىڭ. سېنىڭ بىر كىچىك باللىنى باققانلىقىڭ شۇنچە كۆپ جىنايەتلىرىڭنى ياپالامدۇ؟ بۇ پۈتۈنلەي ئەخمىقانىلىق. ‹سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلدىڭ، سېنىڭ ماڭا مىننەت قىلغان نېمىتىڭ ئەنە شۇدۇر›“.

## الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش

فىرئەۋن جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كېلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ:

ـ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشەنگەن بولساڭلار، ـ دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.

بۇ جاۋابتىن فىرئەۋننىڭ غەزىپى ئۆرلەپتۇ ھەمدە چۆرىسىدىكى ئادەملەرنىمۇ مۇساغا قارشى غەزەپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا:

ـ (ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ ـ دەپتۇ.

فىرئەۋننىڭ جاۋابى تۈگىمەي تۇرۇپلا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم زەربە بېرىپ:

ـ (ئۇ) سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ـ دەپتۇ. غەزىپىنى بېسىۋالالمىغان فىرئەۋن:

ـ سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى ئەلۋەتتە ساراڭدۇر ـ دەپ چالۋاقاپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قېتىم زەربە بېرىپ:

ـ (ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، - دەپتۇ.

فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى سۆھبەتنىڭ بۇ كەسكىن ۋە ئاچچىق دائىرىسىدىن چىقىرىش ۋە ئەتىراپىدىكى قولچوماقچىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاش مەقسىتىدە:

- ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالى قانداق (بولغان)؟ - دەپ سوراپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن. فىرئەۋن بۇ ئارقىلىق ئەگەر مۇسا: "ئۇلار ھەق ئۈستىدە ئىدى" دېسە، "ئۇنداقتا، ئۇلارمۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانغۇ؟" دېمەكچى؛ ئەگەر: "ئۇلار ئازغۇنلۇق ۋە گالۋاڭلىق ئىچىدە ئىدى" دېسە، "قارىمامسىلەر، مۇسا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى ھاقارەتلىدى" دەپ سورۇن ئەھلىنى غەزەپلەندۈرمەكچى بولغان ئىدى.

ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ:

- ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا لەۋھۇلمەھفۇزدا (خاتىرىلەكلىكتۇر)، پەرۋەردىگارىم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ، - دەپتۇ.

ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنە فىرئەۋن قېچىۋاتقان، ئۇنىڭ تىلغا ئېلىشىنى زادىلا خالىمايدىغان مەركىزى تېما (تەۋھىد تېمىسى)دا سۆز باشلاپ مۇنداق دەپتۇ:

- پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەردى، سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى ئېچىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى.

فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، گاڭگىراپتۇ. ئاخىرى دۇنيا ھۆكۈمرانلىرى غەزەپلەنگەن ۋە مۇنازىرىدە يېڭىلگەندە قوللىنىدىغان ئۇسۇلنى پەش قىلىپ:

- ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن، - دەپتۇ.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى

فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سېلىپ، ئۇنى زىندانغا تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن

www.uyghurkitap.com

مۇنداق دەپتۇ:

- (مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىل كەلتۈرسەممۇ (زىندانغا تاشلامسەن؟).

- ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا روشەن دەلىلىڭنى كەلتۈرگىن، - دەپتۇ فىرئەۋن.

«مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ناگاھان ئۇپئوچۇق ئەجدىھاغا ئايلاندى، مۇسا (قويىنىدىن) قولىنى چىقىرىۋىدى، ناگاھان ئۇ قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقناپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى».

فىرئەۋن دەرھال يەنە بىر گەپ تېپىپ، چۆرىسىدىكى (قەۋمىنىڭ) چوڭلىرىغا:

- بۇ ھەقىقەتەن ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن، - دەپتۇ. ئۇلارمۇ بۇ گەپكە قوشۇلۇپ:

- بۇ ھەقىقەتەن روشەن سېھىردۇر، - دېيىشىپتۇ.

- سىلەرگە ھەقىقەت كەلسە، ئۇنى سېھىر دەمسىلەر؟ ئەجەبا بۇ سېھىرمۇ؟ سېھىرگەرلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، - دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام. فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھۇجۇم قىلىپ، مۇنداق دەپتۇ:

- سەن بىزگە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن بىزنى ۋاز كەچتۈرۈش ۋە زېمىن (يەنى مىسىر زېمىنى)نىڭ سەلتەنىتىنى ئىككىڭلارنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بىز ئىككىڭلارغا ئىشەنمەيمىز.

فىرئەۋن چۆرىسىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرا، ئاكابىر - ئەشرەپلەرنى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن دۈشمەنلەشتۈرمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا:

- ئۇ سېھىر ئارقىلىق سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماقچى، (بۇ ھەقتە) نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟ - دەپتۇ.

ئۇلار فىرئەۋنگە شەھەردىكى بارلىق سېھىرگەرلەرنى جۇغلاپ، بىرلىكتە مۇساغا ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ شەھەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سېھىرگەرلىكنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ پادىشاھ ھۇزۇرىغا كېلىشى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن سېھىرگەرلەر بەلگىلەنگەن كۈندە بىر جايغا جەم بولۇپتۇ.

كىشىلەرگە: «سىلەر يىغىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ئەگەر سېھىرگەرلەر

غالىب چىقسا، ئۇلارغا بويسۇنۇشىمىز مۇمكىن» دېيىلدى.

## مەيدانغا

پۇتكۇل شەھەر خەلقى مەيدانغا گويا سەلدەك ئېقىپتۇ، شەھەر بايرام تەنتەنىسىگە چۆمۈپتۇ. مەيدانغا ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئاقساق - چولاق ھەممە ئادەم توپلىنىپتۇ.

مەتەرىيىيە[1]دىكى ھەممە ئادەم سېھىر ۋە سېھىرگەرلەر ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن سېھىرنىڭ پارىڭىدىن باشقا گەپ چىقماپتۇ:

- ئەسۋانىنىڭ چوڭ سېھىرگەرلىرىمۇ كەپتىمۇ؟

- شۇنداق، ئەڭ يامان، ئەڭ داڭلىق سېھىرگەرلەر توپلىنىپتۇدەك.

- بۇ قېتىم مىسىرلىقلار ھەممە نېمىسىنى دوغا تىكىپتۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلار يېڭىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

- مېنىڭچىمۇ شۇنداق، مۇسا بىلەن قېرىندىشى سېھىرگەرلىكنى بىلمىسە، سېھىرگەرلەرنى قانداقمۇ يېڭەر؟

- مۇسا كىچىكىدىن باشلاپ ئوردىدا چوڭ بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، قورقۇپ مىسىردىن چىقىپ كەتكەن. ئاڭلىساق، ئۇ مەدىيەندە تۇرۇپتىكەن، ئۇنداقتا ئۇ سېھىرگەرلىكنى قەيەردە ئۆگەنگەندۇ؟

مۇشۇ تەرىقىدىكى پاراڭلار ھەممە يەردە قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. بەنى ئىسرائىل بولسا، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ قالغان ئىدى، ئېھتىمال ئۇلارنى ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالغان بولسا كېرەك، ھەممىسى: ”ئىمران ئوغلى مۇساغا الله رەھىم قىلسۇن، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا الله رەھىم قىلسۇن!“ دېيىشمەكتە ئىدى.

سېھىرگەرلەر ھاكاۋۇرلۇق ۋە ماختانچاقلىق بىلەن مەيدانغا كىرىپ كېلىشىپتۇ. رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ، ھاسا ۋە ئارغامچىلارنى كۆتۈرۈۋالغان سېھىرگەرلەر «كارامەت» كۆرسىتىدىغان مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن چەكسىز خۇشاللانماقتا ئىدى. مۇھىمى

[1] فىرئەۋن دەۋرىدىكى مىسىرنىڭ پايتەختى.

پادىشاھ ۋە خەلق ئالدىدا «سەنئەت»نىڭ ھەقىقىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

سېھىرگەرلەر فىرئەۋننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە:

- ئەگەر غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟- دەپ سوراپتۇ.

- ھەئە، ئۇ چاغدا (سىلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن بولۇپ قالىسىلەر، - دەپتۇ فىرئەۋن ئۇلارغا.

مانا بۇ پادىشاھنىڭ مۇكاپاتى، پادىشاھ ئۆز قولى بىلەن بېرىدىغان مۇكاپات. تالاي ئەرلەر، تالاي قەھرىمانلار ئاشۇ ئاتالمىش «بۈيۈك مۇكاپات» ئۈچۈن ھەققانىيەتتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلىشقان.

سېھىرگەرلەر فىرئەۋننىڭ ۋەدىسىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتۇ.

## ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدا

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

- تاشلايدىغان نەرسەڭلارنى تاشلاڭلار! - دەپتۇ.

ئۇلار ئارغامچىلىرىنى، ھاسىلىرىنى تاشلاپ:

- فىرئەۋننىڭ كاتتىلىقى بىلەن قەسەمكى، بىز شەك - شۈبھىسىز غەلىبە قىلىمىز، - دېيىشىپتۇ.

كىشىلەر ھاسا ۋە ئارغامچىلارنىڭ تىرىك يىلانلارغا ئايلىنىپ، مەيداندا مىڭىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ. قورقۇپ ئارقىسىغا داجىپتۇ. «يىلان، يىلان» دەپ پىچىرلىشىپتۇ. ئاياللا چۇرقىرىشىپ، بالىلار يىغلىشىپ مەيداننى بېشىغا كىيىپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدە قورقۇنچ تۇيغۇسى پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ نېمىشقىمۇ قورقمىسۇن؟ بۇگۈن دېگەن ئىمتىھان كۈنى، ئادەمنى سىنايدىغان كۈن، ئىمتىھاندا راست بىلەن يالغان ناھايىتى تېزلا ئايرىلىدۇ، ئىمتىھاندا ئادەم يا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ ياكى مەسخىرە ۋە ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ.

ئەگەر سېھىرگەرلەر يېڭىپ، مۇسا يېڭىلسە... ئەھۋال قانداق بولار؟

ياق، الله ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، الله ھەرگىز بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. مۇسانىڭ غەلىبىسى يالغۇز بىر ئادەمنىڭ غەلىبىسى ئەمەس، بەلكى، پادىشاھ ئالدىدىكى دىنىنىڭ غەلىبىسى، باتىل ئالدىدىكى ھەقنىڭ غەلىبىسى.

الله مۇسا ئەلەيھىسسالامنى روھلاندۇرۇپ: "قورقمىغىن سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن، قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ" دەپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: "سىلەرنىڭ كۆرسەتكىنىڭلار سېھىردۇر، الله چوقۇم ئۇنى بەربات قىلىدۇ، الله بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىشىنى ئەلۋەتتە تۈزىمەيدۇ، گۇناھكارلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، الله پاكىتلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ" دەپتۇ.

"مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، (ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى يۇتىۋەتتى، ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى".

سېھىرگەرلەرنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئىچىگە گەپكە كەلمەي قېلىپتۇ: "بۇ زادى نېمە ئىش؟ بىز سېھىرنىڭ ئەسلى يىلتىزى، مەنبەئى ۋە كېلىپ چىقىشى دېگەنلەرنى ياخشى بىلىمىز. سېھىرنىڭ ھەرخىل تۈر ۋە شەكىللىرىنىمۇ بىلىمىز. بىز دېگەن سەنئەتنىڭ پېشىۋالىرى، سەنئەتنىڭ ئۇستازلىرى. ئۇنداقتا كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، مۇسانىڭ قىلغانلىرى ھەرگىز سېھىر ئەمەس. ئەگەر ئۇ سېھىر بولغان بولسا، بىزمۇ سېھىرنى سېھىر بىلەن مەغلۇپ قىلغان، سەنئەتكە سەنئەت بىلەن تاقابىل تۇرغان بولاتتۇق. بىزنىڭ سەنئىتىمىز ئۇنىڭ ئالدىدا پۈتۈنلەي ئۆز رولىنى يوقاتتى، كۈننىڭ ھارارىتى ئاستىدا شەبنەم ئېرىپ كەتكەندەكلا ئېرىپ كەتتى...".

يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ يەتكەن سېھىرگەرلەر مۇسانىڭ اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە، اللهنىڭ ئۇنىڭغا مۆجىزىلەرنى بەرگەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، كەسكىنلىك بىلەن: "بىز ھارۇن بىلەن مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق" دېيىشىپتۇ.

"سېھىرگەرلەر سەجدىگە باردى، ئۇلار: ‹ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا -

مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا ـ ئىمان ئېيتتۇق» دېدى“.

www.uyghurkitap.com

## فىرئەۋننىڭ سىياستى

فىرئەۋننىڭ ساراڭلىقى تۇتۇپتۇ، ئۇ غەزەپتىن ئوت بولۇپ يېنىپتۇ. سېھىرگەرلەرنىڭ مۇسا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى ئۇنىڭ تازا ئوغىسىنى قاينىتىپتۇ. فىرئەۋن بۇنداق بولارىنى ھەرگىز ئويلاپ باقمىغان ئىدى، ئۇ سېھىرگەرلەر ئارقىلىق مۇسانى مەغلۇب قىلماقچى بولغانىدى، مانا ئەمدى سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇسانىڭ قوللىغۇچىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ سېھىرگەرلەر ئارقىلىق باشقا كىشىلەرنى مۇساغا ئەگىشىشتىن توسماقچى بولغان ئىدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار مۇساغا ئىمان كەلتۈرگەن تۇنجى مۇئمىنلەردىن بولۇپ قالدى.

فىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتقان ئوقى ئۆزىگە يېنىپتۇ، فىرئەۋن ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپتۇ.

ئۇ كىشىلەرنىڭ جىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندەك، ئەقلىگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى؛ كىشىلەرنىڭ تىللىرىنى كونترول قىلغاندەك، دىللىرىنىمۇ كونترول قىلماقچى بولاتتى. شۇڭا مىسىردا ھېچكىم فىرئەۋننىڭ رۇخسىتىسىز بىرەر نەرسىگە ئىشىنىشكە ياكى ئېتىقاد قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇ ھاكاۋۇرلۇق ۋە زوراۋانلىق بىلەن ئۇلارغا: ”سىلەر مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار“ دەپتۇ.

فىرئەۋن ئۇلارغا پادىشاھلار ئاتىدىغان بىرىنچى «ئوق»نى ئېتىپ: ”شۈبھىسىزكى، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭخۇڭلار ئىكەن“ دەپتۇ.

ئاندىن ئۇلارغا ئىككىنچى «ئوق»نى ئېتىپ: ”بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەر (يەنى مىسىر) دىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلەردۇر (سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر“ دەپتۇ.

ئاندىن فىرئەۋن ئۇلارغا ئۈچىنچى «ئوق»، يەنى پادىشاھلارنىڭ ئوقدانىدىكى ئەڭ ئاخىرقى زەھەرلىك ئوقنى ئېتىپ: ”سىلەرنىڭ

قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى سول پۇتۇڭلار بىلەن ئوڭ قولۇڭلارنى) كېسىمەن، ئاندىن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن“ دەپتۇ.

مۆئمىنلەر فىرئەۋن ئاتقان ئوقلارنىڭ ھەممىنى ئىمان ۋە سەۋر قالقىنى بىلەن توسۇپ: ”(بۇنىڭدىمۇ بىزگە) ھېچ زىيان يوق، بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز، بىز مۇساغا ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقۇچىلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئەلۋەتتە ئۈمىد قىلىمىز“ دەپتۇ.

ئۇلار چىن ئىمان ۋە قىزغىنلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ: ”بىزنىڭ خاتالىقىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا بىزنىڭ سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلىشۇن دەپ بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان ئېيتتۇق، اللهنىڭ (ساۋابى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن) ئارتۇقتۇر؛ اللهنىڭ (ئازابى سېنىڭ جازايىڭدىن) دائىمىيدۇر. كىمكى گۇناھكار ھالدا اللهقا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاختا ئۇ ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ. كىمكى مۆمىن بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا اللهقا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ (اللهنىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ (دەرىجىلەر) دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئۇ مەڭگۈ قالىدۇ، ئەنە شۇ (كۇپرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان ئادەمگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر“.

## فىرئەۋننىڭ گالۋاڭلىقى

بۇ ئىشلاردىن فىرئەۋننىڭ بېشى ئاغرىپ، ئۇيقۇسى قېچىپتۇ. نېمە قىلارنىنى بىلمەي گاڭگىراپتۇ، تائام ۋە شارابتىن قېلىپتۇ. چۆرىسىدىكى ئادەملىرى ئۇنىڭ تېخىمۇ بەكرەك بېشىنى ئاغرىتىپ: ”مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى زېمىندا پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇشقا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلاشقا قويۇۋېتەمسەن؟“ دەپ ئۇنى كۈشكۈرتۈپتۇ.

بۇنىڭدىن غەزىپى ئۆرلىگەن فىرئەۋن: ”ئۇلارنىڭ باللىرىنى ئۆلتۈرىمىز، ئاياللىرىنى بولسا (خىزمەتكە سېلىشقا) قالدۇرۇپ قويىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز“ دەپ جار

سىلىپتۇ.

فىرئەۋن بارلىق چارە - ئۇسۇللار بىلەن بەنى ئىسرائىلنى ۋە مىسىر ئاھالىسىنى مۇساغا ئەگىشىشتىن توسماقچى بولۇپتۇ. ئۇ ئۆز قەۋمى ئىچىدە (پەخىرلەنگەن ھالدا) نىدا قىلىپ: ”ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى، ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ (مېنىڭ بۇ بۈيۈكلۈكۈمنى) كۆرمەمسىلەر؟ بەلكى مەن ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن) ياخشىمەن“ دەپتۇ.

فىرئەۋن گالۋاڭلىق ۋە دۆتلۈك بىلەن: ”ئى كاتتىلار! مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن“ دەپتۇ ئاندىن ئويلانغان ۋە مۇلاھىزە قىلغان قىياپەتتە ھاماقەتلىك ۋە ساراڭلىق بىلەن: ”ئى ھامان! مېنىڭ ئۈچۈن پىششىق خىش پىشۇرۇپ ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈشۈم مۇمكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇنى (ئاسماندا بىر پەرۋەردىگار بار دېگەن دەۋاسىدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمەن“ دەپتۇ.

فىرئەۋننىڭ ۋەزىرى ھامان خىش پىشۇرۇپ بىنا سېلىشقا تۇتۇش قىلىپتۇ. بىراق ئۇ بىنانى قانچىلىك ئېگىز سالمىسۇن، بەربىر بۇلۇتقىمۇ يېتەلمەيتتى. بۇلۇتقا يېتەلمىگەن ئىكەن، ئۇنداقتا ئاي، قۇياش، يۇلتۇز، ئاسمان...غا يېتىش دېگەنلەر پۈتۈنلەي ئەخمىقانە خىيال ئىدى.

فىرئەۋن قىلالمايدىغان ئىشقا يوغان سۆزلىگىنىگە خىجىل بولۇپ، سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. بىچارە فىرئەۋن اللهنىڭ ”زېمىننى ۋە (كەڭ) ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان“لىقىنى بىلمەمدۇ؟ ”ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى اللهنىڭدۇر (يەنى اللهنىڭ مۈلكىدۇر، اللهنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، اللهنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدۇر)، الله ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، زېمىندىمۇ ئىلاھتۇر“.

فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دۆلەتتە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى دېگەن باھانە بىلەن ئۆلتۈرۈشتىن باشقا چارە تاپالماي: ”مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا (ئۆزىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن، مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى زېمىندا (يەنى دۆلەتتە) قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قورقىمەن“ دەپ چالۋاقاپتۇ.

## فىرئەۋن خاندانلىقىدىكى مۆئمىن

فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، فىرئەۋن خاندانىغا مەنسۇپ، ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۆمىن ئادەم مۇنداق دېدى: ”سىلەر ‹پەرۋەردىگارىم اﷲ › دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرمەسسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى. سىلەر نېمىشقا مۇساغا قارشى تۇرىسىلەر؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا ئازار بېرىسىلەر؟ ئەگەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭلار، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بەرسەڭلار بولمامدۇ؟ ئەگەر ئۇ (پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا) يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا ئازار بەرسەڭلار، مۇبادا ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىپ قالىسىلەر، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى قورقۇتقان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ. ئى قېرىنداشلىرىم! سىلەر ھوقۇق، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە لەشكەرلىرىڭلار بىلەن مەغرۇرلانماڭلار. ئى قەۋمىم! بۈگۈن سەلتەنەت سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىدۇر، (مىسىر) زېمىنىدا سىلەر غالىبسىلەر، ئەگەر بىزگە اﷲنىڭ ئازابى كەلسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بىزگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟“

فىرئەۋن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ”مەن سىلەرگە پەقەت نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن. سىلەرنى مەن پەقەت توغرا يولغا باشلايمەن“.

ھېلىقى مۆئمىن ئادەم قەۋمنى زالىملارنىڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ”ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش جامائەلەر ئۇچرىغان جازاغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن، اﷲ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ“.

ئۇ ئادەم ئۇلارنى قىيامەتنىڭ ئازابىدىن قورقۇتۇپ مۇنداق دېدى: ”سىلەر قىيامەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ‹ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ. بۇ كۈندە دوستلار بىر - بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق

ئەمەستۇر). ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ، بىر - بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ». ئۇ كۈندە پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئۇلۇغ الله : «بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر اللهقا خاستۇر» دەپ جاكارلايدۇ. ئۇ كۈندە كىشىلەر قورقۇپ بىر - بىرىنى چاقىرىشىدۇ، بىر - بىرىدىن قاچىدۇ، اللهتىن باشقا ھېچ قۇتۇلدۇرغۇچى بولمايدۇ. «ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇ كۈندە (دوزاخ ئازابىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ) ئارقاڭلارغا چېكىنىسىلەر، سىلەرگە اللهنىڭ ئازابىدىن ھېچ قۇتۇلدۇرغۇچى بولمايدۇ. كىمكى الله ئۇنى گۇمراھ قىلىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ». الله سىلەرگە نېمەت بەرگەن ئىدى، بىراق سىلەر ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىدىڭلار، ئۇنىڭ قىممىتىنى بايقىيالمىدىڭلار، بىر چاغلار كېلىپ، ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتكەندە سىلەر ئۇنىڭغا ئەپسۇسلاندىڭلار. بۇ نېمەت اللهنىڭ پەيغەمبىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئىدى. سىلەر ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىدىڭلار، ئۇنى قەدىرلەش لازىملىقىنى بىلمىدىڭلار. ئۇ ئالەمدىن ئۆتتۈۋىدى: «ۋاي ئىسىت، اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئىدى، پادىشاھ ئىدى، ئالىيجاناب زات ئىدى، بۇنداق ئېسىل ئالىيجاناب زات، كاتتا پەيغەمبەر ئەمدى دۇنياغا كەلمەيدۇ» دەپ ھەسرەت چەكتىڭلار. «شەك-شۈبھىسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۈسۈف (اللهنىڭ دەرگاھىدىن) روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن دەلىلدىن سىلەر ھامان شەكلەندىڭلار، تاكى ئۇ ۋاپات بولغاندا، (دەلىل - پاكىتسىز) ھالدا، الله ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ دېدىڭلار». سىلەر ھامان شۇنداق دەيسىلەر، مۇشۇ پەيغەمبەردىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىسىلەر، قىلغانلىرىڭلارغا پۇشايمان يەيسىلەر“.

## ھېلىقى مۆئمىننىڭ نەسىھىتى

فىرئەۋن خاندانلىقىدىكى مۆئمىن ئادەم ئۆز قەۋمىگە نەسىھەت قىلىپ: ”ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن“ دەپتۇ.

بۇ ئەقىللىق ئادەم قەۋمىنىڭ ھاياتى دۇنيانىڭ مەستلىكى ئىچىدە قالغانلىقىنى، فىرئەۋننىڭ پادىشاھلىقى ۋە ھوقۇق كۈچى بىلەن مەغرۇرلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇ ھاياتنىڭ شېرىن چۈشكە ئوخشاش ئۆتكۈنچى

نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئۇ يەنە شۇنى ئېنىق بىلەتتىكى، قەۋمىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن توسۇۋاتقان تۈپ ئامىل ئۇلارنىڭ ھاياتى دۇنيانىڭ مەستلىكى ئىچىدە قالغانلىقى ئىدى. مەستلەر ئاڭلىمايتتى ۋە ھېس قىلمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمايتتى.

شۇڭا ئۇ ئاشۇ «مەست»لەرنى غەپلەتتىن ئويغىتىشنى ئىرادە قىلىپ: ”ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (ۋاقىتلىق) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، ئاخىرەت ھەقىقەتەن (مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر“ دەپتۇ.

ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى نادانلار ئۇنى كۇپرى ۋە شېرىككە، ئەجداتلارنىڭ دىنىغا قايتىشقا دەۋەت قىلىپتۇ. ئۇ ئۇلارغا: ”الله تەرەپكە كېلىڭلار“ دېسە، ئۇلار ئۇنى: ”سەن ئەجداتلارنىڭ دىنىغا قايتقىن“ دەپتۇ.

ئۇ دەۋەتنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۇلارغا: ”‹ئى قەۋمىم! ماڭا نېمىدۇركى، سىلەرنى مەن (دوزاختىن) قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىمەن، سىلەر بولساڭلار، مېنى دوزاخقا دەۋەت قىلىسىلەر. سىلەر مېنى اللهنى ئىنكار قىلىشقا، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىسىلەر، ھالبۇكى، مەن سىلەرنى غالىب، (بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى (الله) غا دەۋەت قىلىمەن›. سىلەرنىڭ ئىلاھلىرىڭلار تەرىپىدىن قايسى پەيغەمبەر كەلدى؟ قايسى كىتاب چۈشۈرۈلدى؟ ئۇنىڭ تەرىپىگە كىم چاقىردى؟ ‹ئۇ پەقەت سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىينىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت، الله (ئۇلارنىڭ اللهنىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق›. الله كىشىلەرنى ئۆزى تەرىپىگە چاقىرىدىغان ئىبراھىم ۋە يۇسۇف قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. مانا بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئۇ اللهنىڭ پەيغەمبىرى. ھەر بىر شەيئىدە اللهنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر بار، ھەر قانداق جايدا الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ‹ھەقىقەتەن سىلەر مېنى ئۇنىڭغا (بۇتقا) ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىسىلەر، ئۇ (ھېچكىمنى) دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغىنى يوق›“.

بۇ مۆئمىن ئادەم ئۇلارغا شۇنچە كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار توغرا يولغا قايتمىغاچقا، ئۇلاردىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۇلارنىڭ دۆت ۋە گالۋاڭلىقىدىن زېرىكىپ، ئۇلارنى تاشلاپتۇ ۋە ئۇلارغا: ”(سىلەرگە ئازاب

www.uyghurkitap.com

نازىل بولغان چاغدا) سىلەرگە ئېيتقان سۆزۈمنىڭ (راستلىقىنى) ئەسلەيسىلەر، مەن ئىشىمنى اللهقا تاپشۇرىمەن، الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر“ دەپتۇ.

فىرئەۋن پادىشاھلىقىدىكى ئاكابىر ـ ئەشرەپلەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، الله ئۇنى قوغداپ ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىپتۇ.

”الله ئۇنى فىرئەۋن جامائەسىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى. فىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى“.

## فىرئەۋننىڭ ئايالى

فىرئەۋن ئۆزىنى كىشىلەرنىڭ جىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندەك، ئەقلىگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن؛ كىشىلەرنىڭ تىللىرىنى كونترول قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ كونترول قىلىمەن دەپ ئويلايتتى. شۇڭا مىسىردا ھېچكىم فىرئەۋننىڭ رۇخسىتىسىز بىرەر نەرسىگە ئىشىنىشكە ياكى ئېتىقاد قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

ئەگەر مەملىكەتنىڭ ئەڭ يىراق چېتىدە بىرەر ئادەم مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، شۇئان فىرئەۋننىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، ساراڭلىقى تۇتاتتى. غەزەپتىن ئوت بولۇپ ياناتتى.

”مەن ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىغان تۇرسام، ئۇ مۇساغا ئىمان كەلتۈرۈشكە قانداق جۈرئەت قىلىدى؟ ئۇ مېنىڭ مەملىكىتىمدە ياشاپ، ماڭا ئاسىيلىق قىلامدۇ؟ مەن بەرگەن رىزىقنى يەپ، مېنى ئىنكار قىلامدۇ؟ مىسىردا ھەر قانداق ئادەم مېنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك“.

فىرئەۋن ئاشۇنداق قالايمىقان بىلجىرلاۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ اللهنىڭ زېمىنىدا ياشاپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىۋاتقانلىقىنى؛ ئۇ بەرگەن رىزىقنى يەپ، ئۇنىڭغا كاپىر بولۇۋاتقانلىقىنى ھەرگىز ئويلاپ باقمايتتى.

الله فىرئەۋنگە ئۇنىڭ ئۆيىدە، ئائىلىسىدە بىر مۆجىزە كۆرسىتىپتۇ.

الله ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ جىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ ئەقلىگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان؛ كىشىلەرنىڭ تىللىرىنى كونترول قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ كونترول قىلىدىغان؛ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسى، ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئوتتۇرىسىنى

باشقۇرىدىغان زاتىنىڭ اللّٰه ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپتۇ.

فىرئەۋنىنىڭ ئۆيىگە ئىمان كىرىپتۇ، ۋەھالەنكى، ئۇ بۇلارنى سەزمەپتۇ ۋە ھېچنەرسىگە ئىگە بولالماپتۇ. فىرئەۋنىنىڭ ئايالى اللّٰهقا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئېرىگە كاپىر بولۇپتۇ. ئېرى مىسىرنىڭ پادىشاھى بولسىمۇ، بىراق ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپتۇ. اللّٰهنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە فىرئەۋننى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، فىرئەۋن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايال مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىپتۇ.

فىرئەۋنىنىڭ چېرىكلىرى ھېچنېمىنى بىلەلمەپتۇ. ئۇلار ئىتقا ئوخشاش ھەممىنى پۇراپ تاپىدىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنى سېزەلمەپتۇ. فىرئەۋن ئىنسانلار ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىمان ئېتىقادلىقىنى بايقىيالماپتۇ.

ئەگەر فىرئەۋن بۇنى بىلىپ قالسا، ئەھۋال قانداق بولار؟ ياق، ئۇ كىشىلەرنىڭ جىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلالىغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ تىللىرىنى كونترول قىلالىغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى كونترول قىلالمايدۇ. ئىنساننىڭ قەلبىنى باشقۇرۇش مەيلى فىرئەۋن ياكى باشقا ئادەم بولسۇن، ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

ئايالدا ئېرىنىڭ ھەققى بار، بىراق اللّٰهنىڭ ھەققى تېخىمۇ چوڭ. ئايال ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك، بىراق ياراتقۇچىغا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، يارىتىلغۇچىغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. پەرزەنت ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشى كېرەك. ئەمما اللّٰهقا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.

”ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن“.

فىرئەۋنىنىڭ ئايالى ئىمان ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپتۇ. ئۇ اللّٰهنىڭ دۈشمىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ اللّٰهقا ئىبادەت قىلىپتۇ. فىرئەۋنىنىڭ قىلمىشلىرىدىن پۈتۈنلەي ئادا ـ جۇدا بولغان ھالدا اللّٰهقا تەقۋادارلىق

قىلىپتۇ.

اللە فىرئەۋنىنىڭ ئايالىدىن رازى بولۇپ، ئۇنى فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ. ئۇنى مۆئمىنلەرگە مىسال قىلىپ كۆرسىتىپتۇ.

"اللە ئىمان ئېيتقانلارغا فىرئەۋنىنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇز ۋاقتىدا ئۇ: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى فىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن› دېدى".

## ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى

كىشىلەر فىرئەۋنىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا دۈشمەنلىك ۋە زىيانكەشلىك قىلىش ئارقىلىق فىرئەۋنگە يېقىنلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ كىچىك باللىرىدىن تارتىپ ئىت ـ مۈشۈكلىرىگىچە بەنى ئىسرائىلغا چېقىلىدىغان بولۇپتۇ. قىسقىسى ئۇلار ھەر كۈنى يېڭى ـ يېڭى جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە ئۇچراشقا باشلاپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەسەللىي بېرىپ، ئۇلارنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەپ: "اللەتىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن اللەنىڭ مۈلكىدۇر، (اللە) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ" دەپتۇ.

بەنى ئىسرائىل بۇ جاپا ـ مۇشەققەتتىن زېرىكىپ، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: "سېنىڭ بىزگە ھېچقانداق پايداڭ تەگمىدى، سەن بىزنىڭ ھېچقانداق ئىشىمىزنى ھەل قىلالمىدىڭ! ‹سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق" دەپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ بولمىغۇر گەپلىرى ئۈچۈن ئۇلاردىن رەنجىمەي ۋە ئۇمىدسىزلەنمەي، ئۇلارغا: "پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىشى، (مىسىر) زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشى مۇھەققەقتۇر"، "ئى قەۋمىم! ئەگەر اللەقا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، اللەقا بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىڭلار (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى اللەقا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا اللەقا يۆلىنىڭلار)" دەپتۇ.

ئۇلار: ‹‹اللەقا تەۋەككۇل قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن. بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن›› دەپتۇ.

فىرئەۋن بەنى ئىسرائىلنى اللەقا ئىبادەت قىلىشتىن، اللەنىڭ زېمىنىدا مەسجىد سېلىشتىن چەكلەيتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ اللەقا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇلارغا غەزەپلىنەتتى.

زېمىن فىرئەۋننىڭ ئەمەس، بەلكى اللەنىڭ تۇرسا، مۇشۇنداقمۇ چەكتىن ئاشقان ياۋۇزلۇق بولامدۇ؟

اللەنىڭ زېمىنىدا اللەقا ئىبادەت قىلىشنى چەكلىگەن، اللەقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغۇچىنى توسقان كىشىدىنمۇ زالىمراق كىشى بارمۇ؟

فىرئەۋن ھېچكىشىنى ئۆز ئۆيىدە اللەقا خالىغانچە ئىبادەت قىلىشتىن توسۇشقا قادىر بولالمايتتى. شۇڭا الله بەنى ئىسرائىلنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن: ‹‹ئۆيلىرىڭلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار›› دەپ ئەمر قىلىپتۇ.

فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ چېرىكلىرىنىڭ بەنى ئىسرائىلنى اللەقا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇشقا قۇربى يەتمەپتۇ.

بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىنى، مۇسۇلمان بىلەن اللەقا قۇللۇق قىلىش ئوتتۇرىسىنى كىممۇ توسۇپ قالالايدۇ؟

## ئاچارچىلىق

فىرئەۋن كۇنسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، گۇناھ ۋە غەپلەتكە پېتىپ، چوڭچىلىق ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلىۋەرگەچكە، الله ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىرادە قىلىپتۇ. چۈنكى، الله بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇپ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى خالىمايتتى.

فىرئەۋن تولىمۇ دۆت بولۇپ، ھېكمەت ۋە پاراسەت بىلەن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ ئۇنىڭغا قىلچىلىك پايدىسى بولمايتتى. تاياق سالمىساڭ، ئېشەكمۇ ئۆز يولىنى تاپمايدۇ، فىرئەۋننىمۇ قاتتىقراق ئاگاھلاندۇرۇش ۋاقتى كېلىپ قالغان ئىدى.

مىسىر ئاشلىق ۋە مېۋە ئەڭ كۆپ چىقىدىغان، زىرائەت ۋە دەل -

دەرەخلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى دۆلەت ئىدى. سىلەر مىسىرنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى قەھەتچىلىك مەزگىلىدە ئۆزىنى ۋە شام، كەنئان قاتارلىق باشقا شەھەرلەرنى ئاشلىق بىلەن قانداق تەمىنلىگەنلىكىنى بىلىدىڭلار.

نىل دەرياسى مىسىر زېمىنىنى سۇ بىلەن قاندۇرىدىغان، زىرائەتلىرىنى سۇغۇرىدىغان مىسىردىكى بايلىق ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ مەنبەسى ئىدى.

شۇڭا فىرئەۋن ۋە مىسىر ئاھالىسى نىل دەرياسى رىزىقنىڭ ئاچقۇچى، نىل دەرياسى بولغان ئىكەن، بىزنىڭ يامغۇرغا ئېھتىياجىمىز چۈشمەيدۇ دەپ قارايتتى.

ئۇلار رىزىق ئاچقۇچلىرىنىڭ ﷲنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، ﷲنىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭرى قىلىدىغانلىقىنى، نىل دەرياسىنىڭ ﷲنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تېشىپ، ﷲنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىڭىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

نىل دەرياسىنىڭ سۈيى ﷲنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تارتىلىپ زېمىنغا سىڭىپ كېتىپتۇ. ئەمدى مىسىرلىقلار زىرائەتلىرىنى نېمىدە سۇغۇرارىكىن؟ ئۇلارنىڭ زىرائەت ۋە مېۋىلىرى قۇرۇپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئاچارچىلىق كۆپىيىپتۇ.

فىرئەۋن، ھامان ۋە باشقا لەشكەر ـ چېرىكلەر ھېچقانداق ئامال قىلالماپتۇ. مىسىرلىقلار فىرئەۋننىڭ پەرۋەردىگار ئەمەسلىكىنى، رىزىقنىڭ ﷲنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭ فىرئەۋن ۋە مىسىرلىقلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق توغرا يولغا يېتەكلەش رولى بولماپتۇ. چۈنكى، شەيتان ئۇلارنىڭ نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغاچقا، ئۇلار: ”بۇ ئاچارچىلىق ۋە ئاپەت مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى“ دېيىشىپتۇ.

ئاجايىپ ئىش! مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ئۇزۇندىن بېرى بار ئىدىغۇ؟!

ئەلۋەتتە، بۇ فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئەسكىلىكى، رەزىللىكى ۋە كاپىرلىقىنىڭ شۇملۇقىدىن كەلگەن ئىدى.

فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ: ”بىز بۇ سېھىرگە بويسۇنمايمىز، ‹كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەر قانداق مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز›“ دېيىشىپتۇ.

## بەش تۈرلۈك ئاپەت

اللە ئۇلارغا بەش تۈرلۈك ئاپەت ئەۋەتىپتۇ:

1. سۇ ئاپىتى: اللە ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپتۇ، توختىماي يامغۇر يېغىۋېرىپ نىل دەرياسى تېشىپتۇ. سۇلار كەلكۈن بولۇپ زىرائەت، ئېتىز، دان ۋە مېۋىلەرنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. يامغۇر ئۇلارغا ئاپەت بولۇپتۇ. ئىلگىرى ئۇلار سۇنىڭ ئازلىقىدىن شىكايەت قىلغان بولسا، مانا ئەمدى سۇنىڭ كۆپلۈكىدىن قاخشايدىغان بولۇپتۇ.

2. چېكەتكە ئاپىتى: اللە ئۇلارغا چېكەتكە ئەۋەتىپتۇ. چېكەتكە ئۇلارنىڭ زىرائەت ۋە دەل - دەرەخلىرىنى چالا قويماي يېيىشكە باشلاپتۇ. فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى اللەنىڭ ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالماپتۇ. چېكەتكىنى قىلىچ بىلەن چاپقىلى ياكى ئوق ئاتقىلى بولمىسا، ئۇلار بىلەن قانداقمۇ جەڭ قىلغىلى بولسۇن؟

مىسىرلىقلار فىرئەۋننىڭ ئاجىزلىقىنى، چارە - ئۇسۇللىرىنىڭ كېرەككە كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، بىراق ئىبرەت ئېلىپ، توغرا يولغا قايتماپتۇ.

3. پىت ئاپىتى: اللە ئۇلارغا پىتنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلارنى پىت قاپلاپتۇ. اللە ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! كۆرپىدىمۇ پىت، كىيىمدىمۇ پىت، باشتىمۇ پىت، چاچتىمۇ پىت... ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپتۇ. پىتنى تىرناقلىرى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، تىللاپ يۈرۈپ كېچىنى تاڭغا ئۇلاپتۇ.

فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بۇ ئاپەتنى يوقىتالماپتۇ. پىتنىمۇ قىلىچ بىلەن چاپقىلى ياكى ئوق ئاتقىلى بولمىسا، ئۇلار بىلەن قانداقمۇ جەڭ قىلغىلى بولسۇن؟

4. پاقا (قۇمچاق) ئاپىتى: اللە ئۇلارغا پاقىنى ئەۋەتىپتۇ. پاقا ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلىرىگە چاپلىشىپتۇ. ئۆيىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى پاقا قاپلاپتۇ. ھەممە يەردە پاقىلار سەكرىشىپ كىشىلەرنى بىزار قىلىپتۇ. پاقىدىن بىرنى ئۆلتۈرسە، ئونى پەيدا بولۇپتۇ. بىرنى سىرتقا ھەيدىسە، بەشى كۆپىيىپتۇ. لەشكەر ۋە چېرىكلەر بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال قىلالماپتۇ.

5. قان ئاپىتى: اللە ئۇلارغا قان ئاپىتىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇرنىدىن توختىماي قان ئېقىپتۇ. ئۇلار ئاجىزلاپ ھېرىپ چارچاپتۇ. تېۋىپلارمۇ ئۇنى

داۋالىيالماپتۇ، ھېچقانداق دورا ئۇنىڭغا پايدا قىلماپتۇ.

ئۇلار بۇ بەش تۈرلۈك ئاپەتكە دۇچ كەلگەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇپ: ”سەن بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، ئۇ بىزدىن بۇ ئاپەتنى كۆتۈرۈۋەتسۇن، بىز تەۋبە قىلايلى، ئىمان كەلتۈرەيلى ۋە بەنى ئىسرائىلنى سەن بىللەن بىللە قويۇپ بىرەيلى“ دەپتۇ.

الله ئۇلاردىن بۇ ئاپەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزۇپ، كۇپرىدا چىڭ تۇرۇپتۇ.

”ئۇلارغا سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (بالالىرىنى) روشەن مۆجىزىلەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (اللهقا ئىمان ئېيتىشقا) ئۇلارنىڭ گەدەنكەشلىكى يول قويمىدى، ئۇلار گۇناھكار قەۋم بولدى“.

## مىسىردىن چىقىش

مىسىر زېمىنى شۇنچە كەڭ تۇرۇپ، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا تارلىق قىلىپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى ھەرخىل، ھەر تۈرلۈك ئازاپلارنى تارتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. بۇ كەڭ زېمىن ئۇلار ئۈچۈن زىنداندىن ئايلانغان تۇرسا، ئۇلار بۇ يەردە قانداق ياشايدۇ؟ ئۇلار قاچانغىچە سەۋر قىلىدۇ؟ ئۇلارمۇ ئازاپ - كۈلپەتنى ھېس قىلىدىغان ئادەم ئەمەسمۇ؟

الله مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى ئېلىپ، كېچىدە مىسىردىن چىقىپ كېتىشنى ۋەھيي قىلىپتۇ. پىرئەۋننىڭ ئايغاقچىلىرى بۇنى بىلىپ قېلىپ، پىرئەۋنگە خەۋەر قىلىپ قويۇپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام كېچىدە بەنى ئىسرائىلنى ئېلىپ، پەلەستىنگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئون ئىككى قەبىلە بولۇپ، ھەر قەبىلىنىڭ قەبىلە باشلىقى بار ئىدى.

شامغا بارىدىغان يول قۇرۇقلۇق يولى ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ يولدىن ئىككى قېتىم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ يولنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار يولغا چىققان چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر ئىشنى ئىرادە قىلىپتۇ، بىراق الله يەنە بىر ئىشنى ئىرادە قىلىپتۇ. ئاخىرى الله ئىرادە قىلغان ئىش يۈز بېرىپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام يولدىن ئېزىپ كېتىپتۇ. گەرچە ئۇ يولدىن ئاداشقان بولسىمۇ، بىراق،تەقدىر ئاداشمىغان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام



www.uyghurkitap.com

بەنى ئىسرائىلنى ئېلىپ شىمال تەرەپكە ماڭدىم دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما قاراڭغۇ كېچىدە شەرق تەرەپكە كېتىپ قىلىپتۇ. بىردىنلا ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان قىزىل دېڭىز توسۇپتۇ.

- ۋاي اللە! بىز قەيەرگە كېلىپ قالدۇق؟

- ئالدىمىزنى دېڭىز توسۇۋالدىغۇ؟

- بىز يولدىن ئادىشىپ قېلىپتۇق.

ئۇلار ئارقىسىغا قاراپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر زور قوشۇن قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرى تەرەپ - تەرەپتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەيىپلەشكە باشلاپتۇ:

- ھەي ئىمران ئوغلى! نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ بىزنى ئارقىمىزدىن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكۈدەك بىز ساڭا نېمە قىلدۇق؟ فىرئەۋن بىزنى چاشقاننى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرۈپ تاشلىسۇن دەپ بىزنى دېڭىز بويىغا باشلاپ كەلدىڭمۇ؟ بۇ يەردىن يا قاچقىلى ياكى قۇتۇلغىلى بولمىسا، ئەمدى بىز ئۆلىدىغان بولدۇق.

- بىز ساڭا ھېچبىر يامانلىق قىلمىغان ئىدۇققۇ؟ نېمە دەپ بىزدىن بۇنداق ئۆچ ئالىسەن؟

- سېنىڭ سەۋەبىڭدىن بىزگە يەتكەن بالا - كۈلپەتلەر ئازمىدى، ئەمدى بىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگىنىڭ نېمىسى؟

- ئالدىمىزدا دېڭىز، كەينىمىزدە دۈشمەن، بىزگە ئەمدى ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق.

ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ. ئۆلۈمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپلا كېتىپتۇ.

بىراق اللەنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەقا بولغان ئىمان ۋە ئىشەنچىسىدە قىلچىلىك تەۋرىنىش بولماپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرلىكنىڭ بۈيۈك ساداسىنى ئاڭلاپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ)، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىرگە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ“ دەپتۇ.

اللە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسا بىلەن دېڭىزغا ئۇرغان ھامان دېڭىز

يېرىلىپ، سۇ ئىككى تەرەپتە تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئون ئىككى قەبىلە ئۈچۈن ئون ئىككى يول ئېچىلىپتۇ. ئىسرائىل ئەۋلادلىرى دېڭىزدىن ئۆتۈپ قۇرۇقلۇققا تىنچ ـ ئامان يېتىپ كېلىپتۇ.

## فىرئەۋننىڭ غەرق بولۇشى

فىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ دېڭىزدىن تىنچ ـ ئامان كېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىگە: ”قاراڭلار، دېڭىز مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلىپ يېرىلدى، بۇ قاچقۇنلارنى ھازىرلا تۇتۇۋالىمەن“ دەپتۇ ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ماڭغان يولغا كىرىپتۇ.
بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئىسرائىل ئەۋلادلىرى قورقۇپ، يەنە قايتىدىن ۋايساشقا، زارلىنىشقا باشلاپتۇ:
ـ دۈشمەن بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ بىز ماڭغان يولدىن ئۆتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇ ئەمدى بىزگە يېتىشىۋالىدىغان بولدى، ئۇ بىزنى تۇتۇۋالسا ياكى مۇشۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋەتسە، بىز قانداق قىلارمىز؟
مۇسا ئەلەيھىسسالام دېڭىزنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىشى ئۈچۈن ھاسىسى بىلەن دېڭىزنى ئۇرماقچى بولغاندا، اللە ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپ: ”دېڭىزنى تىپتىنچ (يەنى سەن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، قۇرۇق ھالىتى بويىچە) قويغىن، ئۇلار ھەقىقەتەن غەرق قىلىنىغۇچى قوشۇندۇر“ دەپتۇ.
فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى دېڭىزنىڭ بۇ چېتىگە يېتىپ كېلەي دېگەندە، دېڭىز ئېچىلىدىن ئېچىلغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغدەك دۆۋىلىشىپ تۇرغان سۇلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن قاپلاپتۇ. ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن جىددىيلىكىنى كۆرگەن فىرئەۋننىڭ مەستلىكى يېشىلىپتۇ. فىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا: ”ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن“ دەپتۇ.
ياق، ئەمدى ئىمان ئېيتقانىنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. ”داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ“، ”پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ“.

پىرئەۋنگە: ”(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى اللهقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ“ دېيىلدى.

پىرئەۋن دېڭىزغا غەرق بولۇپتۇ. مىڭلىغان بوۋاقلارنى بوغۇزلاپ، مىڭلىغان ئادەملەرنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن زالىم پادىشاھ ئاخىرى دېڭىزغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

ئۇ تەختىدىن، ئوردىسىدىن ۋە ھۆكۈمرانلىقىدىن يىراق بىر جايدا ئۆلۈپتۇ. ئۇنى داۋالايدىغان تېۋىپ، ۋەسىيىتىنى ئاڭلايدىغان دوست ۋە ئۇنىڭغا يىغلايدىغان كۆزلەر ئەمدى بۇ يەردە يوق ئىدى.

ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋننىڭ ئۆلۈمىدىن شەكلىنەتتى. شۇڭا ئۇلار: ”پىرئەۋن ئۆلمەيدۇ، بىز ئەزەلدىن ئۇنىڭ تاماق يەپ، ئىچىملىك ئىچكىنىنى كۆرۈپ باقمىغان“ دېيىشەتتى.

دېڭىز ئۇنىڭ جەسىتىنى قىرغاققا ئىتتىرىپ چىقىرىپتۇ، ئاندىن ئۇلار پىرئەۋننىڭ راستلا ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ.

الله پىرئەۋنگە: ”سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)“ دەپتۇ.

پىرئەۋننىڭ جەسىتى قارىغۇچىلار ئۈچۈن ئىبرەت ۋە ئىبرەتكە ئىگە قىلىدىغان ئالامەت بولۇپتۇ. ئۇنىڭ بارلىق لەشكەرلىرى سۇغا غەرق بولۇپتۇ، ھېچكىم ئامان قالماپتۇ. ئۇلار مىسىرنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا كېتىپ قېلىپتۇ. شۇنچە كەڭ زېمىندا ئۇلار ئۈچۈن دەپنە قىلىنغۇدەك جاي تېپىلماپتۇ.

”ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى قالدۇردى، ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇردى، شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى باشقىلارغا (يەنى بەنى ئىسرائىلغا) مىراس قىلىپ بەردۇق، ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى“.

## قۇرۇقلۇقتا

ئىسرائىل ئەۋلادلىرى قۇرۇقلۇققا تىنچ - ئامان يېتىپ كېلىپ،

ئەركىن ھاۋادىن نەپەس ئېلىپتۇ. مانا ئەمدى ئۇلار قۇللۇقتىن قۇتۇلغان بولۇپ، بۇ يەردە فىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇنىڭ چارلىغۇچى چېرىكلىرىدىن قورقمايتتى، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماي خاتىرجەم ھالدا ئەركىن ھەرىكەت قىلاتتى.

ئۇلار شەھەر ئاھالىسى ئىدى، ئۇلار بۇ تۈزلەڭلىكتە كۆن نۇرىنىڭ قىزدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتۇ.

ئۇلار ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى ئىدى، پادىشاھلار مېھمانلىرىغا چېدىر تىكىپ، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغاندەك، ئاللاھ مۇ بۇ مېھمانلارنى ئەتىۋارلاپ بۇلۇتنى ئۇلارغا سايە چۈشۈرۈپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار قەيەرگە بارسا، بۇلۇتمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ شۇ يەرگە بېرىپتۇ. ئۇلار ھەمىشە بۇلۇتنىڭ سايىسىدا مېڭىپتۇ.

ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۇسساپ چاڭقاپ كېتىپتۇ. بۇ تۈزلەڭلىكتە يا بۇلاق ياكى ئۆستەڭ بولمىسا، ئۇلار ئۇسسۇزلۇقنى قانداق قاندۇرىدۇ؟ ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خۇددى كىچىك بالا ئانىسىغا شىكايەت قىلغاندەك ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ، سۇ تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغان پەرۋەردىگاردىن باشقا كىم بار دەيسىز؟ ئاللاھ ئۇنىڭغا: "ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن" دەپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرغان ھامان "تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەممە ئادەم (يەنى قەبىلە) ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى".

ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خۇددى كىچىك بالا ئانىسىغا شىكايەت قىلغاندەك ئۇنىڭغا قورساق ئاچلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: "سەن بىزنى مېۋە - چېۋە مول بولغان مىسىر زېمىنىدىن ئايرىۋەتتىڭ، بۇ چۆلدە ئەمدى بىزگە كىم تائام بېرىدۇ؟" دەپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ، تائام تەلەپ قىلىپتۇ. ئاللاھ ئۇلارغا تائام چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ. يەنى ئۇلارغا دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە ھالۋىغا ئوخشايدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك بىلەن ئۇلار دەرەخلەردىن ئاسانلا تۇتۇپ ئالىدىغان بىر خىل قۇشنىڭ گۆشىنى رىزىق قىلىپ بېرىپتۇ.

مانا بۇ، اللە ئۇلارغا چۈشۈرۈپ بەرگەن تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنە بولۇپ، بۇ اللەنىڭ ئۆز مېھمانلىرىغا بەرگەن زىياپىتى ئىدى.

## ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ تۇزكورلۇقى

ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك قۇل قىلىنىشى ئۇلارنىڭ ئەخلاق ۋە خاراكتېرىنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋەتكەن ئىدى. ئۇلار بىر نەرسە ئۈستىدە مۇقىم تۇرالمايتتى، ئىرچىللىقتا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنى تۇراقسىزلىق ۋە تۇترۇقسىزلىق ئىگىلىگەن ئىدى.

ئۇلار خاراكتېر جەھەتتە خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشايتتى. تەشەككۈرى ئاز، شىكايىتى كۆپ ئىدى. زېرىككەك ئىدى، چەكلەنگەن ئىشنى قىلىشقا ئامراق، بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىشقا ئۆچ ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ”بىز گۆش ۋە ھالۋىنى يەۋېرىپ بۇ بىر خىل تاماقتىن زېرىكىپ كەتتۇق، بىزنىڭ كۆكتات يېگۈمىز كېلىپ كەتتى، ‹ئى مۇسا! بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىنىنىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن›“ دەپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ بىمەنە ۋە ئەخمىقانە تەلىۋىدىن ھەيران قىلىپ: ”‹سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ (يەنى پىياز، سامساق، كۆكتاتنى تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدىن ئارتۇق كۆرەمسىلەر؟)›، ئىنسانىنىڭ قولى تەگمىگەن بۇ ئالاھىدە يېمەكلىكنى دېھقانلار ئۆستۈرگەن ئادەتتىكى كۆكتاتقا ئالماشتۇرامسىلەر؟“ دەپ ئۇلارغا كايىپتۇ.

ئىسىت، بۇزۇلغان خاراكتېر! ئىسىت، ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ئەقىل.

ئۇلار قىلغان گېپىدىن يانماي، كۆكتات يەيمىز دېگەن تەلىۋىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”سىلەر سورىغان نەرسىنى ھەرقانداق شەھەر ۋە رايوندىن تاپقىلى بولىدۇ، ‹بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار›“ دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ جاھىللىقى

ئىسرائىل ئەۋلادى خاراكتېر جەھەتتىن كىچىك بالىنىڭ ئۆزى ئىدى، ئۇلار جاھىل ۋە ئۆز بېشىمچى بالىغا ئوخشايتتى. بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىشنى ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇيرۇلغان ئىشنىڭ ئەكسىنى قىلىشقا خۇشتار ئىدى.

ئۇلار كەپسىز بالىغا ئوخشاش «ئولتۇر» دېسە قوپۇپ، «قوپ» دېسە ئولتۇراتتى. «گەپ قىلما» دېسە سۆزلەپ، «سۆزلە» دېسە جىم تۇرۇۋالاتتى.

ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە بالىلارچە ئەسكىلىك، دۈشمەنلەرچە مەسخىرىۋازلىق ۋە ساراڭلارچە دۆتلۈك مۇجەسسەملەشكەن ئىدى.

ئۇلار بىرەر شەھەردە تۇرۇشنى، ئۇ يەرنىڭ كۆكتاتلىرىنى مەززە قىلىپ يېيىشنى ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما ھەيران قالارلىقى شۇكى، الله ئۇلارغا: "سىلەر بۇ شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس)دە تۇرۇڭلار، ئۇ يەردىكى يېمەكلىكلەردىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، شەھەر دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (كىرىۋاتقان چېغىڭلاردا) ئى الله! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار، جىمى گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا (ساۋابىنى) زىيادە بېرىمىز" دېگەن چاغدا، ئۇلار بۇ ئىلاھىي بۇيرۇقتىن غەزەپلىنىپ، شەھەرگە مەجبۇرى ھالدا كىرىپتۇ. اللەنىڭ بۇيرۇقىنى مەسخىرە قىلىپتۇ.

"ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار ئۇلارغا ئېيتىلغان سۆز (اللەنىڭ ئەمرىنى) باشقا سۆزلەرگە ئۆزگەرتىۋەتتى".

شۇ سەۋەبتىن الله ئۇلارغا بالا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ۋابا كېسىلىدە چاشقاننىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلۈپتۇ.

ئەگەر ئۇلار بىرەر ئىشقا بۇيرۇلسا، ئۇنى قىلىشقا ئالدىرىماستىن، ئەكسىچە ئۇنى كوچىلاپ سورايتتى، ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە زىغىرلاپ سوراپ كېتەتتى.

ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپتۇ. ئۇلار زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق قاتىلنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئىشتا سەن بىزگە ياردەم بەرگىن، سەن اللەقا دۇئا قىلغىن، ئۇ بىزگە قاتىلنى كۆرسىتىپ بەرسۇن" دەپتۇ.

## كالا

مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپتۇ. ﷲ ئۇلارنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ﷲ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دەپتۇ.

بۇ ئۇلارغا تېپىلغۇسىز بىر ئىش بولۇپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشنى زىغىرلاپ، كوچىلاپ سوراۋېرىپتۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە چىن پۈتمەي: «سەن بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دەپتۇ.

- «جاھىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن ﷲقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.

ئۇلار يەنە سوئال سوراپ: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دەپتۇ.

- «ﷲ ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا.

ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالماي، قانداق رەڭلىك كالا ئىكەنلىكىنى سوراپ: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ رەڭگىنى بايان قىلسۇن» دەپتۇ.

- «ﷲ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى» دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا.

ئۇلار يەنە سوراپتۇ: «پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىن، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىزگە بايان قىلسۇن، (يەنى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ ياكى سەمرىتىش ئۈچۈن بېقىلغان كالىمۇ؟) بۇ بىزگە مۇجمەل بولۇپ قالدى، (بۇ ئېنىق بولىدىغان بولسا) خۇدا خالىسا (ئۇنى) بىز چوقۇم تاپىمىز».

- «ﷲ ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغۇرۇپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بېجىرىم، ئالىسى يوق (يەنى رەڭگىدە سېرىقلىقتىن باشقا رەڭ يوق) بولۇشىنى ئېيتتى» دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.

ئۇلار: «خۇدا خالىسا (ئۇنى) بىز چوقۇم تاپىمىز» دېگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قېتىم ﷲنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن سوئالدىن توختاپتۇ.

ئەسلىدە ئۇلار ھەر قانداق بىر كالىنى بوغۇزلىسا بولىۋېرەتتى، بىراق، ئۇلار سوئالنى تولا سوراپ مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن

ئۇلارنىڭ ئىشى قىيىنلىشىپتۇ. ئۇلار يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغۇرۇپ كۆندۈرۈلمىگەن، بېجىرىم، ئالىسى يوق (يەنى رەڭگىدە سېرىقلىقتىن باشقا رەڭ يوق)، رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق، ئوتتۇرا ياشلىق كالىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ.

بۇنداق سۈپەتكە ئىگە كالىنى ئۇلار تاپالماپتۇ. كالا بىر بولسا قېرى بولۇپ قالغان، بىر بولسا ياش بولۇپ قالغان، ئوتتۇرا ياشلىق بولسا رەڭگى ساپسېرىق بولمىغان، رەڭگى تەلەپكە لايىق بولسا يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغۇرۇپ كۆندۈرۈلگەن بولۇپ قالغان... ئىشقىلىپ ئۇلار تولا سوئال سورىغانلىقى زېيىنىنى يەتكۈدەك تارتىپتۇ. «ئۇ نېمە؟ بۇ نېمە؟ ئۇ قانداق؟ بۇ قانداق؟» دەۋېرىشنىڭ زىيانلىق ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ يېتىپتۇ.

الله يېتىم بالىغا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىپ، ئۇلارغا كالىنى تەقدىر قىلىپتۇ. ئۇلار كالىنى تاپقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنى قىممەت پۇلغا سېتىۋاپتۇ.

«ئۇلار (كالىنى) تېپىپ كېلىپ بوغۇزلىدى، (ئۇلار سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى».

الله ئۆلتۈرۈلگۈچىنى كالىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇ تىرىلىپ قاتىلىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

## شەرىئەت

ئىسرائىل ئەۋلادلىرى فىرئەۋننىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن ھۆر ھاياتقا ئېرىشىپتۇ. قۇللۇق ئىچىدىكى ھايۋانلارچە خار ھاياتتىن چۆلدىكى مۇستەقىل، شەرەپلىك ھاياتقا چىقىپتۇ. مانا ئەمدى ئۇلار ئىشلىرىدا ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتىدىغان ئىلاھىي شەرىئەتكە موھتاج بولۇپتۇ.

ئىنسان ئىلاھىي شەرىئەتنىڭ يولىيورۇقى ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن نۇرغا ئېرىشەلمىگەندە، ئۇنىڭ ئىنساندەك ياشىشى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۆز دۇنياسىنى پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتمىغان ئىنسان مەڭگۈ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالىدۇ.

بۇ نۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ نۇرى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن ھىدايەت تاپىدۇ. مۇشۇ نۇر بىلەن ھىدايەت تاپمىغان ئىنسان قارىغۇ تۆگىگە ئوخشاش

مەڭگۈ زالالەتتە قالىدۇ.

بۇ نۇر بىلەن يورۇتۇلمىغان ئەقىدە ۋەھىمە ۋە خۇراپاتلار يىغىندىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇكى، ئۇنىڭ بىمەنىلىكىدىن كىچىك باللارمۇ كۈلۈپ تاشلايدۇ.

سىلەر مۇشرىكلار، كاپىرلار ۋە يەھۇدىي - خرىستىئانلارنىڭ خۇراپات - ئەپسانىلىرىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

ئىلاھىي نۇردىن خالى ئىلىم گۇمان، شەك، تەخمىن ۋە نادانلىقتۇر. «ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، گۇمان دېگەن ھەقنى ئىسپاتلاشتا ھېچنەرسىگە يارىمايدۇ».

دىندىن خالى ئەخلاق سۇنئىيلىك، رەڭۋازلىق، مۇبالىغە، كۆپتۈرۈش، كەمتۇكلۇك ۋە يېتەرسىزلىكتۇر. سىلەر پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشمىگەن كىشىلەرنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، چەك - چېگرالارنى بۇزۇپ، ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ قۇلى بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەنمۇ؟

توغرا ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلمىغان ھۆكۈمرانلىق ۋە سىياسەت زۇلۇم ۋە ئىستىبدات بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكى ۋە ھوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە دەخلى تەرىزگە ئۇچرىتىدۇ.

سىلەر اللەتىن قورقمايدىغان ۋە شەرىئەتكە ئەگەشمەيدىغان باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چاچقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە جېنى بىلەن ئويناشقانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟

ئۇلار كىشىلەرنى قانداق قۇل قىلدى؟ ئۇلار كىشىلەرنى پىرقىلەرگە بۆلۈپ، ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاياللىرىنى قانداق خىزمەتكە سالدى؟

سىلەر بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

ئۆز دۇنياسىنى پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتمىغان ئىنسان مەڭگۈ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالىدۇ. «(مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇ قاراڭغۇلۇقتا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، الله نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى الله ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ)».

پەيغەمبەر كىشىلەرگە اللەقا قانداق ئىبادەت قىلىشنى، كىشىلەر بىلەن ئۆزئارا قانداق مۇئامىلە قىلىششنى ئۆگىتىدۇ.

پەيغەمبەر كىشىلەرگە ھايات ۋە تۇرمۇشتىكى، جۈملىدىن يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، ئۇخلاش ـ ئويغىنىش... قاتارلىقلاردىكى ئەدەب ـ قائىدىلەرنى تەلىم بېرىدۇ.

پەيغەمبەر كىشىلەرگە خۇددى مېھرىبان ئاتا سۆيۈملۈك بالىسىغا ئۆگەتكەندەك ئۆگىتىدۇ.

كىشىلەر پەيغەمبەر ئالدىدا كىچىك بالىلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ تەربىيىسىگە بالا ئاتىنىڭ تەربىيىسىگە موھتاج بولغاندىن بەكرەك موھتاج بولىدۇ.

پەيغەمبەرنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلمىغان، پەيغەمبەرلەردىن ئەدەب ئۆگەنمىگەن ئادەم گويا ئۆزلىكىدىن چۆلدە ئۈنۈپ قالغان، پۇتاق ۋە شوخا ـ تىكەنلىرى ئېلىنمىغان دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ.

## تەۋرات

الله تەرەپتىن كىتاب ۋە ھىدايەت چۈشۈرۈلمىگەن ئۈممەتلەر زالالەت باياۋانىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقاندەك، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ يوقۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن الله مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پاكلىنىپ، 30 كۈن روزا تۇتۇشقا، ئاندىن كېيىن تۇر تېغىغا كېلىپ، پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ۋە پەرۋەردىگارىدىن كىتاب قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىنكارچى ئۈممەت بولغاچقا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆزىگە گۇۋاھچى بولۇپ بېرىشى ئۈچۈن قەۋمى ئىچىدىن 70 ئادەمنى تاللاپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى ھارۇنغا: «(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دەپ ئۇنى قەۋمىگە يولباشچى قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇپ، پەرۋەردىگارى بىلەن ئۇچرىشىدىغان جايغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ الله بىلەن ئۇچرىشىشقا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە تۇر تېغىغا قەۋمىدىن بۇرۇن ئالدىراپ يېتىپ كېلىپتۇ.

ـ «ئى مۇسا! تۇرسىناغا قەۋمىڭدىن ئىلگىرى كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نىمە؟» دەپ سوراپتۇ الله ئۇنىڭدىن.

- «ئۇلار ئىزىمنى قوغلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، پەرۋەردىگارىم! سېنى رازى بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم» دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.

ئۇ تۇرسىناغا يېتىپ كېلىپتۇ، الله ئۇنىڭغا بىۋاسىتە سۆزلەپ، ئۇنى ئۆزىگە يېقىن قىلىپتۇ. بۇ خىل يېقىنلىق ئۇنىڭ اللهقا بولغان ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋېتىپتۇ - دە، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن، مەن سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي» دەپتۇ.

الله مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، «كۆزلەر اللهنى كۆرمەيدۇ، الله كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، الله (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر».

بۇنىڭغا تاغلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. تاغلار اللهنىڭ نۇرىنى كۆتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، اللهنىڭ سۆزىنىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ.

«ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ اللهتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ».

الله مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنسانىنىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ). لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى.

پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش (ئۆز نۇرىنى ئاشكارا قىلىش) بىلەن، تاغنى تۇپتۇز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: «(پەرۋەرىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى.

الله ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاسىتە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم، ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن».

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج بولغان ۋەز - نەسىھەت، دىنىي ئەھكاملارنىڭ ھەممىسى تەپسىلىي يېزىلغان تەۋرات تاختىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپتۇ. الله ئۇنى تەۋراتنى مەھكەم تۇتۇشقا ھەمدە قەۋمىنى ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇشقا ئەمىر قىلىپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئىچىدىن تاللىغان 70 ئادەمنىڭ قېشىغا

كېلىپ، اللهنىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى بايان قىلىپتۇ. بىراق، ئۇلار يۈزى قېلىنلىق ۋە قاراملىق بىلەن: «اللهنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دەپتۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ تۈزكورلۇقىغا اللهنىڭ غەزىپى كېلىپ، ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرۈپتۇ. شۇئان ئۇلارنى چاقماق سوقۇپتۇ. ئۇلار الله ياراتقان چاقماقنى كۆتۈرەلمىگەن يەردە، اللهنىڭ نۇرىنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن؟!

مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ، ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دەپتۇ.

الله مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپتۇ. ئۇلارنى شۈكرى قىلسۇن دەپ، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈپتۇ.

## موزاي

ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى مىسىردا مۇشرىكلار بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن ئىدى. قىبتىلار مىسىردا كۆپلىگەن نەرسىلەرگە چوقۇناتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ شېرىكنى ئۆچ كۆرۈش تۇيغۇسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە شېرىككە نىسبەتەن مايىللىقنى پەيدا قىلغان ئىدى.

ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا سۇ ئازگالغا كىرىۋالغاندەك شېرىككە چاپلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ساپ ئىنسانىي تەبىئىتى ۋە خاراكتېرى بۇزۇلغاچقا، توغرا يولدىن كۆپرەك خاتا يولدا مېڭىشقا ئامراق ئىدى.

بىر قېتىم ئۇلار قۇلزۇم دېڭىزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېگەن ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزىپى كېلىپ: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر، ئىست سىلەرگە! الله سىلەرگە ئىنئام قىلدى، سىلەرنى ھەممىدىن ئارتۇق قىلدى، سىلەرگە دۇنيادا ھېچكىمگە بەرمىگەن نېمەتلەرنى بەردى. الله سىلەرنى (زامانىڭلاردىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلغان تۇرسا، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ

ئىزدەمدىم؟» دەپ ئۇلارغا كايىغان ئىدى.
مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىغا كېتىپ، بىر قانچە كۈن ئۇلاردىن ئايرىلىپ بولغىچە، ئۇلار شەيتاننىڭ ئولجىسىغا ۋە شېرىكنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سامىرى ئىسىملىك بىر ئادەم (ئېرىتىلگەن زىبۇزىننەتلەردىن) ئۇلار ئۈچۈن بىر موزاي ھەيكەل ياساپتۇ. ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىدىكەن. ئۇلار (يەنى سامىرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى): «بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر ۋە مۇسانىڭ ئىلاھىدۇر، مۇسا (ئىلاھنى بۇ يەردە) ئۇنتۇپ قېلىپ (ئۇنى ئىزدەپ تۇرسىناغا كەتتى)» دەپتۇ.
ئىسرائىل ئەۋلادلىرى بۇ موزايغا ئالدىنىپ، قارىغۇلارچە ئۇنىڭ ئالدىغا يىقىلىپتۇ.
«ئۇ موزاينىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟»
«ئۇلار موزاينىڭ ئۇلارغا سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى، يول كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟»
مۇسانىڭ قېرىندىشى ھارۇن مۇسا قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى بۇنىڭدىن توسۇپ، ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزاي بىلەن قايمۇقتۇرۇلدۇڭلار، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار مەرھەمەتلىك الله تۇر، ماڭا بويسۇنۇڭلار، (موزايغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىش بىلەن) بۇيرۇقىمغا ئىتائەت قىلىڭلار!» دەپتۇ.
بىراق، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى سامىرىنىڭ سېھرى بىلەن ئازدۇرۇلغان، ئۇلارنىڭ قەلبىگە موزاينىڭ مۇھەببىتى سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار: «مۇسا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋېرىمىز» دېيىشىپتۇ.

## جازا

الله مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سامىرىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى ئازدۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلىپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام غەزەپلەنگىنىچە قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇ قەۋمىگە ۋە قېرىندىشى ھارۇنغا غەزەپ قىلىپ: «ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئازغانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭدا (خۇدالىق ئۈچۈن غەزەپلىنىشتە) ماڭا ئەگىشىشتىن نېمە توسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ

بۇيرىقىمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟» دەپتۇ.
ھارۇن: «ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم»، «ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى» دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ.
مۇسا ئەلەيھىسسالام: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن» دەپتۇ.
ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام سامىرىغا قاراپ: «ئى سامىرى! سېنىڭ مۇنداق يامان ئىشنى قىلىشتىن غەرىزىڭ نېمە؟» دەپ سوراپتۇ.
سامىرى ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىپ: «بۇنى ماڭا نەپسىم چىرايلىق كۆرسەتتى» دەپتۇ.
مۇسا ئەلەيھىسسالام سامىرىغا: «سەن بارغىن! سەن ئۆمۈرۋايەت (كۆرگەنلا كىشىگە) ”ماڭا يېقىنلاشماڭلار!“ دېگەيسەن (يەنى سېنىڭ كىشىگە يېقىنلاشماسلىقىڭ، كىشىنىڭ ساڭا يېقىنلاشماسلىقى بۇ دۇنيادا ساڭا بېرىلگەن جازادۇر)» دەپتۇ.
مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا باياۋاندىكى ياۋايى ھايۋانغا ئوخشاش يالغۇز ياشاش جازاسى بېرىپتۇ.
نېمىشقا دەمسىز؟
شېرىك ئارقىلىق مىڭلىغان ئىنسانلارنى بۇلغىغان ئىنسان چوقۇم ئىنسانلار تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى ۋە چەتكە قېقىلىشى كېرەك.
الله  بىلەن ئۇنىڭ بەندىلىرى ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتكەن ئىنسان بىلەن باشقا ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسى چوقۇم ئايرىۋېتىلىشى كېرەك.
اللهنىڭ زېمىنىدا كىشىلەرنى اللهقا شېرىك كەلتۈرۈشكە چاقىرغان گۇناھكار ئۈچۈن اللهنىڭ زېمىنى زىندان بولۇشى كېرەك.
مۇسا ئەلەيھىسسالام سامىرىغا جازا ھۆكۈم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەلئۇن موزاينى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈلىنى دېڭىزغا چېچىشقا بۇيرۇپتۇ. ئىسرائىل ئەۋلادلىرى بىر مەھەل ئىلاھ بىلىپ چوقۇنغان موزاينىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاجىز ۋە كېرەكسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپتۇ.



uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلار يېڭى ئادرېسى

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا قاراپ: «ئى قەۋمىم! سىلەر مۇزايىنى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، مۇزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن، مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دەپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدىكى مۇزايغا چوقۇنمىغانلار مۇزايغا چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار اللهنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشىپتۇ.

«شۈبھىسىزكى مۇزايىنى مەبۇد قىلىۋالغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، بۇ دۇنيادا خارلىققا قالىدۇ، (اللهقا) بوھتان قىلغۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز».

مەيلى مۇزايغا چوقۇنغۇچىلار بولسۇن ياكى مۇشرىكلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىيامەتكىچە ئەنە شۇنداق جازاغا ئۇچرايدۇ.

## ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقى

ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مىسىردا قۇللۇق، ھاقارەت ۋە خارلىق ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ياش ـ ئۆسمۈرلەر قۇللۇق ئىچىدىلا ئوتتۇرا ياش ۋە قېرىلارغا ئايلانغان، تومۇرلىرىدىكى قانلارمۇ ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئەمدى خوجايىنلىق چۈشىنى چۈشىمەيدىغان، نە غازات، نە جىھاد دېگەنلەرنى ئويلاپ باقمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى.

ئىسرائىل ئەۋلادلىرى كۆڭلىرىنى غۇربەتچىلىك ۋە بىچارىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار ئۈچۈن نە ۋەتەن، نە ھۆكۈمرانلىق يوق ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ۋەھيىسىگە ئاساسەن ئۇلارنى ئەجدادلىرىنىڭ ۋەتىنى بولغان مۇقەددەس زېمىن (پەلەستىن)گە كىرىشكە، ئۇ يەردە باشقىلارغا بېقىنماي ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ھۆر ھالەتتە ياشاشقا بۇيرۇپتۇ.

مۇقەددەس زېمىن ئەمالىقىلەر ۋە كەنئانلىقلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قىزىقتۇرۇشنى ۋە ئىشنى ئۇلارغا ئاسانلاشتۇرۇشنى ئىرادە قىلىپتۇ. چۈنكى،

ئۇلار كۈچلۈك ۋە قامەتلىك مىللەت بولغاچقا، ئۇلار مۇقەددەس زېمىندىن چىقىپ كەتمىگىچە، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۇ يەرگە كىرگىلى ئۇنىمايتتى.

الله ئۇلارنى ئۆز يولىدىكى جىھادقا ئىلھاملاندۇرۇش، بۇنداق خار ۋە هاقارەتلىك هاياتنىڭ پەيغەمبەر ۋە پادىشاھلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ۋە ئۇلارنى جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلغانلىقىنى ئۇلارغا ئەسلىتىپتۇ:

ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! اللهنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، الله ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلارغا خوجا قىلدى). سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئۆتتۈرىسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېمەتلەرنى بەردى».

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يەنە مۇنداق دەپتۇ: «سىلەر الله سىلەرگە تەقدىر قىلغان مۇقەددەس زېمىنغا كىرىڭلار. سىلەر ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى دۈشمەنلىرىڭلاردىن تارتىۋېلىڭلار. ئەگەر الله سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرىسا ۋە ئۇنى سىلەرگە تەقدىر قىلسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئاسانلا ئېرىشەلەيسىلەر. اللهنىڭ تەقدىرىگە ھېچكىم قارشى تۇرالمايدۇ. "ئى قەۋمىم! الله سىلەرگە تەقدىر قىلغان (يەنى سىلەرنى كىرىشكە ئەمر قىلغان) مۇقەددەس زېمىنغا (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار"».

مۇسا ئەلەيھىسسالام قورقۇنچاقلىق تەبىئىتىنىڭ ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا: «ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا (ئىككىلا دۇنيادا) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دەپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بېرىپتۇ. ئۇلار: «ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك (يەنى جاسارەتلىك، قامەتلىك) بىر قەۋم بار (ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقىلەر)، ئۇلار چىقىپ كەتمىگىچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە، چوقۇم كىرىمىز» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

اللهتىن قورققۇچىلاردىن بولغان، اللهنىڭ (ئىمان ۋە تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (يەنى كالىب ئىبنى يەفۇننە بىلەن يۇشەئ ئىبنى نۇن) ئۇلارغا: «(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار،

(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر (اللەنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، اللەقا تەۋەككۇل قىلىڭلار» دەپتۇ.

بىراق، ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ سۆزى ئۇلارغا ھېچقانداق تەسىر قىلماپتۇ. بەلكى، ئۇلار: «كىرىش زۆرۈر بولسا ئۆزۈڭ كىرگىن، ئەگەر بىز سېنىڭ شەھەرگە ساق ـ سالامەت كىرگەنلىكىڭنى ئاڭلىساق، ئاندىن بىزمۇ كىرەيلى»، «ئى مۇسا! ھەر قاچان، ئۇلار مۇقەددەس يەردىلا بولىدىكەن ، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دەپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ۋە ئۇلاردىن ئۈمىدسىزلىنىپ: «پەرۋەردىگارىم! مەن پەقەت ئۆزۈمگە ۋە قېرىنداشلىرىمغىلا ئىگىمەن، سەن بىز بىلەن (ئىتائەتتىن باش تارتقان) قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن» دەپ اللەقا دۇئا قىلىپتۇ.

الله دېدى: « ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ، پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن».

بۇ قىرىق يىل جەرياندا مىسىردا قۇللۇق ۋە خارلىق ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا باياۋاندا جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەر دۇنياغا كېلىپتۇ.

ئەنە ئاشۇلار ئۈممەتنىڭ كېلەچىكى ئىدى.

## ئىلىم يولىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتىپتۇ.

ـ ئەڭ بىلىملىك كىشى كىم؟ ـ دەپ سوراپتۇ بىر ئادەم مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن.

ـ مەن، ـ دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام جاۋابەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىلىمنى اللەقا قايتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇنىڭغا كايىپتۇ ھەمدە: «ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان يېرىدە مېنىڭ

بىر بەندەم بار، بىلىمدە ئۇ سەندىن ئۈستۈن، سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىن» دەپ ۋەھيي قىلىپتۇ.

- ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشىمەن؟ - دەپ سوراپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.

- سەن سېۋەتكە بىر بېلىقنى سېلىپ ماڭغىن، بېلىقنى قەيەردە يوقاتساڭ، ئۇ كىشىنى شۇ يەردە ئۇچرىتىسەن، - دېيىلىپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بېلىقنى سېۋەتكە سېلىپ، يۇشەئ ئىبن نۇننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، بىر قۇرام تاشنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ھەر ئىككىسى بېشىنى تاشقا قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ. بېلىق تىرىلىپ سېۋەتتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، دېڭىزغا سەكرەپ غايىپ بولۇپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەمراھى بىر كېچە - كۈندۈز مېڭىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، ئۇ ھەمراھىغا: «ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق» دەپتۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇچرىشىشقا بۇيرۇلغان جايدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ھەمراھى ئۇنىڭغا: «بىز چوڭ تاش ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا (يۈز بەرگەن ئىشتىن يەنى پىشۇرۇلغان بېلىقنىڭ تىرىلىپ، سېۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ دەرياغا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىزىق ئىشتىن) خەۋىرىڭ بارمۇ؟ مەن راستىلا بېلىقنى ئۇنتۇپتىمەن» دەپتۇ. «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى» دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئاندىن ئۇ ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە يېنىشىپتۇ.

ئۇلار قۇرام تاشنىڭ يېنىغا كەلگەندە، بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئۇ ئادەم مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ.

- مەن مۇسا بولىمەن، - دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.

- ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ پەيغەمبىرى مۇسامۇ؟ - دەپ سوراپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام.

- شۇنداق، - دەپتۇ ئۇ، ئاندىن: «اللە ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟ (يەنى سۆھبىتىڭدە بولايمۇ؟)» دەپ سوراپتۇ.

- «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن»، ﷲ ماڭا بىلدۈرگەن ئىلىمنى سەن بىلمەيسەن، ساڭا بىلدۈرگەن ئىلىمنى مەن بىلمەيمەن، - دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام.

- «ﷲ خالىسا، مېنى سەۋر قىلغۇچى كۆرىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن» دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.

ئۇلار بىللە مېڭىپ بىر دەريانىڭ بويىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىر كېمە ئۆتۈپتۇ. ئۇلار كېمىدىكىلەردىن ئۆزلىرىنى ئېلىۋېلىشنى سوراپتۇ. كېمىدىكىلەر ئۇنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارنى دەريادىن ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ قويماقچى بولۇپ، كېمىسىگە سېلىۋاپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ، كېمىنىڭ گىرۋىكىگە قونۇپ دەريانىڭ سۈيىدىن بىر - ئىككى يۇتۇم ئىچىپتۇ.

- ئى مۇسا! مېنىڭ ئىلمىم ۋە سېنىڭ ئىلمىڭ ﷲنىڭ ئىلمىدىن مۇشۇ قۇشقاچ دەريانىڭ سۈيىدىن بىر - ئىككى يۇتۇم ئازايتقانچىلىك ئازايتالايدۇ، - دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام، ئاندىن كېمىنىڭ بىر تال تاختىيىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كېمىنى تېشىۋېتىپتۇ.

- بۇلار بىزنى كېمىسىگە سېلىپ، دەريادىن ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ قويۇۋاتسا، سەن ئۇلارنىڭ كېمىسىنى تېشىۋېتىپ، ئۇلارنى سۇغا غەرق قىلاي دەمسەن؟ - دەپ سوراپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.

- مەن ساڭا: «سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن» دېمىدىممۇ؟ - دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام.

- «ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما» دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.

ئۇلار بىللە مېڭىپ، بىر توپ بالىلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بىللە ئويناۋاتقان بىر ئوغۇل بالىنىڭ بېشىدىن تۇتۇپ، كەينىگە قايرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان مۇسا ئەلەيھىسسالام: «سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن ھەقىقەتەن ياۋۇز ئىشنى قىلدىڭ» دەپتۇ.

- مەن ساڭا: «سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن» دېمىدىممۇ؟ - دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام.

- بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، -

www.uyghurkitap.com

دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.

ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سوراپتۇ. شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتىپتۇ. ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچرىتىپ، (ئۇنى خىزىر قولى بىلەن سىلاپ) تۈزلەپ قويۇپتۇ.

- «ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ» - دەپتۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام.

- «بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىز)، سەن سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان (يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ) ھەقىقىتىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەي» دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «اللہ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا رەھىم قىلسۇن، ئەگەر ئۇ سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرغان بولسا، بىز ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىشلىرىنى ئاڭلىۋالغان بولاتتۇق».

## ئىشلارنىڭ سەۋەبى

خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

«كېمىگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىر قانچە نەپەر كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، مەن ئۇنى تېشىپ ئەيىبلىك قىلماقچى بولدۇم، (چۈنكى) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (يەنى بارىدىغان يولىدا) ھەرقانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن (زورلۇق بىلەن) تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى، (ئەگەر مەن ئۇنى تېشىۋەتمىسەم، ئۇ بىچارە كەمبەغەللەر كېمىسىدىن ئايرىلىپ قالاتتى).

(ئۆلتۈرۈلگەن) بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى مۆمىن ئىدى. (ئۇ ئەسلىدە كاپىر يارىتىلغانلىقتىن، چوڭ بولغاندا) ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇپرىنى ئاتا - ئانىسىغا تېڭىشىدىن قورقتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى ئىرادە قىلدۇق.

تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ھەققى بولغان) خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە،

خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى.

بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر، ئۇنى (يەنى يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بىلەن قىلغىنىم يوق (بەلكى ئۇنى اللەنىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ»

مۇسا ئەلەيھىسسالام ھېچقانداق ئادەمنىڭ اللەنىڭ ئىلمىنى تولۇق بىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى، اللەنىڭ بىر قىسىم ئادەملەرگە بىر خىل ئىلىم بەرسە، يەنە بىر قىسىم ئادەملەرگە يەنە بىر خىل ئىلىم ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، بىلىملىك ئادەملەر ئىچىدە ئاجايىپ كاتتا بىلىم ئىگىلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئىسرائىل ئەۋلادلىرى اللەنىڭ جازاسى تۈپەيلى باياۋاندا گاڭگىراپ يۈرۈپتۇ. چۈنكى، ئۇلار اللەنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، خار ۋە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

ئۇلار اللەنى نارازى قىلدى، ۋەھالەنكى، الله ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ۋە پادىشاھلارنى قىلغان، ئۆز زامانىسىدىكى جاھان ئەھلىدىن ھېچكىمگە بەرمىگەن نېمەتلەرنى ئۇلارغا بەرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى خىزمەتكە سېلىپ، ئۇلارنى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئازاب بىلەن قىيناۋاتقان فىرئەۋندىن ئۇلارنى قۇتقۇزغان ئىدى.

ئۇلارغا دېڭىزنى يېرىپ يول ئېچىپ بەرگەن، ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۇلارنىڭ دۈشمىنى فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى سۇغا غەرق قىلىۋەتكەن ئىدى.

ئۇلارغا بۇلۇتنى سايە قىلىپ بەرگەن، تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنىنى رىزىق قىلىپ بەرگەن ئىدى.

ئۇلارغا زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى كەڭرى قىلىپ بەرگەن ئىدى.

ئۇلار اللهنىڭ شۇ قەدەر كۆپ نېمەتلىرىنىڭ بەدىلىگە اللهنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، اللهقا ئاسىيلىق قىلىپ، ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن باياۋاندا ئادىشىپ قېلىش جازاسىغا مۇپتىلا بولۇپ، ئەنە شۇنداق خار ۋە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى غەزەپلەندۈرگەن ئىدى. ۋەھالەنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە ئۇلارغا ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدىغان، ئەڭ مېھرىبان كىشى ئىدى. ئۇ ئۇلارغا خۇددى سۈت ئېمىتكۈچى ئانا ئەمچەكتىكى بوۋاققا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنەتتى.

ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تىللىسا، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى، مەسخىرە قىلىپ كۈلسە، ئۇلارغا ئېچىنىپ يىغلايتتى.

ئۇلارنى فىرئەۋن پادىشاھلىقىنىڭ زۇلۇمى ۋە قۇللۇقىدىن قۇتقۇزۇپ، ئەركىن ۋە ھۆر ھاياتقا ئېرىشتۈرگەن؛ بەختسىز قۇللارنىڭ ھاياتىدىن بەختلىك خوجايىنلارنىڭ ھاياتىغا چىقارغان ئىدى.

شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى، ئۇنىڭغا ئازار بەردى، يوغانچىلىق قىلدى، مەسخىرە قىلدى، ئۇنى كۆزگە ئىلماي، ئەڭ تۆۋەن ئادەملەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى.

ئۇلار شۇ قەدەر كۆپ جىنايەتلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق جازاغا لايىق ئەمەسمۇ؟ خارلىق، رەسۋالىق، بىچارىلىك، چۆل ـ باياۋاندا مەڭگۈ قېلىش...قاتارلىق جازالار ئۇلارغا لايىق ئەمەسمۇ؟

ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاشۇ جازالارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا تازا لايىق ۋە مۇۋاپىقتۇر.

«ئۇلارغا الله زۇلۇم قىلمىدى ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەككىزىنچى قىسىم

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالام

1 ـ يۇقىرىقى قىسسىلەرگە نەزەر
سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار!
سىلەر يۇقىرىدا سەيىيدىمىز نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، يۇسۇف ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇدۇڭلار. بولۇپمۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىلىي ۋە ئۇزۇن يېزىلغان قىسسىسىنى زور ئىشتىياق ۋە قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىڭلار. سىلەر بۇ قىسسىلەرنى ئوتتەك قىزىقىش، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتىڭلار.
بۇ قىسسىلەر سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا چوڭقۇر سىڭدى، سىلەر ئۇنى زېھنىڭلاردا ساقلىۋالدىڭلار. تىلىڭلارمۇ ئۇنىڭغا ئوبدانلا كېلىپ قالدى. باشقىلار سىلەرنىڭ ئۇ قىسسىلەرنى ئۆگىنىڭلارغا سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپتۇ. سىلەر ئۇنى يەنە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ۋە ئاكىلىرىڭلارغىمۇ سۆزلەپ بېرىدىكەنسىلەر. سىلەر بۇ قىسسىلەرنى ئوقۇشتىن ۋە باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشتىن خۇشاللىق تاپىدىكەنسىلەر.

2 ـ ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش قىسسىسى

بۇ قىسسىلەرنىڭ قىزىقارلىق، تەسىرلىك، جەلپ قىلارلىق، كىشى قەلبىنى ئۆزىگە تارتىدىغان، ئاممىباپ قىسسە بولۇشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ھەق بىلەن باتىل، ئىلىم بىلەن نادانلىق، زۇلمەت بىلەن نۇر، ئىنسانىيلىق بىلەن ياۋايىلىق، ئىشەنچ بىلەن گۇمان، قەتئىيلىك بىلەن شۈبھە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش قىسسىسىدۇر.
ئۇ يەنە ھەقنىڭ باتىل ئۈستىدىن، ئىلىمنىڭ نادانلىق ئۈستىدىن، ئاجىزنىڭ كۈچلۈك ئۈستىدىن، ئاز سانلىقنىڭ كۆپ سانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش قىسسىسىدۇر. ئۇنىڭدا ئىلىم، ھېكمەت، نەسىھەت ۋە

ئىبرەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. (قۇرئان) يالغاندىن توقۇلغان سۆز ئەمەس، لېكىن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل بولغان (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى ئىنچىكە بايان قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر».

## بىز مەدىيەن ئاھالىسىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق

بىز يۇقىرىدا سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنىڭ ھەممىسى الله قۇرئاندا بايان قىلغان قىسسىلەر بولۇپ، قۇرئاندا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن قىسسىلەر بار.

الله شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى مەدىيەنگە ۋە ئەيكەلىقلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار تىجارەت ۋە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار يەمەن بىلەن شام، ئىراق بىلەن مىسىر ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان چوڭ سودا پورتىغا ئىگە ئىدى.

ئۇلار ھەر قايسى دەۋردىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇشرىك قەۋملىرىگە ئوخشاش اللهقا شېرىك كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بېرەتتى. كارۋانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ قورقۇتاتتى. ئۇلار الله ئالدىدا ھېساب بېرىشنى ئويلىمايدىغان، ئازابتىن قورقمايدىغان، مۇتەكەببىر ۋە ھاكاۋۇر بايلارغا ئوخشاش زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشنى ئىزدەيتتى.

الله ئۇلارغا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلدى. ئۇلارنى اللهنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

«ئى قەۋمىم! اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن باي ھېسابلايمەن، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ

تۇرغۇچى كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن. ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار».

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەپسىلىي ۋە ئەستايىدىل سۆزلەيتتى. ئۇلارغا مەسىلىنى يېشىپ چۈشەندۈرەتتى. ئۇلارغا مال ـ دۇنيا تېپىشنىڭ توغرا يوللىرىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيتتى: «كىشىلەرگە ئۆلچەم ۋە تارازىدا توغرا ئۆلچەپ بەرگىنىڭلاردىن كېيىن، قولۇڭلارغا ئاشقان پايدا كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى زۇلۇم ۋە خىيانەت ئارقىلىق ئېلىۋالغىنىڭلاردىن ئەلۋەتتە كۆپ ياخشى. سىلەر ئىلگىرى ئۆتكەن بايلار ۋە پۇلدارلارنىڭ ھاياتىغا قاراپ باقساڭلار، شۇنى ئوچۇق بايقايسىلەركى، ئۇلارنىڭ ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بېرىش، خىيانەت ۋە زۇلۇم قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن پۇل ـ ماللىرى ئاخىرقى ھېسابتا ھالاكەت، يوقۇلۇش، زىيان ۋە بۇزۇلۇش بىلەن تۈگىدى. بىر بولسا باشقىلار تەرىپىدىن ئوغۇرلاندى ياكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىندى. بىر بولسا ئۇنى بۇزۇپ ـ چاچىدىغان، ئويۇن ـ تاماشاغا، الله نارازى بولىدىغان يوللارغا چىقىم قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى».

شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ئازغىنە مەنپەئەتلىك نەرسە كۆپلىگەن مەنپەئەتسىز نەرسىدىن ياخشى.

«گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن اللەتىن قورقۇڭلار».

مەن سىلەرگە سەمىمىي نەسىھەت قىلىۋاتىمەن، سىلەرنى الله نازارەت قىلىدۇ، «الله سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىق (سىلەر يىغقان ھارامدىن) ياخشىدۇر، ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار، مەن سىلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەمەسمەن».

## مېھرىبان ئاتا، پاراسەتلىك ئۇستاز

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مېھرىبان ئاتا ۋە پاراسەتلىك مۇئەللىمگە ئوخشاش ئۇلارغا ھەر خىل شەكىلدە سۆزلەيتتى. خىلمۇ خىل ئۇسلۇبتا نەسىھەت قىلىپ، مۇنداق دەيتتى:

«ئى قەۋمىم! اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەقىقەتەن (مېنىڭ راستىلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) مۆجىزە كەلدى، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرىلاڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار. (الله پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) زېمىننى تۈزىگەندىن كېيىن، زېمىندا (گۇناھلارنى قىلىپ) بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئەنە شۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. سىلەر اللهقا ئىمان ئېيتقانلارنى قورقۇتقان، اللهنىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرىلىكىنى تىلىگەن ھالدا يوللاردا ئولتۇرماڭلار، ئەسلىدە سىلەر ئاز ئىدىڭلار، اللهنىڭ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ياد ئېتىڭلار، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراڭلار».

## قەۋمىنىڭ جاۋابى

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى ئۇنىڭ سۆزىنى ئەقىللىق سانايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ دەۋەت ئېلىپ بېرىشىدىكى سەۋەبنى بىلىۋالغاندەك ياكى ئۇنىڭ دەۋەت ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىلنى بىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغاندەك: «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن ـ دە» دېدى.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى ئىزاھلايدۇ

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى،

قوپاللىق قىلمىدى، ئاچچىقلانمىدى، بەلكى، ئۇلارغا شۇنى ئېنىق چۈشەندۈردىكى، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپتە ئۇلارنىڭ بۇزۇق ھەرىكەت ۋە ناچار قىلىقلىرىغا قارىتا ئېتىراز بىلدۈرمەي، بىر مەزگىل سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئۇلارنى دەۋەت ۋە نەسىھەت قىلىشقا ئاتلىنىشىدىكى سەۋەب اللهنىڭ ئۇنىڭغا ۋەھىي قىلىپ، ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قەلبىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئۆز تەرىپىدىن نۇر ھەدىيە قىلغانلىقىدىن ئىدى.

دەۋەت قىلىشقا ئۇنى ھەسەت ئۈندىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنى الله ئۆز پەزلىدىن باي قىلدى، ئۇنىڭغا پاك ھالال رىزىق ئاتا قىلدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن بەختلىك، مەنىۋىيىتى باي، كۆڭلى خاتىرجەم، اللهقا تىلى ۋە دىلى بىلەن تەشەككۈر ئېيتىپ تۇردۇ.

ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتىن باشقىلارنى توسمايدۇ، باشقىلارنى توسقان ئىشنى ئۆزى قىلمايدۇ. باشقىلارنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇپ قويۇپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئۆزى خىلاپلىق قىلمايدۇ. بەلكى ئۇ كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى، بەختلىك قىلىشنى ۋە ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇشنى ئويلايدۇ. ئۇ پۈتكۈل پەزىلەت اللهقا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ، ھەرقانداق ئىشتا يالغۇز بىر اللهقا تايىنىدۇ.

شۇئەيب ئېيتتى: ﴿ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن پاكىت (يەنى پەيغەمبەرلىك) ۋە كەڭتاشا ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، (مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟) سىلەرگە قىلىش مەنئىي قىلىنغان نەرسىنى ئۆزۈممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنى خالايمەن، مەن پەقەت اللهنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) اللهقا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن﴾[1].

## سىنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ كۆپىنى بىز چۈشەنمەيدىكەنمىز

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا راۋان تىل بىلەن ئېنىق ۋە

[1] سۈرە ھۇد، 88 ـ ئايەت.

چوشىنىشلىك سۆزلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار خۇددى ئۇ يات بىر تىلدا سۆزلىگەندەك ياكى ئۇ باشقا بىر دۆلەتتىن كېلىپ قالغاندەك ياكى ئۇنىڭ سۆزى تۇتۇق، مۇجمەل، چۈشىنىكسىزدەك مەقسىتىنى چۈشەنمەس ۋە بىلمەس بولۇۋالدى. شۇڭا ئۇلار: ﴿سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ كۆپىنى بىز چۈشەنمەيدىكەنمىز﴾[1] دېدى.

ئەمەلىيەتتە دەۋەتچىنىڭ دەۋەت ۋە نەسىھەتى كىشىلەرگە ئېغىر كەلگەندە، كىشىلەر ئاشۇنداق دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ جاۋابىدىن ئەجەبلەنمەكتە

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى ئاجىز ۋە يالغۇز دەپ قارىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولمىغىنىدا، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپلەر شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا يات تۇيۇلدى. بولۇپمۇ ئۇزىنى ياقتۇرمايدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىدىن غالىب اللهتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالغانلىقىدىن ئەجەپلەندى.

ئۇلار: ﴿ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز، سېنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق، سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن﴾[2] دېدى.

شۇئەيب ئېيتتى: ﴿ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم قېرىنداشلىرىم سىلەرگە اللهتىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ سىلەر اللهنى ئارقاڭلارغا چۆرىۋەتتىڭلار (يەنى اللهقا ئىتائەت قىلمىدىڭلار ۋە اللهنى ئۇلۇغلىمىدىڭلار)، پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە خەۋەرداردۇر﴾[3].

[1] سۈرە ھۇد، 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ھۇد، 91 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ھۇد، 92 ـ ئايەت.

## ئاخىرقى «ئۇق»

ئۇلارنىڭ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان تەھدىد خاراكتېرلىك گەپ - سۆزلىرى مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ھەر قايسى دەۋردىكى ئۈممەتلەر ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئاتقان ئاخىرقى «ئۇق»نى ئاتتى.

﴿شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى﴾[1].

## كەسكىن پاكىت

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى ئۆز دىنىدىن پەخىرلىنىدىغان، ئۆز ئەقىدىسىدىن قانائەت تاپىدىغان كىشىنىڭ جاۋابىغا ئوخشاش كەسكىن ۋە ئېنىق بولدى.

شۇئەيب ئېيتتى: ﴿بىز (بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يامان كۆرۈدىغان تۇرساق (بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر؟)﴾[2]؛ ﴿الله بىزنى سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتساق، ئەلۋەتتە، اللهقا يالغاننى چاپلىغان بولىمىز. پەرۋەردىگارىمىز الله خالىسىلا، بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قايتمايمىز. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، اللهقا تەۋەككۈل قىلدۇق (يەنى ھەممە ئىشىمىزنى اللهقا تاپشۇرىمىز). پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىز ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن﴾[3].

## ئۇلارمۇ ئىلگىرىكىلەر ئېيتقان گەپلەرنى قىلدى

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا قىلغان دەۋەت ۋە نەسىھىتىنىڭ

[1] سۈرە ئەئراف، 88 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف، 88 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەئراف، 89 - ئايەت.



www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا ھېچقانداق رولى ۋە ئەھمىيىتى بولمىدى. بەلكى، ئۇلارمۇ ئىلگىرىكىلەر ئېيتقان گەپلەرنى قىلىپ: ﴿سەن سېھىر قىلىنغۇچىلاردىنسەن. سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش (ئاددى) ئادەمسەن، سېنى بىز ھەقىقەتەن يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمىز. ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن﴾[1] دېدى.

## پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتنىڭ ئاقىۋىتى

ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان، اﷲنىڭ نېمىتىگە كاپىر بولغان ئۈممەتنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولدى.

﴿ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى. شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار (اﷲنىڭ ھالاك قىلىشى بىلەن) گويا بۇ يەردە تۇرمىغاندەك (يەنى ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى. شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى﴾[2].

## ئۇ ئەلچىلىكنى ئادا قىلدى، ئامانەتنى يەتكۈزدى

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئامانەتنى يەتكۈزدى ھەمدە بۇنىڭغا پاكىت تۇرغۇزدى.

﴿شۇئەيب ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ: «ئى قەۋمىم! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم ۋە نەسىھەت قىلدىم، مەن قانداقمۇ كاپىر قەۋمگە قايغۇراي!» دېدى﴾[3].

---

[1] سۈرە شۇئەرا، 186 ـ ۋە 187 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئەئراف، 91 ـ ۋە 92 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە ئەئراف، 93 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# توققۇزىنچى قىسسە

## داۋۇد ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام

### قۇرئان اللەنىڭ نېمەتلىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەر قىسسىسىنى سۆزلىگەندە، يالغۇز پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئىنكار قىلىنىشى، مەسخىرە ۋە ئاھانەتكە ئۇچرىشى، قەۋم ۋە ئۇممەتلەر تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشى؛ قەۋم ۋە ئۇممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار ۋە مەسخىرە قىلغانلىقى، سۇيىقەست قىلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن دۇچ كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەت، ھالاكەت ۋە ۋەيرانچىلىق ھەققىدىلا سۆزلىمەستىن، بەلكى، اللەنىڭ كۆپلىگەن نېمەتلىرى ھەققىدىمۇ سۆزلىدى.

الله ئۇ نېمەتلەرنى داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۇنۇس، زەكەرىيا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالام قاتارلىق كۆپلىگەن پەيغەمبەرلىرىگە ئىنئام قىلغان بولۇپ، قۇرئان ئۇ نېمەتلەرنىڭ بىر قىسمىلىرىنى تەپسىلىي سۆزلىسە، يەنە بىر قىسىملىرىنى قىسقارتىپ، ئىخچام بايان قىلدى.

الله داۋۇد ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى زېمىندا قۇدرەت تاپقۇزدى. ئۇلارغا كاتتا پادىشاھلىقنى ئىنئام قىلدى. ئۇلارغا كەڭرى ئىلىم ئاتا قىلدى. ئۇلارغا كۆپلىگەن كىشىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى (ئىشلارنى) بىلدۈردى. ئۇلارغا كۈچلۈكلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئادەتتە ئىنسانلارغا بويسۇنمايدىغان ھايۋانات، ئۇچار ـ قۇش ۋە جانسىز شەيئىلەرنىمۇ ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردى.

﴿بىز ھەقىقەتەن داۋۇدقا، سۇلايمانغا (دۇنيا ۋە دىن ئىلىملىرىدىن كەڭ) ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئېيتتى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى نۇرغۇن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلغان اللەقا خاستۇر!». سۇلايمان (پەيغەمبەرلىكتە،

ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى. (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ھەممە نەرسە ئاتا قىلىندى، بۇ ئەلۋەتتە (اﷲنىڭ) روشەن ئېھسانىدۇر» دېدى﴾[1].

## اﷲنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن نېمىتى

اﷲ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تاغلارنى ۋە قۇشلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئۇلار داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە اﷲقا دۇئا قىلىپ، تەسبىھ ئېيتتى. اﷲ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا جەڭدە كىيىدىغان تۆمۈر كىيىم ياساشنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭغا تۆمۈرنى يۇمشاق قىلىپ بەردى.

﴿بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» (دېدۇق). تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق. (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق) «مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە) تەكشى قىلغىن، (ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر!) ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن»﴾[2].

﴿تاغلارنى، قۇشلارنى داۋۇد بىللە بىلەن تەسبىھ ئېيتىشقا مۇسەخخەر قىلدۇق، (شۇنداق قىلىشقا) بىز قادىر ئىدۇق. جەڭلەردە سىلەرنى (يارىدار بولۇشتىن) ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق، سىلەر (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلامسىلەر؟ (يەنى شۈكۈر قىلىڭلار ۋە نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىڭلار)﴾[3].

## داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ اﷲنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلغانلىقى

داۋۇد ئەلەيھىسسالام كاتتا پادىشاھ، ئۇستا ھۈنەرۋەن تۇرۇپ، تەقۋادار،

---

[1] سۈرە نەمل، 16 ـ ئايەت.

[2] سۈرە سەبەئ، 10 ـ ۋە 11 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە ئەنبىيا، 79 ـ ۋە 80 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

كەمتەر، قانائەتچان بەندە ئىدى. ئۇ ھەر دائىم ﷲنى ئەسلەيتتى. ﷲقا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلىپ، تەسبىھ ئېيتاتتى. ئۇ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئىدى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى. بىر تەرەپكە يان باسمايتتى.

﴿ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ﷲنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ﷲنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

## ﷲنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن نېمىتى

ﷲ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. شامال ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماڭىدۇ، تېز سۈرئەتتە ئۇنى بىر جايدىن بىر جايغا يەتكۈزىدۇ.

ﷲ ئۇنىڭغا كۈچلۈك ۋە ماھىر جىنلارنى، ئاسىي شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئۇلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۇنىڭ پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. كاتتا ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىدۇ.

﴿سۇلايمانغا قاتتىق چىقىدىغان شامالنى مۇسەخخەر قىلىپ بەردۇق، شامال سۇلايماننىڭ ئەمرى بويىچە، بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا (يەنى شامغا) باراتتى، بىز ھەممىنى بىلگۈچىمىز. سۇلايمانغا يەنە بىر قىسىم شەيتانلارنى مۇسەخخەر قىلىپ بەردۇق، ئۇلار دېڭىزلاردا چۆكۈپ ئۇنىڭغا ئۈنچە ـ مارجان (گۆھەرلەرنى سۈزۈپ چىقاتتى)، ئۇلار يەنە (شەھەرلەرنى، ئېگىز سارايلارنى سېلىشتەك) باشقا ئىشلارنىمۇ قىلاتتى، بىز ئۇلارنى (سۇلايماننىڭ ئىتائىتىدىن چىقىشتىن) ساقلايتتۇق﴾[2].

﴿سۇلايمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)، شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى، ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق، بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلايماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى،

---

[1] سۈرە ساد، 26 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنبىيا، 81 ـ ۋە 82 ـ ئايەتلەر.

ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز. ئۇلار سۇلايمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، (مىستىن ـ ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى، (ئېيتتۇقكى): «ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (اﷲنىڭ بۇ چوڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار»، مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (اﷲنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز﴾[1].

## چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە ئىلىم

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئاتىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا سۇنۇلغان بىر دەۋادا ئاشكارىلاندى.

بىر قەۋمنىڭ ئۈزۈملۈك بېغىغا يەنە بىر قەۋمنىڭ قويى كىرىپ، ئۇنىڭ تاللىرىنى بۇزۇۋەتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام قوينى باغ ئىگىسىگە بۆيرۈپ بەردى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇنداق بولسا، توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭچە قانداق بولسا توغرا بولىدۇ؟» دەپ سورىدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: «باغنى قوي ئىگىسىگە بۆيرۈپ بەرگىن، ئۇ تالنى پەرۋىش قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرسۇن. قوينى باغ ئىگىسىگە بۆيرۈپ بەرگىن، ئۇنىڭ سۈت، قېتىق ۋە يۇڭلىرىدىن پايدىلانسۇن. تال ئەسلىگە كەلگەن چاغدا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز مۈلكىنى قايتۇرۇۋالسۇن» دېدى.

اﷲ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى چوڭقۇر ئىلىم ۋە چۈشەنچە بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى.

﴿داۋۇت بىلەن سۇلايماننىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بىز شاھىت ئىدۇق. قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلايمانغا بىلدۈردۇق﴾[2].

---

[1] سۈرە سەبەئ، 13 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنبىيا، 78 ـ ئايەت.

www.uygurkitap.com

## سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى

قۇرئان كەرىم ھېكمەتلىك ۋە مەنپەئەتلىك بىر قىسسىنى سۆزلىگەن بولۇپ، ئۇ قىسسىدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز مەملىكىتىنى باشقۇرۇش ۋە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئويغاقلىقى نامايەن بولىدۇ. ﷲنىڭ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەختى بىلەن پادىشاھلىق، كۈچ ـ قۇۋۋەت، پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىكنى بىردەك ئاتا قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى. ئۇ بىر قېتىم جىنلار، ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە قۇشلاردىن تەركىپ تاپقان زور قوشۇننى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇكەممەل ئىنتىزامغا ئىگە ئىدى، بۇيرۇققا بىردەك ئىتائەت قىلاتتى.

ئۇلار چۈمۈلىلەر جىلغىسىدىن ئۆتكەندە، بىر چۈمۈلە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇقماستىن چۈمۈلىلەرنى دەسسىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، چۈمۈلىلەرنى ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىشكە بۇيرىدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇنى چۈشىنىپ مەغرۇرلىنىپ كەتمىدى. ئەكسىچە، ﷲنىڭ بۇ نېمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ۋە تەشەككۈر ئېيتتى. ﷲتىن ياخشى ئىشقا ۋە سالىھلارنىڭ يولىدىن مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلىدى.

﴿سۇلايماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى توپلاندى (سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەبدەبە بىلەن ماڭاتتى). ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇلار (شامدىكى بىر) چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى: «ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن». سۇلايمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: ‹پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن›﴾[1].

---

[1] سۈرە نەمل، 17 ـ دىن 19 ـ ئايەتكىچە.

## ھۆپۈپنىڭ ھېكايىسى

ھۆپۈپ قۇشۇننىڭ ئالدىدا مېڭىپ ئۇلارغا يول باشلايتتى. ئۇلارنى سۇ بار جايغا باشلاپ باراتتى. قۇنالغۇ قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان جاينى كۆرسىتەتتى.

بىر كۈنى، ئۇ غايىپ بولۇپ كېتىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە قايتىپ كەلمىدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «خەپ! قايتىپ كەلگىنىڭدە سېنى جازالىمايدىغان بولسام...» دېدى.

ھۆپۈپ قايتىپ كېلىپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: «مەن سەن ۋە سېنىڭ قوشۇنلىرىڭ خەۋەر تاپمىغان بىر ئىشتىن خەۋەردار بولدۇم. سەبەئ دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ ئايال پادىشاھى ھەققىدە ساڭا راستچىل خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. ئۇلار كاتتا پادىشاھلىققا، كەڭرى زېمىنغا ئىگە دۆلەت ئىكەن. گەرچە ئۇلار بىر ئۇقتىدىن قارىغاندا ئەقىل ـ پاراسەتكە، پادىشاھلىق ۋە ھوقۇققا ئىگە بولسىمۇ، بىراق، يەنە بىر ئۇقتىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ نادان ۋە ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. چۈنكى، ئۇلار اللەنى قويۇپ قۇياشقا سەجدە قىلىدىكەن. بۇنىڭ خاتالىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدىكەن. اللەقا ئىبادەت قىلىشنى بىلمەيدىكەن».

## سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سەبەئ دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھىنى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلىدۇ

قۇشنا دۆلەت پادىشاھى ۋە خەلقىنىڭ اللەنى تونۇماسلىقى، تېخىچە اللەنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىنماي قۇياشقا ئىبادەت قىلىشى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. پەيغەمبەرگە خاس دىنىي قىزغىنلىق ئۇنىڭ قەلبىدە ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ غالىپ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ، سەبەئ دۆلىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئايال پادىشاھى، مۇشرىك ھۆكۈمرانىغا خەت يېزىپ، ئۇنى ئىسلامغا كىرىشكە، ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا ۋە بويسۇنۇشقا چاقىرىشنى مۇۋاپىق دەپ قارىدى.

دەرۋەقە، ئۇ ئايال پادىشاھقا خەت يېزىپ، ئۇنى ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭ خېتىدە سەمىمىيلىك بىلەن كەسكىنلىك، پەيغەمبەرلەرگە

www.uygurkitap.com

خاس كەمتەرلىك بىلەن پادىشاھلارغا خاس جاسارەت ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى.

## ئايال پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ

سەبەئ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئەقىللىق، تەمكىن ۋە ھۆكۈمدە سالماق ئايال ئىدى. ئۇ تارىختا ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى، ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ ھۇجۇملىرى ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك مەلۇمات ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇ قىزىققانلىق ۋە ئۆز بېشىمچىلىقتىن تامامەن خالى ئىدى. بىراق، ئىلاھنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا ئەقلى ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان ئىدى.

ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن قانداق قىلىش توغرىلىق مەسلىھەتلەشتى. چۈنكى ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى كاتتا پادىشاھ، الله تەرەپكە دەۋەت قىلغۇچى پەيغەمبەر تەرىپىدىن كەلگەن خەت بولغاچقا، ئۇنىڭغا مۇنداقلا مۇئامىلە قىلىشقا بولمايتتى.

ۋەزىر - ۋۇزرالار ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى، ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ ۋە سەرخىللىقىنى دەستەك قىلىپ ئۇرۇش قىلىش تەكلىۋىنى بەردى. چۈنكى، ھەر قايسى زامان ۋە ماكاندىكى پادىشاھ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ چۆرىسىدىكى ئاكابىر - ئەشرەپلەر خوجايىنىغا بولغان خۇشامەتچىلىك تۈيغۇسى بىلەن هامان شۇنداق قىلىشىدۇ.

ئايال پادىشاھ ئۇلارنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. بەلكى، ئۇلارغا ئىشغالىيەتچى پادىشاھلارنىڭ ئىشغال قىلىنغان زېمىنلاردىكى غالىبلىقى، ئىشغال قىلىنغۇچىلارنىڭ يېڭىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى سۆزلەپ، ئۇلارنى كېيىنكى يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇردى ھەمدە: «ئەگەر بىز ئۇرۇش قىلساق، بىزنىڭ ئاقىۋىتىمىزمۇ شۇنداق بولىدۇ... ياخشىسى مەن سۇلايمانغا قىممەت باھالىق سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتىپ، ئۇنى سىناپ باقاي. ئەگەر ئۇ سوۋغا - سالامنى قوبۇل قىلسا، ئۇ چوقۇم پادىشاھ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشايلى. ئەگەر ئۇ قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئەگىشەيلى» دېدى.

## ئېزىقتۇرغۇچى ھەدىيە

ئايال پادىشاھ پادىشاھلارغا لايىق كېلىدىغان قىممەت باھالىق سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سوۋغا - سالاملارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى ھەم ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، ئەلچىلەرگە: «سىلەر مېنى ئالدىماقچىمۇ؟ سوۋغا - سالاملار بەدىلىگە مېنى سىلەرنى ۋە سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلارنى مۇشرىك ھالەتتە قالدۇرۇپ قويىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ماشا الله ئاتا قىلغان پادىشاھلىق، مال - دۇنيا ۋە قوشۇن سىلەرنىڭكىدىن كۆپ ياخشى. بۇ يەردىكى مەسىلە ئويۇن - چاقچاق مەسىلىسى ياكى سودىلىشىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى، دەۋەت ۋە ئىتائەت مەسىلىسى» دېدى.

ئاخىرىدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەگەر ئۇلار ئىمان ۋە ئىتائەتتىن باش تارتسا، قوشۇن باشلاپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى قورقۇتتى.

## ئايال پادىشاھ ئىتائەت قىلىپ كەلدى

ئايال پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرى قايتىپ پادىشاھقا ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدى. ئۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خەلقى بىلەن بىرلىكتە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش قارارىغا كەلدى ھەمدە قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ خۇرسەن بولدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن اللهقا ھەمدۇ سانا ئېيتتى. ئاندىن ئايال پادىشاھقا اللهنىڭ قۇدرىتىنى ۋە ئۆزىگە ئاتا قىلغان نېمىتىنى بىلدۈرۈش، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا اللهنىڭ بىر مۆجىزىسىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە قول ئاستىدىكىلەردىن ئايال پادىشاھنىڭ تەختىنى ئۇ بۇ جايغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى تېز سۈرئەتتە ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاياق پادىشاھ بىر قانچە كۈچلۈك ئەرگە تاپشۇرغان بۇ تەخت سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قول ئاستىدىكى ئاسەف ئىبن بۇرخىيا تەرىپىدىن

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئوردىغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە بولدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئايال پادىشاھنىڭ ئەقلى ئىقتىدارىنى ۋە تەختىنى كۆرگەندە، ئۇنى تونۇيالايدىغان ياكى تونۇيالمايدىغانلىقىنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرىدى.

ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ تەختىنى تونۇيالماي گاڭگىراپ قالسا، بۇ ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقىنى، ئىشلارنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلىشتىكى يېتەرسىزلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## ئەينەكتىن ياسالغان ساراي

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئىنسان ۋە جىنلاردىن تەركىب تاپقان ماھىر تامچىلارنى ئەينەكتىن بىر كاتتا ساراي سېلىشقا بۇيرىدى. ئۇلار بۇ سارايىنى پۈتتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاستىدىن سۇ ئاققۇزدى. ئۇنىڭ ئەينەك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۇنى سۇ دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئەمما ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ ماڭغاندا، سۇنىڭ ئۈستىدىكى ئەينەككە دەسسەپ ماڭاتتى.

ئايال پادىشاھ يېتىپ كېلىپ ئەينەكتىن ياسالغان سارايغا كىردى. ئۇ ئەينەكنى سۇ دەپ ئويلاپ كىيىمىنى كۆتۈرۈپ ئىككى پاچىقىنى ئاچتى. مانا بۇ يەردە ئۇنىڭ شەيئىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە ئالدىنىپ قىلىشتەك خاتالىقى ئاشكارىلاندى.

ئۇ ۋە ئۇنىڭ قەۋمى قۇياشقا سەجدە قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ قۇياش اللهنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولغان نۇر ۋە ھاياتلىقنىڭ بىر كۆرۈنۈشى ئىدى.

دەل مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ كۆزىدىكى پەردە ئېچىلدى. ئەينەكنى سۇ دەپ ئويلاپ پاچىقىنى ئېچىپ خاتالاشقاندەك، قۇياشنى ئىلاھ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ ۋە سەجدە قىلىپ ھەقىقەتەن خاتالاشقانلىقىنى ئېنىق تونۇدى.

مانا بۇ چارە يۈزلىگەن نۇتۇق ۋە مىڭلىغان دەلىلدىن كۆپ تەسىرلىك ۋە قايىل قىلارلىق ئىدى.

## سۇلايمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا بويسۇندۇم

ئايال پادىشاھ گەرچە ئەقىللىق بولسىمۇ، بىراق، ئۇ خاتالىق سادىر قىلدى. ئەينەكنى سۇ دەپ ئويلاپ پاچىقىنى ئاچتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئۇ ئەينەكتىن ياسالغان سارايدۇر» دېدى. ئۇنىڭ كۆزىدىكى تۇمانلار تارقالدى. شەيئىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، قۇياشقا ئىبادەت ۋە سەجدە قىلىشنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە نادانلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇدى. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ: ﴿پەرۋەردىگارىم، مەن ھەقىقەتەن (اللهقا شېرىك كەلتۈرۈپ، قۇياشقا چوقۇنۇش بىلەن) ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، سۇلايمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا بويسۇندۇم (يەنى سۇلايماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىردىم)﴾[1] دېدى.

## قۇرئان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەيدۇ

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار! قۇرئاندىكى مۇنۇ قىسسىگە قۇلاق سېلىڭلار!

سۇلايمان قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: ﴿ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيمەنغۇ! يا ئۇ يوقاپ كەتتىمۇ؟ ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلايمەن، يا چوقۇم (يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاقلايدىغان) بىر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ». ئۇزاق ئۆتمەي ھۆپۈپ كەلدى، ئۇ ئېيتتى: «مەن سەن بىلمىگەن ئىشنى بىلىپ (كەلدىم)، ساڭا مەن سەبەدىن (يەنى يەمەندىكى سەبە شەھىرىدىن) بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا (يەنى سەبە ئاھالىسىگە) بىر ئايالنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا (ئۆزىگە ۋە سەلتەنەتىگە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن، ئۇ چوڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئىگە ئىكەن . ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ اللهنى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايقىدىم، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى (يەنى اللهنى قويۇپ، قۇياشقا چوقۇنغانلىقلىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى

---

[1] سۈرە نەمل، 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ. ئۇلار ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلەرنى ئاشكارىلىغۇچى، سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھقا سەجدە قىلمايدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر». سۇلايمان ئېيتتى: «سەن راست دەۋاتامسەن، يا يالغانمۇ؟ قارايمىز. بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا تاشلىغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق (جايدا يوشۇرۇنۇپ) تۇر، ئۇلارنىڭ قانداق جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىغا قارىغىن». ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلايماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى. (ئۇنىڭ مەزمۇنى شۇكى) ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار». ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار، سىلەرنى ئۈستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق». ئۇلار ئېيتتى: «بىز كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارمىز، ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر، (بىزنى) نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى (ئويلاپ) كۆرگىن». ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «شۈبھىسىزكى، پادشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى (ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە سۈرگۈن قىلىش بىلەن) خار قىلىدۇ، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. مەن چوقۇم ئۇلارغا سوۋغا ئەۋەتىمەن، ئەلچىلەرنىڭ نېمە خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا قارايمەن». ئەلچى سۇلايماننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، سۇلايمان ئېيتتى: «سىلەر ماڭا مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟ ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەنلىرى سىلەرنىڭ بەرگەنلىرىڭلاردىن ياخشىدۇر، بەلكى سىلەر سوغاڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىسىلەر. سەن قايتىپ كەتكىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم بارىمىز، ئۇلارنى يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن ھالدا چوقۇم چىقىرىۋېتىمىز». سۇلايمان ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، (سىلەردىن) كىم ئۇنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلىدۇ». جىندىن بولغان ئىفرىت ئېيتتى: «مەن ئۇنى ئورنۇڭدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ساڭا ئېلىپ كېلىمەن، مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، ئىشەنچلىكمەن». (نازىل بولغان) كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان زات (يەنى ئاسەف ئىبن بۇرخىيا): «ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ

كېلىمەن» دېدى (ئۇ دۇئا قىلىۋېدى، تەخت دەرھال ئالدىدا ھازىر بولدى). سۇلايمان تەختنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۇكۇر قىلامدىم، يا تۇز كورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۇكۇر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، (اللهنىڭ) كەرىمى كەڭدۇر» دېدى. سۇلايمان (بىلقىسنىڭ يېتىپ كېلىشى يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناش يۈزىسىدىن) ئېيتتى: «ئۇنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) تەختىنىڭ (شەكلىنى) ئۆزگەرتىڭلار، ئۇ تەختىنى تونۇمدۇ، تونىمامدۇ، قارايمىز». بىلقىس كەلگەندە (ئۇنىڭغا): «سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمۇ؟» دېيىلدى. ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ» دېدى. (سۇلايمان اللهنىڭ نېمىتىنى سۆزلەش يۈزىسىدىن ئېيتتى): «ئۇنىڭدىن (يەنى بىلقىستىن) بۇرۇن بىزگە (اللهنى ۋە اللهنىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرىدىغان) ئىلىم بېرىلدى، بىز مۇسۇلمان بولدۇق. ئۇنى اللهنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى (اللهقا ئىبادەت قىلىشتىن) توستى. چۈنكى ئۇ كاپىر قەۋمدىن ئىدى». ئۇنىڭغا (يەنى بىلقىسقا): «سارايغا كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ (يەنى بىلقىس) سارايىنى چوڭ سۇ دەپ گۇمانلىنىپ (كىيىمىنى كۆتۈرۈپ) ئىككى پاچىقىنى ئاچتى. سۇلايمان ئېيتتى: «شۇبھىسىزكى، ئۇ ئەينەكتىن ياسالغان سارايدۇر». ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم، مەن ھەقىقەتەن (اللهقا شېرىك كەلتۈرۈپ، قۇياشقا چوقۇنۇش بىلەن) ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، سۇلايمان بىللە بىلەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا بويسۇندۇم (يەنى سۇلايماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىردىم)»﴾[1].

## سۇلايمان كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كاپىر بولدى

يەھۇدىيلار پەيغەمبەرلەر ھەققىدە تولىمۇ بولمىغۇر گەپلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ نالايىق گەپلىرى الله ھېكمەت ئاتا قىلغان، پەيغەمبەرلىك بىلەن ھۆرمەتلىگەن، خىلاپەت بىلەن شەرەپلىك قىلغان پەيغەمبەرلەر ئۇياقتا

[1] سۈرە نەمل، 20 ـ دىن 44 ـ ئايەتكىچە.

تۇرسۇن، ئادەتتىكى مۇئمىن ۋە مۇۋەھھىدكىمۇ لايىق كەلمەيدۇ.

ئۇلار سېھىرگەرلىك، كاپىرلىق، شېرىك بىلەن ماسلىشىش ۋە ئاياللىرى سەۋەبلىك تەۋھىد مەسىلىسىدە شەكلىنىش قاتارلىق نالايىق ئىشلارنى پەيغەمبەرلەرگە چاپلىدى. اللە بۇلارنى ئاقلاپ مۇنداق دېدى:

﴿سۇلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى﴾[①]؛ ﴿بىز داۋۇدقا سۇلايماننى ئاتا قىلدۇق، سۇلايمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە!﴾[②]؛ ﴿ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ﴾[③].

---

① سۈرە بەقەرە، 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ساد، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە ساد، 40 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئونىنچى قىسسە

## ئەييۇب ۋە يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

### ئەييۇب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

قۇرئاندىكى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى باشقا قىسسىلەرگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى بىر قىسسىدۇر. ئۇ اللهنىڭ سەۋرچان، قانائەتچان مۇئمىن بەندىلىرىگە، سۆيۈملۈك پەيغەمبەرلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن بىر كۆرۈنۈشتۇر.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپلىگەن چارۋا ـ ماللىرى، زىرائەتلىرى ۋە باللىرى بار ئىدى. الله ئۇنى سىناش ئۈچۈن ئۇنى ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىدى. ھەتتا ئۇنى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا قىلدى. ئۇنىڭ اللهقا زىكىر ئېيتىدىغان تىلى بىلەن ياد ئېتىدىغان دىلىدىن باشقا ھېچبىر ئەزاسى ساق قالمىدى.

ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ شەھەرنىڭ بىر چېتىگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىلدى. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئايالىدىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. ئايالى ئېرىنى بېقىش ئۈچۈن باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى.

### ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرچانلىقى

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام گەرچە شۇ قەدەر كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بىلەن سىنالغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ قىلچىلىك ۋايسىماي، زارلانماي، تاپا ـ تەنە قىلماي، ئاچچىقلانماي كۆڭلىرىنى سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن اللهقا زىكىر ئېيتىپ ئۆتكۈزدى. ئۇ بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەخلەتخانىسىغا

تاشلانغان هالدا بىر قانچە يىل ئۆتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدە قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئۆمىلىدى.

## جاپا ۋە راھەت

الله ئىرادە قىلغان سىناق، كامالەت، يۇقىرى دەرىجە ۋە قازاغا رازى بولۇش قاتارلىقلار تاماملانغان چاغدا، الله ئۇنىڭغا بىر دۇئانى ئىلھام قىلدى. بۇ دۇئادا ئۇنىڭ ئاجىز ۋە بىچارىلىكى، اللهتىن باشقا پاناھلىق بەرگۈچى يوقلۇقى، اللهنىڭ ھەممە نەرسىگە كۈچى يېتىدىغانلىقى، اللهنىڭ ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بالا ـ چاقىسى ۋە مال ـ مۈلكىنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئەييۇبنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مېنى بال (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق)﴾[1].

## يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇ قىسسىنىڭ ھېكمىتى

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قىسسىسى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى بىلەن شەكىلداش قىسسە بولۇپ، بۇ ئىككى قىسسىدە: ئۈمىد ئۈزۈلگەن، ئۈمىدسىزلىك قاپلىغان، قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان، بارلىق تۆشۈكلەر ئېتىلگەن، نۇر ۋە ھاۋا يوقالغان، دەھشەتلىك ئۆلۈم تۈگمىنى ھايات دانچىلىرىنى ئېزىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىپ، ئۈمىد ۋە ئارزۇدىن قىلچە ئەسەر قالمىغان بىر چاغدا، اللهنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە كۆيۈنۈپ، ئۇلارنى

[1] سۈرە ئەنبىيا، 83 ـ ۋە 84 ـ ئايەتلەر.

قۇتقۇزىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ ئىككى قىسسىدە: كۈچلۈك، غالىب، مېھرىبان ۋە ھېكمەتلىك ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ قولى نامايەن بولىدۇ. ئۇ قول بۇ ئاجىز ئىنسانى يېرتقۇچ يولۋاسنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى ئارىسىدىن تارتىپ چىقىرىدۇ، دەھشەتلىك ئۆلۈم قويىنىدىن قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ ئاجىز ئىنسان گويا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ساق ـ سالامەت ھالدا ھاياتلىق ئالىمىدە قايتىدىن پەيدا بولىدۇ. گويا ئۇ ئەزەلدىن بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كۆرپە ئۈستىدە خاتىرجەم ياشاپ كەلگەندەك...

## يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى ئارىسىدا

الله يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى «نەينەۋا» شەھەر ئاھالىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ كىشىلەرنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلدى. بىراق، ئۇلار يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالماي، كۇپرى ئۈستىدە چىڭ تۇردى.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا غەزەپلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى ھەمدە چىقىپ كېتىش ئالدىدا ئۇلارغا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئازاب كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئازاب يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە چارۋا ـ ماللىرىنى ئېلىپ سەھراغا چىقتى. بالىلارنى ئانىلىرىدىن ئايرىپ اللهقا تەۋبە قىلدى. اللهقا يالۋۇردى، يىغلىدى، ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپ ياش تۆكتى. ئانا ـ بالىلار چۇرقىراپ يىغلاشتى، تۆگە ـ بوتىلاقلار ئازىندى، ئات ـ تايچاقلار كىشنىدى، كالا ـ موزايلار مۆرىدى، قوي ـ قوزىلار مەرىدى. نەتىجىدە، الله ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۋەتتى.

﴿(ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە) يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق. يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن)

بەھرىمەن قىلدۇق﴾[1].

## يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قارنىدا

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئارىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر قەۋمنىڭ كېمىسىگە چىقتى. بىردىنلا كېمە چايقىلىشقا باشلىدى. ئۇلار كېمىنىڭ سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كېمىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئارىسىدىن بىر ئادەمنى سۇغا تاشلىماقچى بولدى.

ئۇلار چەك تاشلىۋىدى، چەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقتى. ئۇلار قايتا ـ قايتا چەك تاشلىغان بولسىمۇ، بىراق ئۈچ قېتىمنىڭ ھەممىسىدە چەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقتى. ئۇ كېيىمىنى سېلىپ ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. ﴿(كېمىدىكىلەر چەك چىققان ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن) چەك تاشلاشتى، يۇنۇس (چەكتە) مەغلۇپ بولغانلاردىن بولۇپ (دېڭىزغا تاشلاندى)﴾[2].

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام كېمىدىن سۇغا سەكرىگەن چاغدا، اللە بىر بېلىقنى ئەۋەتتى. بېلىق ئۇنى چاينىماي يۇتۇپ يۇتۇۋەتتى. چۈنكى، اللە بېلىققا ئۇنى چاينىماسلىققا ۋە ھەزىم قىلىۋەتمەسلىككە بۇيرىغان ئىدى.

## اللە ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى

بېلىقنىڭ قارنى قاپقاراڭغۇ زۇلمەت ئىدى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام دېڭىزنىڭ زۇلمىتى، كېچىنىڭ زۇلمىتى قوشۇلۇپ قاتمۇ قات زۇلمەت ئىچىدە قالدى. ئۇ اللە خالىغان مۇددەتكىچە بېلىقنىڭ قارنىدا تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن اللە ئۇنىڭغا بىر قانچە كەلىمىنى ئىلھام قىلدى. ئۇ كەلىمىلەر زۇلمەتلەرنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ، خاپىلىقلارنى ئاچىدۇ، يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدىن رەھمەتنى ئېلىپ چۈشىدۇ.

---

[1] سۈرە يۇنۇس 98 ـ ئايەت.

[2] سۈرە سافاات، 141 ـ ئايەت.

قۇرئان بۇ ئاجايىپ تەڭداشسىز قىسسىنى بايان قىلدى. بۇ قىسسىدە ئاسمان ـ زېمىن تار كېلىپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالمىغان، ئىچكى دۇنياسى دېڭىز تاشقىنىدەك داۋالغۇپ تىنچسىزلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتقان، اللهتىن باشقا ھېچقانداق قۇتقۇزغۇچى يوقلۇقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن زور ئۈمىد ۋە تەسەللى بېغىشلايدۇ.

﴿يۇنۇسنىڭ (قىسسىنى بايان قىلغىن)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) خاپا بولۇپ (شەھىرىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنى (بېلىقنىڭ قارنىدا) ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنى قارنىدا): «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۇئمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز»﴾[1].

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 87 ـ ۋە 88 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى قىسسە

## زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام

### زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى بالا تىلەپ قىلغان دۇئاسى

اللهنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ۋە ھەر بىر شەيئىنى قورشاپ تۇرغان قۇدرىتىنىڭ بەلگىلىرىدىن يەنە بىر تۈرى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ اللهقا قىلغان دۇئاسىدا نامايەن بولىدۇ.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ياشانغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، جىسمىدىن مادار كەتكەن، ئايالىنىڭ تۇغۇشتىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن بىر چاغدا، ئۆزىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىنسانلارنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان، ياخشى، تەقۋادار، سالىھ بالا تەلەپ قىلىپ اللهقا دۇئا قىلدى.

الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل بالا ئاتا قىلدى. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى يالغانغا چىقاردى، بۇرۇندىن تارتىپ يەكۈنلەنگەن تەجرىبىلەرنى بىكار قىلدى.

الله ئۇ بالىغا كىچىككىدىلا ئەقىل ـ پاراسەت، ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلدى. ئۇنى مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق، تەقۋادارلىق، سەمىمىيلىك ۋە ئاقكۆڭۈللۈك قاتارلىق سۈپەتلەرگە ئىگە قىلدى.

الله زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسەتتى. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام شۇنى ئېنىق كۆردىكى، الله ئۆزى خالىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە، ئۇلارنىڭ جىسمىدا خالىغان ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خالىغان ئەزالىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، خالىغان ئەزالىرىنى ھەرىكەتتىن توختىتىدۇ. پۈتكۈل كائىنات اللهنىڭ قولىدا بولۇپ، الله تىرىكتىن ئۆلۈكنى،

ئۆلۈكتىن تىرىكنى چىقىرىدۇ. ئۇ خالىغان كىشىلەرگە ھېسابسىز رىزىق ئاتا قىلىدۇ.

## ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ قەسىمى

ئىمراننىڭ ئايالى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇ ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ياخشى كۆرىدىغان سالىھ ئايال ئىدى. ئەگەر ئۇ ئوغۇل تۇغسا بالىسىنى ئاللاھ ئۈچۈن، دىنىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئاتايدىغانلىقىنى ئېيتىپ نەزىر (قەسەم) قىلدى. ئاللاھتىن بۇ بالىنى قوبۇل قىلىشنى، ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دىنىغا ۋە باشقا بەندىلىرىگە مەنپەئەت بېرىشىنى، ئۇ بالىنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تەرەپكە دەۋەت قىلىدىغان يولباشچىلاردىن بولۇشىنى سورىدى.

## ئۇ ئايال: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن قىز تۇغدۇم» دېدى

ئۇ ئايال بىر ئىشنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئاللاھ يەنە بىر ئىشنى ئىرادە قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ ياخشى بىلەتتى. دەرۋەقە، ئۇ ئايال ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە قىز تۇغۇپ، كۆڭلى يېرىم بولدى. قايغۇرۇپ ھەسرەتلەندى.

بىراق، بۇ قىز ئادەتتىكى قىز ئەمەس ئىدى، ئۇ ئىبادەتكە ھېرىسمەن، تائەت ۋە ياخشىلىققا ئالدىرايدىغان، ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قىز ئىدى.

پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئەرلەر ئۈستىگە ئالىدىغان تۇرۇپ، ئاللاھ ـ ئۆزى بىلىدىغان بىرەر ھېكمەتنىڭ سەۋەبىدىن ـ ئۇنىڭ قىز بولۇشىنى تەقدىر قىلغان بولسىمۇ، بىراق، يەنىلا ئۇنى پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلدى.

﴾ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم، (بۇ نەزرەمنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمنى) بىلىپ

تۇرغۇچىسەن». ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! قىز تۇغدۇم» دېدى، ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى الله ئوبدان بىلىدۇ. (ئۇ تەلەپ قىلغان) ئوغۇل (ئاتا قىلىنغان) قىزغا ئوخشاش ئەمەس (بەلكى بۇ قىز ئارتۇقتۇر). (ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتىكى) «مەن ئۇنى مەريەم ئاتىدىم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن»﴾[1].

## اللهنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن قىز

بۇ قىز زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقان بولغاچقا، ئۇنىڭ تەربىيىسى ۋە قوغدىشى ئاستىدا ئىدى. الله بۇ قىزغا مەرھەمەت قىلغان بولۇپ، مېۋە پىشمايدىغان زامان ۋە ماكاندا ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئىنئام قىلاتتى. قىز خالىغىنىنى ئۆزى يەپ، خالىغىنىنى باشقىلارغا بېرەتتى.

﴿ئۇنى پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنىڭغا زەكەرىيانى كېپىل قىلدى (يەنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا زەكەرىيانى قويدى). زەكەرىيا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «ئۇ، الله تەرىپىدىن كەلدى» دەيتتى. الله ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا ـ مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ﴾[2].

## مېھرىبان اللهنىڭ ئىلھامى

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ پەيغەمبىرى، ئەلچىسى ۋە ئەقىللىق كىشى ئىدى. الله ئۇنىڭغا شۇنى ئىلھام قىلدىكى، ئانىسى الله ئۈچۈن، اللهنىڭ دىنى ئۈچۈن ئاتىغان؛ ئۆزىمۇ تائەت ۋە ئىبادەتكە ئىخلاسمەنلىك بىلەن بېرىلگەن قىزغا مېۋە پىشمايدىغان زامان ۋە ماكاندا ھەر تۈرلۈك مېۋىلەرنى

[1] سۈرە ئال ئىمران، 35 ـ ۋە 36 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 36 ـ ئايەت.

ئىنئام قىلىشقا قادىر بولغان اللە تائالا ياشىنىپ قالغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، جىسمىدىن مادار كەتكەن، ئايالىنىڭ تۇغۇشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن، بالىسى بولۇش ئۆرپ - ئادەت تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان قېرى كىشىگە پەرزەنت ئاتا قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

بۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى جانلاندى، ئىرادىسى كۈچەيدى، پەرۋەردىگارىغا بولغان ئىشەنچىسى ئاشتى، تىلى مەدىرلاپ، ئاستا - ئاستا ھەرىكەتكە كەلدى. ئاندىن ئۇ اللەقا دۇئا قىلىپ تىلىكىنى تىلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېھرىبان اللەنىڭ ئىلھامى، غالىپ، ھەممىنى بىلگۈچى اللەنىڭ تەقدىرى ئىدى.

﴿شۇ ۋاقىتتا (يەنى مەريەمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن چاغدا) زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلىغۇچىسەن» دېدى﴾[1].

## بالا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى بېشارەت

اللە ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا بالىسى تۇغۇلۇش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا يۈز بېرىدىغان ئالامەتنى ئالدىن بېشارەت بەردى. چۈنكى، ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغاچقا، ئۇ بۇ زور ھادىسىنىڭ يۈز بېرىش ئىمكانىيىتى ۋە مەيدانغا كېلىش ۋاقتىنىڭ بەلگىسىنى تەلەپ قىلىپ: ﴿«پەرۋەردىگارىم! ماڭا (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) بىر نىشانە ئاتا قىلغىن» دېدى. اللە : «ساڭا بولىدىغان نىشانە شۇكى، ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن (يەنى زىكرى تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا سۆزگە تىلىڭ كەلمەيدۇ). پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن، (نېمىتىمگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ ياد ئەت، كەچتە، ئەتىگەندە تەسبىھ ئېيت» دېدى﴾[2].

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تارتىۋېتەلەيدىغان، سۆزلەۋاتقان تىلنى سۆزلىيەلمەيدىغان گاچىغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىغان ھەممىگە قادىر اللە شەيئىلەرگە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە، تارتىۋېتىلگەن نەرسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىردۇر.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 38 - ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 41 - ئايەت.

## اللهنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە قۇدرىتى

اللهنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە قۇدرىتى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمىدا، ئۆيىدە ۋە ئائىلىسىدە ئاشكارا بولدى. ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ ئۇنى خۇشاللىققا چۆمدۈردى. ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى كۆچەيدى، دەۋىتى قاناتلاندى. قۇرئاندىكى مۇنۇ قىسسىگە قۇلاق سېلىڭلار! بۇ قىسسە بىر قېتىم ئىخچام بايان قىلىنغان بولسا، يەنە بىر قېتىم تەپسىلى سۆزلەندى.

﴿زەكەرىيانىڭ (قىسسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن)» دەپ نىدا قىلدى. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق (يەنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق). (يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى﴾[1].

## 8ـ يەھيا ئەلەيھىسسالام دەۋەت ۋە زېپىسنى ئۈستىگە ئالدى

يەھيا ئەلەيھىسسالام بۇ ئالەمگە پەقەت ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئاتىسىنىڭ ئىز باسارى بولۇش ئۈچۈنلا تۇغۇلغان ئەمەس. بەلكى، ئۇ ئىنسانلارنى اللە تەرەپكە ۋە توغرا دىنغا يېتەكلەش ۋەزىپىسى ۋە مۇشەققىتىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن تۇغۇلغان.

ئۇنىڭدا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئېسىللىكىنىڭ ئىزنالىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇ بالىلىق ۋاقتىدىلا ئىلىمگە پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرىلگەن. ياش ۋاقتىدا ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق سۈپەتلىرىگە ئىگە بولغان. مېھرى ـ مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشتا تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان. ئۇ ئۆز زامانىسىدا بارماق بىلەن

[1] سۈرە ئەنبىيا، 89 ـ ۋە 90 ـ ئايەتلەر.

سانىۋالغۇدەكلا كەم تېپىلىدىغان پەزىلەت ئىگىسى ئىدى.

﴿(يەھيا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا) «ئى يەھيا! كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تىرىشىپ ئوقۇغىن» (دېدۇق). ئۇنىڭغا بالىلىق چېغىدىلا ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلدۇق. بىز ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىش ۋە ئۇنى (ناچار خىسلەتلەردىن) پاك قىلىش يۈزىسىدىن (شۇنداق قىلدۇق)، يەھيا تەقۋادار ئىدى . ئۇنى ئاتا - ئانىسىغا كۆيۈمچان (قىلدۇق)، ئۇ مۇتەكەببىر (يەنى ئاتا - ئانىسىنى قاخشاتقۇچى)، (پەرۋەردىگارىغا) ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى. ئۇ تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولغان كۈندە، تىرىلىپ (قەبرىدىن) تۇرغۇزۇلغان كۈندە (اﷲ تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىدۇ﴾[1].

---

[1] سۈرە مەريەم، 12 - دىن 15 - ئايەتكىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككىنچى قىسسە

## ئىسا ئەلەيھىسسالام

### ئادەتتىن تاشقىرى قىسسە

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى يېتىپ كەلدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر. بۇ يەردە دەل ئاشۇ پەيغەمبەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى سۆزلىنىدۇ. بۇ قىسسىدە اللهنىڭ غالىب ئىرادىسى، چەكسىز قۇدرىتى ۋە چوڭقۇر ھېكمىتى نامايەن بولىدۇ.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ تاكى بارلىق ئەھۋاللىرىغىچە ئادەتتىن ھالقىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئەقىللەر گاڭگىرىدى، تەبىئى قانۇنىيەتلەر ئەمەلدىن قالدى. ئىلاھنىڭ يوقالمايدىغانلىقى ۋە ئۆزگەرمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەبىئى قانۇنىيەتلەرگە؛ تەجرىبە، سىناق، تىببىي ھۆكۈم قاتارلىق ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلەرگە ئىشەنگەن كىشى بولسۇن ياكى ھەر بىر شەيئىنى قورشاپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان اللهنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە مۇتلەق ئىرادىسىنى بىلمىگەن كىشى بولسۇن، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ئۇنى تەستىقلاش تولىمۇ قىيىن تۇيۇلدى.

﴿الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾[1].

شۇنداق، اللهنىڭ ھەممىگە قادىر، ئىرادە قىلغۇچى، ياراتقۇچى، قۇدرەتلىك دېگەن سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە نىسبەتەن ئۇنىڭغا

[1] سۈرە غافىر، 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىشىنىش ۋە ئۇنى تەستىقلاش ئىبغىر كەلمەيدۇ.

﴿اللّٰه (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاتا - ئانىسىز ھالەتتە تۇپراقتىن يارىتىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالام بولسا، ئانىسىدىن ئاتىسىز ھالەتتە تۇغۇلغان. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا - ئانىسىز يارىتىلغانلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز تۇغۇلغانلىقىغا ئىشىنىش ئاسانراقتۇر.

﴿شۈبھىسىزكى، اللّٰهنىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى اللّٰه (ئاتا - ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دېدى - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)﴾[2].

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئەھۋالى ئەجەبلىنەرلىك

سەييىدىمىز ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك. ئۇنىڭ تۇغۇلغان دەۋرى يۇنان (گرېتسىيە) ئەقلىچىلىك (پەلسەپە دېمەكچىمۇ) ۋە ئالگېبرادا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن دەۋر بولۇپ، تېببىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىغىمۇ سەل قارىغىلى بولمايتتى.

## يەھۇدىيلارنىڭ ماددىي ئامىللارغا بويسۇنۇشى

يەھۇدىيلار - ئارىسىدىن پەيغەمبەرلەر كۆپ چىققان مىللەت بولغىنىغا قارىماي - ئۆز دەۋرىدە يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىلىم - پەنلەرگە بويسۇندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە روھنى ۋە روھقا ئالاقىدار نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىش ئومۇملاشتى. ئۇلار كۆزگە كۆرۈنگەن ھەر قانداق نەرسىنى ماددىي نۇقتىدىن

---

[1] سۈرە ھەشىر، 24 - ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 59 - ئايەت.

چۈشەندۈرۈشكە ئادەتلەندى. مەۋجۇدىيەت ئالىمىدىكى ھەر قانداق شەيئىنىڭ سەۋەبسىز پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىدى. ﷲ ئىسائەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان مۆجىزىلەر تار ماددىۋىي ئەقلىنىڭ داۋاسى، دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، زامانىنىڭ چاقىرىقى ئىدى.

يەھۇدىيلار تاشقى ئامىللارنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ چۆكتى. مېغىزىنى قويۇپ پوستىغا، ماھىيەتنى قويۇپ شەكىلگە ئېسىلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇلار ماددىي ئېلېمېنت ۋە قان سىستېمىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. مال - دۇنياغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلدى. ھاياتقا جان - دىلى بىلەن باغلىنىپ، باغرىتاش ۋە ياۋۇزلاشتى. خاراكتېرى قۇرغاقلاشتى.

ئۇلار ئاجىزلارغا كۆيۈنمەيدۇ، نامراتلارغا ھېسداشلىق قىلمايدۇ. تومۇرىدا ئىسرائىلىيلىكنىڭ قېنى ئاقمايدىغان كىشىلەرگە ئىت - ئېشەككە ياكى چالما - كېسەككە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار كۈچلۈك پۇلدارلارغا بويسۇنىدۇ، ئاجىز نامراتلارغا زوراۋانلىق قىلىدۇ. ئۇلار كۈچ تاپقاندا تاشتەك قېتىپ، ئاجىزلاشقاندا لايدەك يۇمشايدۇ.

ئۇلار سۇرىيە ۋە پەلەستىندە رۇملۇقلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئۇزاق مەزگىل ياشاش جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن قۇللۇق ۋە خارلىق ھايات ئۇلاردا خائىنلىق، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك ۋە يوشۇرۇن سۇيىقەستكە تايىنىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى پەيدا قىلدى.

## كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئاسىيلىق قىلىش

پەيغەمبەرلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىش، جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىش، دىنىي تەلىماتلار بىلەن ئوينىشىش يەھۇدىيلاردا قوپاللىق ۋە باغرىتاشلىقنى پەيدا قىلدى. ئىنسانىي تۇيغۇنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ساپ مۇھەببەتتىن، ئىنسانىي ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامدىن ئايرىدى.

ئۇلار تەڭلىك، باراۋەرلىك، ياخشىلىق ۋە ھۆرمەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇلار ئىلگىرىكى زامانلاردا پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرگە ئىشەنەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەرلەر كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرە بەتلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ خەۋەرلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكتىن، كېيىنكى زامانلاردا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن

كەلـگەن، ئـش ـ ھەرىكەتلـرىنـى قوللـىغـان كـۆز قـاراش يـاكى ئاتـالمىش «دىن»دىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىشەنمەس بولۇپ كەتتى.

ئـۇلار ئـۆزلـرىنى تەنقىـد قـلغـان، ئەيـبـلـگەن؛ تـوغرا دىنغـا، ئاشـكارا ھەقكە ۋە ئىسـلاھاتقا چاقـرغـان كـشـلەرگە قارشى چىقـىپ، ئۇلار بىـلەن ئۇرۇشتى.

ئـۇلار تـۆھمەت چـاپلاش، يالغـان توقـۇش، ھەقنـى يوشـۇرۇش ۋە يالغـان گۇۋاھلىق بېرىشكە كۆنۈپ كەتكەن ئىدى.

## اللهنىڭ بەنى ئىسرائىلغا ئاتا قىلغان نېمىتى

ئىسرائىل ئەۋلادلـرى ھەر قايسى زامانـدا ئـۆز دەۋردىكى ئۈممەتلەردىن تەۋھىـد ئەقىـدىسـى ئـارقىلىق پەرقلىنىـپ تـۇراتتى. مانـا بـۇ، ئۇلارنىـڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشىدىكى سىر ئىدى.

﴿ئى ئىسرائىل ئەۋلادلـرى! سىـلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە سىلەرنى (بىـر زامـانلاردا) تامـام جاھـان ئەھلىـدىن ئۈسـتۈن قىلغـانلىقىمنى يـاد ئېتىڭلار﴾[1].

## تۈزكۈرلۈق

ئۇلارنىـڭ بۇددىسـت مۇشـرىك خەلقـلەر بىـلەن ئـۇزاق مەزگىـل ئارىلىشىشى، قوشـنا بولـۇپ ياشىشـى ۋە پەيغەمبەرلەرنىـڭ تەلىمـاتلىرى بىلەن ئۇچراشقان دەۋرنىـڭ ئۈزىرىشى جەريانىـدا، ئۇلارغـا ساختىا ئەقىـدە ۋە جاھىلىيەت ئادەتلىرى ئېقىپ كىردى.

ئۇلار مىسىردا موزايغا ئىبادەت قىلـدى، ئـۇزەيرەنى ئۇلۇغلاشـتا چەكتىن ئاشـۇرۇپ، ئـۇنى ئىنسـانىي دائىرىـدىن ھـالقىتىۋەتتى. ئۇلارنىـڭ يـۈزى قېلىنلىقـى شـۇ چەكـكە بېرىـپ يەتتىكـى، ئـۇلار بىـر قىسـىم شـېرىك، بۇتپەرەسلىك، سېھىرگەرلىك، كاپىرلىق ۋە باشقا قەبىھ قىلمىشلارنى بەزى پەيغەمبەرلەرگە چاپلىـدى. ئـۇلار ئاشـۇنداق جىنـايەتلەرنى سادىر قىلىشـتا اللهتىن قورقمىدى.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 47 ـ ئايەت.

## مەغرۇرلۇق ۋە ماختانچاقلىق

ئۇلار جىنايى خاتالىقلىرىنىڭ شۇ قەدەر كۆپ بولغىنىغا قارىماي، نەسەبلىرى بىلەن ماختىنىشنى كۆچلۈك ئىدى. ئاررۇ ۋە «شىرىن چۈش»لەرگە تايىنىشى قاتتىق ئىدى.

ئۇلار: ﴿بىز اللەنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز اللەنىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز﴾[1]؛ {بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۇرىدۇ﴾[2] دەيدۇ.

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى نۇرغۇن نەرسىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىش بولدى. مەسىلەن، مۇقەررەر قانۇنىيەتلەرگە، كەڭرى تارقالغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە، كىشىلەر ئىزچىل رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان قائىدىلەرگە، بەلگىلىك ئادەتلەرگە، يەھۇدىيلار چوڭقۇر ئىشىنىدىغان ئالىي ئۇلگىلەرگە، ئۇلار ئۇتتەك قىزىقىۋاتقان ۋە جان تىكىپ قوغداۋاتقان ئەنئەنىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىش بولدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ئۇ، كىشىلەر ئەزەلدىن كۆرۈپ ئادەتلەنمىگەن بىر خىل يول بىلەن تۇغۇلدى. بۆشۈكىدىلا كىشىلەرگە سۆزلىدى، نامرات قىز ئانىنىڭ قۇچىقىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. مەسخىرە ۋە ئەيىبلەش بىلەن تولغان مۇھىتتا ياشىدى. ئۇنىڭ سىياقىدىن كاتتىلىق ۋە بايلىق ئېپادىلەنمەيتتى. ئۇ نامرات ۋە كەمبەغەللەر بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇپ، ئاشۇلار بىلەن ھەمداستىخان بولاتتى، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى، ئاجىز بىچارىلەرگە غەمخورلۇق قىلاتتى. باي بىلەن كەمبەغەل، ھاكىم بىلەن مەھكۇم، ئېسىل بىلەن تۆۋەننىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتمەيتتى.

---

[1] سۈرە مائىدە، 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە، 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى

اللە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىك ۋە ۋەھيى بىلەن ھۆرمەتلىدى، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى بەردى، ئۇنى جىبرىئىل ۋە روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق دوختۇرلار داۋالىيالمىغان كېسەللەرگە شىپالىق بەردى. تۇغما كور ۋە ئاق كېسەلنى ساقايتتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈردى، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا لايدىن قۇشلارنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ ئۇنىڭغا پۈۋلىگەندە، ئۇ اللەنىڭ ئىزنى بىلەن قۇشقا ئايلىنىپ ھاۋادا پەرۋاز قىلدى. كىشىلەرگە ئۆيلىرىدە نېمىلەرنى يەپ، نېمىلەرنى ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئېيتىپ بەردى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەۋراتتا بايان قىلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ خەۋەرلىرىگە بولغان ئىشەنچنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭغا بولغان ئىماننى يېڭىلىدى. سەزگۈ ۋە تەجرىبىگە بولغان چوقۇنۇشنى پەسەيتتى. ۋەھالەنكى، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ چەكسىزلىكىنى، ئىلاھىي ئىرادىنىڭ كۈچىنى ئىنكار قىلىدىغانلار بولسا، سەزگۇ ۋە تەجرىبىدىن باشقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇنىڭغا قارشى تۇردى.

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ۋە يەھۇدىيلارنى يالغانچى دەپ ئەيىبلىشى

ئىسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنى كۆپلىگەن تەرەپلەردە يالغانغا چىقاردى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارنىڭ اللە ھالال قىلغاننى ھارام قىلىپ، اللە ھارام قىلغاننى ھالال قىلىشتەك قەبىھ جىنايىتىنى ئەيىبلىدى. ئۇلارنى دىنىنىڭ روھىغا، ئەسلىگە ۋە ماھىيىتىگە يېتەكلىدى. اللەنىڭ دوستلۇقىنى ھەرقانداق دوستلۇقنىڭ ئالدىغا قويۇشقا، ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتنى مۇھىم بىلىشكە، نامراتلارغا غەمخورلۇق قىلىشقا چاقىردى. ئۇلارنى ساپ تەۋھىدكە، دىنغا سىرتتىن قوشۇلغان ساختا ئەقىدە ۋە جاھىلىيەت ئادەتلىرىنى تاشلىۋېتىشكە دەۋەت قىلدى.

## يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇردى

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ۋە چاقىرىقلىرى يەھۇدىيلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئاچتى. ھەممىسى بىردەك ئۇنىڭغا «ئوق» ئاتتى. بوھتان ۋە تۆھمەت چاپلىدى. سەت تىل ۋە ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئازار بەردى. پاك ئانىسى مەريەم ھەققىدە ھەرخىل بولمىغۇر، نالايىق گەپلەرنى قىلدى. ئۇنى ھەيدەپ چىقاردى. لۈكچەكلەرنى ئۇنىڭغا قارشى قۇترىتىپ، ئۇنىڭ دەۋەت يولىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىكى قىسسىسى

يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈپ يوقاتماقچى ۋە ئۇنىڭدىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغاندا، الله ئۇنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ياندۇردى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنى ئۆز تەرىپىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

سىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىكى مۇنۇ قىسسىسىگە قۇلاق سېلىڭلار!

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! الله ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىز) اللهنىڭ بىر كەلىمىسى(دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى، مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق ۋە اللهقا يېقىنلاردىن بولىدۇ. ئۇ بۆشۈكتىمۇ (يەنى بوۋاقلىق چېغىدىمۇ)، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى) سۆزلەيدۇ ۋە (تەقۋادارلىقتا كامىل) ياخشى ئادەملەردىن بولىدۇ». مەريەم: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىنسانىنىڭ قولى تەگمىگەن تۇرسا (يەنى ئەرلىك بولمىسام) قانداق بالام بولىدۇ؟» دېدى. پەرىشتە: «الله خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ (يەنى ئاتا ـ ئانا، ئارقىلىقمۇ ۋە ئۇنىڭسىزمۇ يارىتىدۇ). بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ‹ۋۇجۇدقا كەل› دەيدۇ ـ دە، ۋۇجۇدقا كېلىدۇ» دېدى. الله ئۇنىڭغا خەتنى، ھېكمەتنى (يەنى سۆز ـ ھەرىكەتتە توغرا بولۇشنى)، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. (ئۇ دەيدۇ):

«شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن بولغان (پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن ـ دە، اللهنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ. تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن، اللهنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن، سىلەر يەيدىغان ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن (يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن). شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر اللهنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە) سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن) ئالامەت بار. مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان ھالدا (كەلدىم)، سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. اللهتىن قورقۇڭلار ۋە (مېنىڭ ئەمرىمگە) ئىتائەت قىلىڭلار. الله ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر». ئىسا ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) دىن كۇپرىنى (كۇپرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى) سەزگەن چاغدا: «الله ئۈچۈن (اللهقا دەۋەت قىلىش يولىدا) ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ؟» دېدى. ھەۋارىيلار (يەنى ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ھەقىقىي مۆئمىنلەر) ئېيتتى: «الله ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز، اللهقا ئىمان ئېيتتۇق. گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (پەيغەمبەرلىكىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز. پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن». ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى)، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى (ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). الله مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: «ئى ئىسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)، ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش (يەنى ئىسانىڭ ئىشى) ئۈستىدە ئاراڭلاردا

مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن. كاپىرلارغا بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب قىلىمەن، ئۇلارغا (ئۇلاردىن اللەنىڭ ئازابىنى توسىدىغان) ھېچ مەدەتكار بولمايدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا كەلسەك، اللە ئۇلارنىڭ (قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ. اللە زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ (زالىملارنى دوست تۇتمايدىغان زات قانداقمۇ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلسۇن؟)». (ئى مۇھەممەد!) بۇ بولسا ساڭا بىز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەردۇر ۋە ھېكمەتلىك قۇرئاندۇر. شۈبھىسىزكى، اللەنىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى اللە (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دېدى ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس). (ئىسا ھەققىدىكى بۇ سۆز) اللە تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، سەن شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن﴾[1].

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىكى تەرجىمھالى ۋە دەۋىتى

سىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىكى قىسقىچە تەرجىمھالى ۋە دەۋىتىنى ئوقۇڭلار!

بوۋاق ئېيتتى: ﴿مەن ھەقىقەتەن اللەنىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ.) قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى. مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (اللە تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىمەن﴾[2].

[1] سۈرە ئال ئىمران، 45 ـ دىن 60 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە مەريەم، 30 ـ دىن 33 ـ ئايەتكىچە.

## تارىخىي كۆرەش

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر دۇچ كەلگەن ۋە يولۇققان ئىشلارغا دۇچ كەلدى. كاتتىباشلار، داھىيلار ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى. بايلار ۋە كۈچلۈكلەر ئۇنى تاشلىدى، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ئەگىشىشنى كەمچىلىك ۋە ئەيىب دەپ قارىدى. ھوقۇق ۋە ئىمتىيازىدىن ۋاز كېچىش ئۇلارغا ئېغىر كەلدى.

﴿قايسى شەھەرگە بولمىسۇن، بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتسەكلا ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى. ئۇلار يەنە: «بىزنىڭ ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابلانمايمىز» دېدى﴾[1].

## ئاۋام خەلق ۋە نامراتلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشى

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىزچىل تۈردە ئۆزىگە قارشى تۇرۇپ، كۈپرى ئۈستىدە چىڭ تۇرغانلىقىنى؛ ئىلگىرى ئۆزلىرى ئىشەنگەن ئەمما ئاددى سانىغان ئوچۇق پاكىت ۋە روشەن مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن بىر چاغدا، ئاۋام خەلق ۋە نامرات كىشىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالام تەرەپكە يۈزلەندى. ئۇلارنىڭ دىلى ئېرىپ، روھى سۈزۈكلەشتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلار نەسەب بىلەن پەخىرلەنمەيتتى. يۈز - ئابرۇي قوغلاشمايتتى. ھوقۇق ۋە ئىناۋەت تالاشمايتتى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تامچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مېھنەتكەشلەر ئىدى.

## بىز اللهنىڭ ياردەمچىلىرى

ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى.

---

[1] سۈرە سەبەئ، 34 - ۋە 35 - ئايەتلەر.

ئۇنىڭغا قول بېرىپ تۇرۇپ: «بىز اللهنىڭ ياردەمچىلىرى» دېيىشتى.

﴿ئىسا ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)دىن كۇپرىنى (كۇپرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى) سەزگەن چاغدا: «الله ئۈچۈن (اللهقا دەۋەت قىلىش يولىدا) ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ؟» دېدى. ھەۋارىلار (يەنى ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ھەقىقىي مۆئمىنلەر) ئېيتتى: «الله ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز، اللهقا ئىمان ئېيتتۇق. گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (پەيغەمبەرلىككە) بويسۇنغۇچىلارمىز. پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن﴾[1].

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ساياھىتى ۋە دەۋىتى

ئىسا ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن ۋاقتىنى ساياھەت ۋە سەپەردە ئۆتكۈزەتتى. ئۇ بەنى ئىسرائىلنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىنى تۈزىتەتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئايلىنىش ۋە كۆچۈشلىرىدە ئاسانلىق بىلەن تەسلىك، قىيىنچىلىق بىلەن مولچىلىققا ئوخشاشلا دۇچ كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ھەممىنى سەۋرچانلىق، قانائەتچانلىق بىلەن ئۇستىگە ئالاتتى. ئاچارچىلىققا بەرداشلىق بېرەتتى. قورساق تويغۇچىلىك يېمەكلىك بىلەن كۇپايىلىنەتتى.

## ھەۋارىلار ئاسماندىن داستىخان تەلەپ قىلدى

ھەۋارىلار (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەلىرىدىن بولغان ھەقىقىي مۆئمىنلەر) سەۋرچانلىق، چىدامچانلىق، جاپادىن قورقماسلىق، قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىشتە ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاچارچىلىققا ئۇچرىدى، ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن اللهقا دۇئا قىلىشنى، اللهنىڭ ئۇلارغا ئاسماندىن داستىخان (يەنى يېمەكلىك چىقىدىغان داستىخان) چۈشۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاچقان قورسىقىنى تويغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 52 ـ ۋە 53 ـ ئايەتلەر.

## ئەدەبسىزلىك

ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قويغان تەلىۋىدە ئەدەبسىزلىك بىلەن: ﴿رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟﴾[1] دېدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سوئالىدىن ئەجەبلەنمىدى، بىراق، ئۇلارنىڭ سۆز قىلغان ۋاقتىتىكى ئۇسلۇبىنى يامان كۆردى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇممەتلىرىدىن غەيبكە ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى شۇنىڭغا تەكلىپ قىلىدۇ. چۈنكى، مۆجىزە كىچىك باللارنىڭ ئىچ - پۇشىقىنى چىقىرىدىغان چۆچەك ياكى ئادەملەرنى كۈلدۈرىدىغان لەتىپە ئەمەس، بەلكى، اللهنىڭ مۆجىزىلىرى بولۇپ، الله ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا پەيغەمبەرلىرىنىڭ قولىدا ئاشكارا قىلىدۇ. الله بۇ مۆجىزىلەر ئارقىلىق بەندىلىرىگە پاكىت تۇرغۇزىدۇ. مۆجىزىلەر ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا الله قىلچىلىك مۆھلەت بەرمەستىن، بالايى - ئاپەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنى جازالايدۇ.

## قەۋمنى يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش

شۇ سەۋەبتىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ئەنسىرىدى، ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ئاگاھلاندۇردى ۋە اللهنى: «مۇنداق ئىشنى قىلالامدۇ؟» دەپ سىناپ بېقىشتىن چەكلىدى. چۈنكى، الله ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە كاتتىدۇر.

## تىكلىشش ۋە سوئالدا چىڭ تۇرۇۋېلىش

شۇنداقتىمۇ ئۇلار سوئال سوراشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇلار بۇ سوئالنى ئەستايىدىل سورىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق اللهنى ئىمتىھان قىلىشنى ئەمەس، بەلكى، ئۆزلىرىنىڭ قەلبىنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

---

[1] سۈرە مائىدە، 112 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار بۇ مۆجىزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئەسلىمە، دەۋرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئادەملەر تەرىپىدىن رىۋايەت ۋە بايان قىلىنىدىغان قىسسە، بەلكى، موشۇ دىنىنىڭ راستلىقىغا، تۈنجى ئەۋلاد مۆئمىنلەرنىڭ ۋە ساداقەتمەن ھەۋارىلارنىڭ دەرىجىسىگە دەلىل بولۇشىنى خالايتتى.

## قۇرئان قىسسە بايان قىلىدۇ

ئۇ ۋاقىتتا ھەۋارىلار: ﴿«ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟» دېدى. ئىسا: «ئەگەر (اللەنىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنسەڭلار (مۇنداق سوئاللارنى بېرىشتە) اللەتىن قورقۇڭلار» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، كۆڭلىمىزنىڭ تىنچلىنىشىنى، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلىشنى ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھچىلاردىن بولۇشنى ئىرادە قىلىمىز» دېدى. مەريەم ئوغلى ئىسا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز اللە! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (قۇدرىتىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىكىمنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن» دېدى. اللە (ئىسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ): «ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن كاپىر بولسا، ئۇنى شۇنداق بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن» دېدى﴾[1].

## يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇندى

يەھۇدىيلارنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، سەۋر قاچىسى توشتى. دۈشمەنلىك ۋە ئاسىيلىق تونىنى كىيىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى يوقاتماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار رۇم ھۆكۈمىتىگە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۈستىدىن ئەرز

[1] سۈرە ئال ئىمران، 112 ـ دىن 115 ـ ئايەتكىچە.

سوْنوْپ: «ئىسا ئىسىملىك بىر ئادەم بار، ئۇ ھاماقەت، ئۆز بېشىمچى، باشباشتاق كىشى بولۇپ، دىنىمىزغا ئاسىيلىق قىلدى. ياشلىرىمىزنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى ئازدۇردى. بىرلىكىمىزنى پارچىلىدى. قېرىلىرىمىزنى گالۋاڭغا چىقىرىپ كۆڭلىمىزنى بىئارام قىلدى» دېدى.

## ئۆچمەنلىك قىلغۇچى سىياسىيونلارنىڭ ئۇسۇلى

ئىسا ئەلەيھىسسالام دۆلەتكە نىسبەتەن زور تەھدىت. ئۇ ئىنتىزام ۋە قانۇنغا بويسۇنمايدۇ. داھىيلارنى ھۆرمەتلىمەيدۇ، مۇقەددەس نەرسىلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇ بىر ئىسيانكار. ئەگەر ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە ۋاقتىدا چەك قويۇلمىسا، ئەھۋال كونترول قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. خەتەر ئاددى بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

## 25- مىكىر ۋە سۇيىقەست

ئۆچمەنلىك قىلغۇچى سىياسىيونلارنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى پۈتۈنلەي ھىيلە - مىكىر بىلەن تولغان، سىياسى رەڭ بىلەن بويالغان ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سىياسىتىدە ھۆكۈمەتنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولغاچقا، دىنىي ئىشلار رىم ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايتتى. يەھۇدىيلار بۇ نوقتىنى ئېنىق بىلگەچكە، ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى گەپلەرگە سىياسىي تۈس بېرىپ، رىم ھۆكۈمىتىنىڭ قولى ئارقىلىق ئىسا ئەلەيھىسسالامنى يوقۇتۇش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى.

## قىيىنچىلىق

ئەجنەبى مۇشرىك ھۆكۈمەت دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى، يەھۇدىيلارنىڭ غەرىزىنى،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نېمە ئۈچۈن دۈشمەنلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ كېتەلمەيتتى. بىراق، يەھۇدىيلار بەك چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، رىم ھۆكۈمىتى بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان بۇ مەسىلىدىن تېزراق قۇتۇلماقچى بولدى.

## ئىسا ئەلەيھىسسالام سوت مەھكىمىسىدە

جۈمە كۈنى، ئەسىردىن كېيىنكى چاغ ئىدى. شەنبە كۈنى يەھۇدىيلار ئۈچۈن دەم ئېلىش كۈنى بولۇپ، ئادەتتە يەھۇدىيلار بۇ كۈندە ئىشلىمەي دەم ئالاتتى. شۇڭا ئۇلار جۈمە كۈنى كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ھۆكۈم ئىجرا قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىراقلا قۇتۇلۇشقا بەل باغلىغان ئىدى. شۇنداق بولغاندا ئۇلار كېچىچە خاتىرجەم ئۇخلاپ، خۇشال تاڭ ئاتتۇرۇپ، دەم ئېلىش كۈنىنى دەخلى - تەرۇزسىز ئۆتكۈزەتتى.

سوتچى ھۆكۈم ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق، بۇ ئىشنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق پايدىسى بولمىغاچقا، سوتچىنىڭ بۇ ئىشقا تازا رايى يوق ئىدى. يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چىقىرىلغان ھۆكۈمنى ئاڭلاش ئۈچۈن مەھكىمە ئالدىغا توپلانغان بولۇپ، بىردە پىچىرلاشسا، بىردە چۇرقىرىشىپ ھۆكۈمنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

سوتچى بولسا، خۇشياقماسلىق بىلەن ئىش بېجىرەتتى، ۋاقىت قىستاپ كەلمەكتە ئىدى، كۈن پاتايلا دەپ قالغان ئىدى. ئاخىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

## ئاشۇ دەۋردىكى جىنايى ئىشلار قانۇنى

ئاشۇ دەۋردىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىنغۇچى جازا مەيدانىغا كرېست شەكىللىك ياغاچنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ئاپىرىش بەلگىلەنگەن ئىدى. جازا مەيدانى شەھەرنىڭ سىرتىدا بولۇپ، مەھكىمىدىن خېلى يىراقتا ئىدى. يۈتكۈل خەلق توپلىشىپ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشمەكتە ئىدى.

ساقچىلارنىڭ كۆپىنچىسى رىملىقلاردىن بولغاچقا، ئۇلار يەھۇدىيلارنىڭ

ئىچكى ئىشلىرىغا ئانچە قىزىقمايتتى. ئۇلار بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن پەقەت يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغۇچى ئىدى خالاس. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ يات مىللەتنىڭ ئىشى بولغاچقا ئالدىراش بىلەن ئالدىرىماسلىقنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىغان ئىدى. بىر قىسىم يەھۇدىيلار بىلەن قىزىققان قۇلاق كەستى ياشلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تىللاپ، دۈشكەلەپ ئالدىغا ئىتتىرمەكتە، ئۇنى ئەيىبلەپ، ھاقارەتلەپ دىلىغا ئازار بەرمەكتە ئىدى.

## ئىسا ئەلەيھىسسالام ئەزىيەتنى ئۈستىگە ئالدى

ئىسا ئەلەيھىسسالام ھېرىپ - چارچىغان ئىدى، ئۇ پۈتۈن كۈن مەھكىمىدە ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلغاچقا پۇت - قوللىرى تالغان، بەللىرى ئاغرىغان ئىدى. ياغاچ ئېغىر بولغاچقا، ئۇنى كۆتۈرۈپ تېزراق مېڭىشقا قۇربى يەتمەيۋاتاتتى.

## ئىلاھىي تەدبىر

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم نۇقتا دەل مۇشۇ يەردە! ئىسا ئەلەيھىسسالامنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغان ساقچى ئۇنىڭ ياغاچنى كۆتۈرۈپ تېز ماڭالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسرائىلىيىلىك بىر ياشنى ياغاچنى كۆتۈرۈۋېلىشقا بۇيرىدى. چۈنكى، بۇ ياش تەڭتۇشلىرى ئىچىدە ئەڭ قىزىققان، ئەڭ دۆت، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بېرىشكە ئەڭ ھېرىسمەن، ئىشلارنى تېزراق ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇ تۇگمەس ئاۋارىچىلىقتىن بىراقلا قۇتۇلۇشنى ئويلايدىغان ئالدىراڭغۇ ياشلاردىن بىرى ئىدى.

## ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى

ئادەملەر تويپى جازا مەيدانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. جازا

ئىجرا قىلغۇچى ساقچى دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ساقچىلىرىدىن ئىشلارنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇلار بىر ياشنىڭ ياغاچ كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردى. ئىشلار ئارىلىشىپ كەتتى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆپەيدى. ساقچى ياغاچ كۆتۈرۈۋالغان ياشنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭدى. كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلىدىغان ياشنىڭ شۇ ئىكەنلىكىدىن ساقچى ھەرگىز گۇمانلانمىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ ياش ۋارقىراپ - جارقىراپ نېمىدۇ بىر نەرسىلەرنى دەيتتى، ياغاچنى كۆتۈرۈپ ئەكىلىشىپ بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ جىنايەتچى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. ئەمما جازا مەيدانىنىڭ ساقچىسى بۇنى چۈشەنمەيتتى، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىغا پەرۋا قىلمايتتى. مۇھىمى ئۇ ھۆكۈمران مىللەتنىڭ پەرزەنتى بولغاچقا، مەھكۇم مىللەتنىڭ تىلىنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى ساقچى ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ئىدى.

ئۇ ياش ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ياغاچنى بىللە كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلگەن ياغاچقا ئۆزى مىخلاندى، ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپ كەتتى.

## ھۆكۈم ئىجرا قىلىش

ھەر قانداق جىنايەتچىنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ، جىنايىتىنى ئىنكار قىلىشى، ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئاھ ئۇرۇپ يىغلىشى نورمال ئەھۋال ئىدى. شۇڭا ساقچىلارمۇ بۇنىڭدىن قىلچە ئەجەبلەنمەي ھۆكۈمنى ئىجرا قىلدى.

يەھۇدىيلار يىراقتىن قاراپ تۇرۇشاتتى، ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇلار كرېستقا مىخلانغۇچىنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى.

## ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى

اللە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بىراقلا قۇتۇلۇش ئارزۇسى

ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى يوقاتماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق، ھەممىدىن غالىپ اللهنىڭ قوغدىشى ئاستىدا ئۇلار ناھايىتى سەت مەغلۇب بولدى. الله ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پاك ھالەتتە ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## قۇرئان ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سۆزلەيدۇ

﴿يەنە ئۇلارنىڭ كۇپرى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). يەنە اللهنىڭ رەسۇلى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۇبھە سېلىندى (ئىسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسلىسى)دە شۇبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقىتى)نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى. بەلكى الله ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى الله ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

ئىسا ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشىمۇ، دۇنيادىن ئايرىلىشىمۇ ئاجايىپ. ئۇنىڭ ھاياتى باشتىن ـ ئاخىرى ھەيران قالارلىق ھايات، ئادەتتىن ھالقىغان ھايات. ئۇ چەكسىز ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ دەلىلى.

## قىيامەتتىن بۇرۇن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىدىغانلىقى

الله ئىرادە قىلغان چاغدا، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۈشىدۇ. ئۇ

[1] سۈرە نىسا، 156 ـ دىن 158 ـ ئايەتكىچە.

ئــۆزى ھەققــــدە ئۆڭچــــل ۋە ســـــولچىل بولۇۋالغـــان يەھۇدىيلارنــــڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىگە پاكىت تۇرغۇزىدۇ. ھەقكە ياردەم بېرىدۇ، باتىلنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى رەسۋا قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە خەۋەر قىلغان، ھەر قايسى دەۋردىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ توغرىلىقىغا ئىقرار قىلىپ كەلگەن ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ۋە سەھىھ ھەدىسلەر مەۋجۇت.

﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەر قاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە اللّٰهنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا اللّٰهنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى)غا گۇۋاھ بولىدۇ﴾[1].

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئالدىن بەرگەن بېشارىتى

ئىسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەست ۋە قارشىلىقلىرىغا ئۇچرىغانلىقى، ئاجىز ۋە ياردەمچىلىرى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن دەۋەتتىكى ۋەزىپىسىنى تولۇق تامامالاپ بولالمايلا، پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كىشىلەردىن ئايرىلدى.

ئۇ ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان بىر پەيغەمبەر ھەققىدە كىشىلەرگە خۇشخەۋەر بەردى. ئۇ پەيغەمبەر ئىسا ئەلەيھىسسالام باشلىغان ئىشنى تاماملايدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالام خۇسۇسى دائىرىدە قىلغان ئىشلارنى ئومۇملاشتۇرىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئارقىلىق اللّٰهنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى نېمەتلەر تاماملىنىدۇ، اللّٰهنىڭ مەخلۇقلىرىغا پاكىت تۇرغۇزۇلىدۇ.

﴿ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن اللّٰه ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى﴾[2].

---

[1] سۈرە نىسا، 159 ـ ئايەت.
[2] سۈرە سەپ، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ساپ تەۋھىدتىن تۇتۇق ئەقىدىگە

دىنلار تارىخىدىكى يۈرەكلەر ئېچىشىپ، كۆزلەردىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلىدىغان ئېچىنىشلىق ئىشلاردىن بىرى شۇكى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ساپ تەۋھىدكە، تۇتۇقلۇق، چىگىشلىك، ئۆزگەرتىلىش ۋە بۇرمىلىنىشتىن خالىي دىنغا، بىر اﷲقا ئىبادەت قىلىشقا، تىلەكلەرنى بىر اﷲتىن تىلەشكە، اﷲقا بولغان دوستلۇقنى ھەرقانداق دوستلۇقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشقا چاقىرغان دەۋىتى ئاخىرقى ھېسابتا تۇتۇق ئەقىدىگە ۋە چۈشىنىكسىز پەلسەپىگە ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئازغۇنلۇق پاتقىقىغا پاتتى، ئۇنى ماختاپ ئۆچۈرۈپ ئىنسانىي دائىرىدىن ئىلاھىي دائىرىگە چىقىرىۋەتتى. شۇڭا ئۇلار: «ئىسا اﷲنىڭ ئوغلى، اﷲنىڭ بالىسى بار، اﷲ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر» دېيىشتى.

ئۇلار تۇغمىغان ۋە تۇغۇلمىغان يېگانە بىر ئىلاھدىن پەرۋەردىگار، ئوغۇل ۋە جىبرىئىلدىن ئىبارەت ئۈچ ئەزادىن تەركىب تاپقان بىر ئائىلە كىشىلىرىنى پەيدا قىلدى. ئۇلار ئىسانىڭ ئانىسى مەريەمگە ئېتىقاد قىلدى، مەريەمنى ئۇلۇغلاپ ئىبادەت قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. شۇڭا ئۇلار مەريەمنى «اﷲنىڭ ئانىسى» دېيىشىپ، چېركاۋلاردا ئۇنىڭ سۈرەت ۋە ھەيكەللىرىنى تىكلىدى. خرىستىيانلار ئاشۇ سۈرەت ۋە ھەيكەللەرگە ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ باش ئۇردى.

اﷲ ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى ئىنكار قىلىپ، قىلمىشلىرىنى قەبىھ ساناپ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەريەم ئوغلى ئىسا پەقەت (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل خوتۇندۇر، ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى (يەنە ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاشلا گۆش، سۆڭەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى). ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ باتىللىقىغا) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق باش تارتقانلىقىغا قارىغىن. (ئى مۇھەممەد!) «سىلەر اﷲتىن باشقا، سىلەرگە پايدا ــ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟» دېگىن. اﷲ بولسا (سۆزۈڭلارنى)

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

## ئىسا ئەلەيھىسسالام بىر اللّٰهقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ

ئىسا ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا بىر اللّٰهقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. ئىنجىلدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى كەلتۈرۈلگەن: «مكتوب للرب الهك تسجد وله وحده تعبد» (سېنىڭ بىر ئىلاھقا سەجدە قىلىشىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىڭ پەرۋەردىگار تەرىپىدىن پۈتۈلگەن)[2].

اللّٰه قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، ھېكمەتنى، پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە: «اللّٰهنى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار» دېيىشى لايىق بولمايدۇ (يەنى پەيغەمبەردىن مۇنداق گەپنىڭ سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ) ۋە لېكىن (ئۇ): «كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار» (دەيدۇ). شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى كۇپرىغا بۇيرۇمدۇ؟﴾[3].

## قۇرئان ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاشكارىلايدۇ

قۇرئان ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ۋە ئۇلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ساپ تەۋھىدنى ئېلان قىلغانلىقىنى ۋە كىشىلەرنى ساپ تەۋھىدكە چاقىرغانلىقىنى كۆپتۈرمەستىن، روشەن ئۇسلۇبتا نەقىل قىلدى:

﴿شۈبھىسىزكى، اللّٰه مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى، ئىسا: «ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ

---

[1] سۈرە مائىدە، 75 ـ ۋە 76 ـ ئايەتلەر.

[2] ئىنجىل «مەتتا» 10:4، ئىنجىل «لۇقا» 8:4.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 79 ـ ۋە 80 ـ ئايەتلەر.

پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى اللهتىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ» دېدى﴾[1].

## تەۋھىدنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىدە تۇتقان ئورنى

الله قۇرئاندا تەۋھىدنىڭ ئورنىنى، پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى اللهنى تونۇش، اللهقا بويسۇنۇش ۋە اللهتىن قورقۇش خاراكتېرىنى شۇ قەدەر گۈزەل ۋە پاساھەتلىك ئۇسلۇبتا بايان قىلدىكى، ئۇنى تونۇغان ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭدىن ھوزۇرلانماي ۋە زوقلانماي قالمايدۇ.

﴿مەسىھمۇ، (اللهقا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ اللهقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، كىملەركى اللهقا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلسۇنكى) الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ، نېمىتىنى ئۇلارغا بېرىدۇ، (اللهقا قۇللۇق قىلىشتىن) باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، الله ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن اللهتىن باشقا (اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ﴾[2].

## قىيامەتنىڭ ئاجايىب كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى

قۇرئان قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن ئاجايىب بىر گۈزەل كۆرۈنۈشنى پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك تىل بىلەن سۈرەتلىگەن بولۇپ، ئۇ سۈرەتتە ئىسا

[1] سۈرە مائىدە، 72 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا، 172 ـ ۋە 173 ـ ئايەتلەر.

www.uygurkitap.com

ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتقان تۆھمەت، يالغان ـ ياۋداق سۆز ۋە مۇئامىلىلىرىدىن پۈتۈنلەي ئادا ـ جۇدا بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى جۇرئەت ۋە راستچىللىق بىلەن ئىزاھلايدۇ. ئۈممىتى دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنى مۇشۇ مەسىلە ئالدىدا تەسلىم قىلدۇرىدۇ.

سۆيۈملۈك بالىلار! سىلەر قۇرئاندىكى مۇنۇ قىسسىنى ئوقۇۋېلىڭلار، قىيامەتتىكى مەيداننىڭ كاتتىلىقىنى، كۆرۈنۈشىنىڭ گۈزەللىكىنى ھىس قىلىڭلار!

ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: ﴿ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە: «اللهنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار» دېدىڭمۇ؟ ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن. مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، ـ دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن. ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچكىشى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن». الله ئېيتىدۇ: «بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار اللهتىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر». ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى پۈتۈن

مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى اللەقا مەنسۇپتۇر، اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1].

## تۇتۇق ئەقىدىدىن ئوچۇق - ئاشكارا بۇتپەرەسلىككە

خرىستىئان دەۋەتچىلىرى مۇئەييەن ئىچكى ئامىلىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ياۋروپاغا كۆچتى. ۋەھالەنكى، خېلى زامانلاردىن بېرى ياۋروپادا بۇتپەرەسلىك ئەۋج ئالغان بولۇپ، ياۋروپالىقلار قۇلاق تۈۋىگىچە بۇددىزىم پاتقىقىغا پاتقان ئىدى.

بۇتپەرەس يۇنانلىقلار (گرېتسىيىلىكلەر) اللەنىڭ سۈپەتلىرىنى خىلمۇ خىل ئىلاھلارنىڭ شەكلىدە سۈرەتلىدى. ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى ئويۇپ، ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس ئىبادەتخانا سالدى ۋە ھەيكەللەرنى ئورناتتى. رىزىق ئىلاھى، رەھمەت ئىلاھى، غەزەپ ئىلاھى دېگەندەك ساختا ئىلاھلارنى پەيدا قىلدى.

رۇملۇقلار بۇتپەرەسلىك ۋە خۇراپاتلىقنى چىڭ تۇتۇشتا ئەڭ قەدىمىي مىللەت بولۇپ، بۇتپەرەسلىك ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ روھى بۇددىزىم روھى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن ئىدى.

رۇملۇقلار خىلمۇ خىل ئىلاھلارغا چوقۇناتتى. خرىستىئان دىنى ئۇلارغا يېتىپ، مىلادى 306 - يىلى كونىستانتىن I خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خرىستىئان دىنى بۇددىزىم ئەقىدىلىرىدىن، رۇم ئەنئەنىلىرىدىن ۋە يۇنان پەلسەپىلىرىدىن كۆپلىگەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە، بۇ دىن ئاستا - ئاستا بۇددىزىمغا يېقىنلىشىپ، پەيغەمبەر ئورناتقان تۈپ ئاساسلىرىنى، شەرقىقە خاس ئاممىبابلىقىنى، تەۋھىدتىكى جەڭگىۋارلىقىنى يوقۇتۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ بىر قىسىم مۇناپىقلار بۇ دىنغا كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى مۇشرىك ئەقىدىسىنى ۋە بۇددىزىمچە خاسلىقىنى بۇ دىنغا ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن يېڭىچە بىر ئەبجەش دىن مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەبجەش دىندا خرىستىئانلىق بىلەن بۇتپەرەسلىك باپباراۋەر ھالەتتە ئاشكارا بولدى.

ئەمەلىيەتتە خرىستىئان دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە

---

[1] سۈرە مائىدە، 116 - دىن 120 - ئايەتكىچە.

قارىساقمۇ، تۇنجى خرىستىئانلىقنىڭ قاراڭغۇ كېچىدە يولدىن ئېزىپ كېتىپ، يولنىڭ ئاخىرىنى تاپالمىغان ئازغۇن يولۇچىغا ئوخشاش ئىسا ئەلەيھىسسالام ماڭغان ۋە دەۋەت قىلغان يولغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر يولدىن ماڭغانلىقىنى ئېنىق بايقايمىز.

بۇ دىنلارنىڭ تارىخىنى ئوقۇغان كىشى بىلىدىغان مۇشۇنداق نازۇك ھېكمەتنىڭ سەۋەبىدىن الله يەھۇدىيلارنى: «غەزەپ قىلىنغۇچى» دەپ سۈپەتلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ «ئازغۇن» ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ تىلى بىلەن: ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)﴾[1] دېدى.

مانا بۇ، ياۋرۇپانىڭ ۋە ياۋرۇپا رەھبەرلىكىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ تىراگېدىيىسى.

﴿ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش اللهنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر﴾[2].

[1] سۈرە فاتىھە، 7 ـ ئايەت.

[2] سۈرە رۇم، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى قىسسە

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

## جاھىلىيەت دەۋرى

### ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن

ئىسا ئەلەيھىسسالام دۇنيادىن ئايرىلغىلى ئۇزاق زامانلار بولدى. دۇنيانى زۇلمەت قاپلاپ، نۇر ۋە ئىلىم يوقالدى. پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر ئۆز دەۋرىدە پاك تەۋھىد ۋە ساپ دىن ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرگەن ئاۋازلار ساختىپەز - دەججاللارنىڭ جاھالەت ۋە زالالەت چۇقانلىرى ئىچىدە غايىپ بولدى. پەيغەمبەرلەر، ئەلچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىز باسارلىرى يورۇتقان چىراقلار ھېلىدىن - ھېلىغا چىقىپ تۇرغان كۈچلۈك بورانلار تەرىپىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى.

### قەدىمكى دىنلار

كاتتا دىنلار - بۇ دىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى خرىستىئان دىنى - بىكار تەلەپ ئويۇنچىلارنىڭ جان بېقىش قورالىغا، ئىككى يۈزلىمە ساختىپەزلەرنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئەسلىدىكى روھى ۋە شەكلىنى تامامەن يوقاتقان ئىدى. ئەگەر پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر قايتىدىن دۇنياغا كېلىپ، ئۇزلىرى الله تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن دىننى كۆرگەن بولسا، ئۇنى قەتئىي تونۇمىغان ۋە ئىنكار قىلغان بولاتتى.

يەھۇدىي دىنى ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان ئۆرپ - ئادەت ۋە

ئەنئەنىلەرنىڭ يىغىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ بىر ئۆتمۈشتىن قالغان سۇلالىۋىي دىن بولۇپ، دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىش، ئۇممەتنى دەۋەت قىلىش، ئىنسانىيەتكە رەھمەت يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالمايتتى.

خرىستىئان دىنى بولسا، تۇنجى دەۋرىدىن باشلاپلا ئازغۇنلارنىڭ ئۆزگەرتىشى، جاھىلىيەتچىلەرنىڭ بۇرمىلىشى بىلەن تۇيۇتىن بۇزۇلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر دۆۋە داشقالغا ئايلانغان بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئامىمباپ تەلىماتلىرى ئۇنىڭ ئاستىغا دەپنە قىلىۋېتىلگەن، تەۋھىد نۇرى يوقالغان، الله ئۈچۈن خالىس ئىبادەت قىلىش دېگەندىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان ئىدى.

مەجۇسىيلار (ئاتەشپەرەسلەر) بولسا، ئوتقا چوقۇنۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلار ئىبادەتخانىلارنى قۇرۇپ ئوتنى ئۆزلىرىگە خۇدا قىلىۋالغان ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ سىرتىدىكىلەر بولسا، ئەركىن ئادەملەر بولۇپ، كۆڭلى نېمىنى تارتسا، شۇنى قىلاتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، مەجۇسىيلار بىلەن دىنسىزلار ئوتتۇرىسىدا ئىش - ھەرىكەت ۋە ئەخلاق جەھەتتە ھېچقانداق پەرق يوق ئىدى.

بۇددا دىنى ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭرى تارقالغان دىن بولۇپ، ئۇنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بۇتپەرەسلىك ئىدى. بۇتپەرەسلەر قەيەرگە بارسا، بۇتلارنى كۆتۈرۈۋالاتتى. قەيەردە ئولتۇراقلاشسا، شۇ يەرگە بۇتنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلەيتتى.

براھمان دىنى ھىندىستاندىكى ئەسلى (ئاساسلىق) دىن بولۇپ، مەئبۇد ۋە ئىلاھلارنىڭ كۆپلىكى، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زۇلۇمنىڭ خىلمۇ خىللىقى، ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئىمتىيازنىڭ كۆچلۈكلىكى بىلەن باشقا دىنلاردىن پەرقلىنەتتى.

ئەرەبلەر بولسا، كېيىنكى دەۋردە بۇتپەرەسلىك پاتقىقىغا پاتقان بولۇپ، ئۇلار بۇتپەرەسلىكتە ھىندىستاندىكى بۇتپەرەس براھمانلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇراتتى. مۇشرىكلىقتا يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، اللهنى قويۇپ كۆپلىگەن ئىلاھلارغا چوقۇناتتى.

ئەرەب مىللىتى بۇتلارغا چوقۇنۇشتا ئەڭ قورقۇنچلۇق دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن بولۇپ، ھەر بىر قەبىلە، ھەر بىر قىشلاق، ھەر بىر شەھەرنىڭ ئۆزگە خاس بۇتلىرى بولغاندىن باشقا، ھەر بىر ئۆيدىمۇ شۇ ئۆينىڭ خۇسۇسىي

بۇتلىرى بار ئىدى. ھەتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يالغۇز بىر اللهقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلغان كەئبىنىڭ ئىچىدىمۇ 360 بۇت بار ئىدى.

## ئەرەب يېرىم ئارىلى

ئەرەبلەر ئەخلاق جەھەتتە بۇزۇلغان بولۇپ، ھاراق ۋە قىمارغا بېرىلگەن؛ باغرىتاشلىق ۋە رەھىمسىزلىكتە قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن، ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىش ۋە يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلىش ئومۇمىي ھادىسىگە ئايلانغان ئىدى. ئاياللارنىڭ ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، مال - مۈلۈك ياكى چارۋا - مال سۈپىتىدە ئاتىدىن بالىغا مىراس قالاتتى. نامراتلىق ۋە كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ ياكى بېقىپ بولالماسلىقتىن ئەنسىرەپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

ئۇلار ئۇرۇشخۇمار خەلق بولۇپ، قان تۆكۈش ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ئىدى. ئەرزىمەس بىر ئىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۇرۇش ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 40 يىل داۋاملاشقان، ئۇرۇشتا نەچچە مىڭلىغان كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى.

## قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا بۇزۇقچىلىق ئاشكارا بولدى

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت پەيغەمبەرلىك ھارپىسىدا ھالاكەت يولىدا ئىدى. بۇ ئەسىردە ئىنسانلار ياراتقۇچىسىنى، ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ۋە ئاقىۋىتىنى ئۇنۇتقان؛ توغرا بىلەن خاتانى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى تامامەن يوقاتقان ئىدى.

شۇنچە كەڭ ئىقلىمدا ئۆزىنىڭ دىنىنى مۇھىم بىلىدىغان، پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدىغان بىرەر ئادەمنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۈيۈك الله ھەقىقەتەن راست ئېيتتى:

﴿ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، الله ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر

قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى﴾[1].

## پەيغەمبەر نېمە ئۈچۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقتى؟

ئىسلام دەۋىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئەرەبلەرنى تاللىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى تېخى ئۆچۈرگىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە خەت يېزىلىپ كەتمىگەن ئاق قەغەز ئىدى. ئۇلار يۇكسەك ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە شانلىق مەدەنىيەتلەر بىلەن پەخىرلىنىدىغان رۇم، پارس ۋە ھىندىستانلىقلارغا ئوخشىمايتتى. ئەگەر بۇ ئاق قەغەزگە خەت يېزىلغان دېيىلسە، ئۇنداقتا بۇ خەتلەر نادانلىق ۋە ياۋايىلىقنىڭ قولى تەرىپىدىن يېزىلغان بولغاچقا، ئۇنى ئۆچۈرۈش، يۇيۇش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن نەقىشلەرنى ئويۇش تامامەن مۇمكىن ئىدى.

ئۇلار ئەسلى تەبىئىتىنى يوقاتمىغان ئىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىنى بىر قات قېلىن پەردە توسىۋالغاچقا، ھەقكە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى توسىۋالغان پەردىلەر ئېچىۋېتىلسە، ئۇلار شۇ ھامان ھەقنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلايتتى، ھەق يولىدا ئۆلۈشتىن قىلچە باش تارتمايتتى. چۈنكى، ئۇلار راستچىل، ئىشەنچلىك، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە تاۋلانغان، باتۇر ۋە چەۋەنداز مىللەت ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ يالغۇز بىر اللەقا ئىبادەت قىلىشى، دەۋەت ۋە تەۋھىدنىڭ مەڭگۈلۈك بۇلىقى بولۇشى ئۈچۈن بىنا قىلغان كەئبە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، جۈملىدىن مەككىدە ئىدى.

﴿ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر﴾[2].

[1] سۈرە رۇم، 41 - ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 96 - ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كېلىشنىڭ ئالدىدىكى دەۋر

### مەككە ۋە قۇرەيش

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىگە بارغان چاغدا، مەككە سۇ، زىرائەت ۋە يېمەكلىك بولمىغان، تاقىر تاغلار بىلەن قورشالغان بىر ۋادا ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئايالى ھاجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ مەككىگە بېرىشتىكى تۈپ مەقسىتى دۇنيادا كەڭرى تارقالغان بۇتپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىپ، يالغۇز بىر اللهقا ئىبادەت قىلىدىغان، ئىنسانلارنى الله تەرەپكە يېتەكلەيدىغان، ھىدايەت مەشئىلى ۋە ئىنسانلار جەمگاھى بولىدىغان مەركەز قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىدى.

الله ئۇنىڭ ئەمەلىنى قوبۇل قىلىپ بۇ جايغا بەرىكەت بەردى. ئۇ دۇنيادىن يىراق بۇ باياۋانغا ئايالى بىلەن ئوغلىنى قالدۇرۇپ كەتكەن چاغدا، الله بىر ئانا ۋە بىر ئوغۇلدىن تەركىب تاپقان بۇ مۇبارەك كىچىك ئائىلىگە سۇ پەيدا قىلىپ بەردى. بۇ سۇ «زەمزەم» بولۇپ، الله ئۇنىڭغا بەرىكەت بەردى. ئىنسانلار ھېلىمۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئىچىپ، ئۇنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئېلىپ كەتمەكتە.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ بالىلىق يېشىغا يەتكەندە، ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام اللهقا بولغان مۇھەببىتىنى ئوغلىغا بولغان مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن بىلگەنلىكى ئۈچۈن، الله ئۇنى چۈشىدە بۇيرىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئوغلىنى بوغۇزلىماقچى بولدى. كىچىك ئىسمائىل بۇ بۇيرۇققا بويسۇندى ۋە ئۇنىڭغا رازى بولدى. الله ئىسمائىلنىڭ دەۋىتىدە ئاتىسىغا ياردەمچى بولۇشى، يەنە بىر بۈيۈك پەيغەمبەرنىڭ ئەجدادى بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر قۇربانلىقنى ئالماشتۇرۇپ بەردى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى بىرلىكتە بەيتۇللاھ (كەئبە) نى بىنا قىلدى. ئۇلار اللهقا دۇئا قىلىپ، اللهنىڭ بۇ بەيتۇللانى قوبۇل قىلىشىنى، ئۇنىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى، ئۇلارنى ئىسلام ئۈستىدە ياشاپ، ئىسلام ئۈستىدە ئۆلۈشكە

مۇۋەپپەق قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئىشلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن ئۇلارنىڭ دەۋىتىنى يېڭىلايدىغان ۋە ئۇلار باشلىغان ئىشنى تاماملايدىغان پەيغەمبەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنى تىلىدى.

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى﴾[1].

اللە ئۇ ئىككىسىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئەۋلادلىرىنى كۆپەيتتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرى بولغان ئەدناننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ چوڭ بىر جەمەت بولۇپ شەكىللەندى. ئەدناننىڭ ئوغلى پەھر ئىبنى مالىكنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان قۇسەي ئىبنى كىلاب بەيتۇللاھنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئىگە بولدى. ئۇ نوپۇزلۇق كىشى بولۇپ، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ بەيتۇللاھقا يوپۇق يېپىش، بەيتۇللاھنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ساقلاش، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا كەلگەنلەرنى زەمزەم سۈيى ۋە تائام بىلەن تەمىنلەش، ئۆز - ئارا مەسلىھەت ئۈچۈن يىغىن چاقىرىش، ئۇرۇشتا بايراق چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بەلكى، ئۇ پۈتكۈل مەككىنىڭ شان - شەرىپىگە ئېرىشكەن نوپۇزلۇق ئەرباب ئىدى.

ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇماناف ئەقىللىق ۋە زېرەك

[1] سۈرە بەقەرە، 126 - دىن 129 - ئايەتكىچە.

كىشى ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھاشىم قەۋمىنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا كەلگەنلەرنى زەمزەم سۈيى ۋە تائام بىلەن تەمىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئاتىسى بولۇپ، ھاشىمدىن كېيىن بەيتۇللاھنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ تاغىسى مۇتەللىب ئىبنى ئابدۇماناف ئىگە بولدى. ئۇ ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئاتا - بوۋىلىرىدىن ھېچكىم ئېرىشمىگەن ھۆرمەت ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشتى.

پەھر ئىبنى مالىكنىڭ ئەۋلادلىرى «قۇرەيش» دەپ ئاتالدى. بۇ ئىسىم ئۇلارنىڭ بارلىق ئىسىملىرىنى بېسىپ چۈشۈپ، بۇ قەبىلە «قۇرەيش قەبىلىسى» دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. بارلىق ئەرەبلەر قۇرەيشنىڭ نەسەبىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى، رەھبەرلىك ئورنىنى، تىلىنىڭ راۋانلىقىنى، ئېپادىلەش سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئېسىل ئەخلاق ۋە باتۇرلۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى ماقال - تەمسىل بولۇپ تارالدى.

## مەككە ۋە قۇرەيش ئىچىدە بۇتپەرەسلىكنىڭ ئاشكارا بولۇشى

قۇرەيش قەبىلىسى ئەجداتلىرى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمر ئىبنى لۇھەي دۇنياغا كەلگىچە تەۋھىد ئەقىدىسى ۋە بىر خۇدالىق ئىدىيىسىنى تاشلىمىغان ئىدى. ئۇ دۇنياغا كېلىپ، تونجى بولۇپ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتتى. بۇتلارنى تىكلىدى، ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش، ئىلاھلارغا نەزىر قىلىش، ﷲنىڭ بەلگىلىمىسىگە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپ ھالدا ئۆزى خالاپ ھالال ۋە ھارام قىلىش ئىشلىرىنى پەيدا قىلدى.

ئەمر ئىبنى لۇھەي مەككىدىن شامغا بارغان چاغدا، شاملىقلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىدى. بىر قىسىم بۇتلارنى مەككىگە ئېلىپ كېلىپ تىكلىدى. كىشىلەرنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشقا بۇيرىدى.

قۇرەيشلەر مەككىدىن ئايرىلىپ بىر جايغا بارماقچى بولسا، ھەرەمنى ئۇلۇغلاش ۋە خاتىرە سۈپىتىدە ساقلاش ئۈچۈن ھەرەم تېشىنى ئۆزى بىلەن

بىللە ئېلىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئادىتى ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ۋە ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان تاشلارغا چوقۇنۇشقا ئۆزگەردى.

## پىل ۋەقەسى

پىل ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى چوڭ بىر ھادىسىنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. شۇنداقلا اللهنىڭ ئەرەبلەرگە ۋە كەئبىگە زور ياخشىلىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىدى.

بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىنىڭ يەمەندىكى ۋالىيسى ئەبرەھە يەمەننىڭ پايتەختى سەنئادا ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىر چېركاۋ سالدۇرۇپ، ئۇنى «قۇللىيۇس» دەپ ئاتىدى. ھەمدە كىشىلەرنى مەككىدىكى بەيتۇللاھنى ئەمەس، بەلكى، سەنئادىكى چېركاۋنى تاۋاپ قىلىشقا قىزىقتۇردى، ھەتتا ھەر قايسى تەرەپلەردىن مەككىگە بېرىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىدىغان كىشىلەرنى توسماقچى، بۇ ئارقىلىق ئۆزى سالدۇرغان چېركاۋنى بەيتۇللاھنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولدى.

كىچىكىدىن باشلاپلا كەئبىگە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن قاراپ چوڭ بولغان، كەئبىنى ھېچقانداق ئۆيگە تەڭ قىلمايدىغان، ئۇنى چىن دىلىدىن ئۇلۇغلايدىغان ۋە مۇقەددەس بىلىدىغان ئەرەبلەرگە بۇ ئىش ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى مۇشۇ ئىش ئىگىلىۋالدى. بۇ خىل تەڭسىزلىككە چىدىمىغان بىر ئادەم سەنئاغا بېرىپ، چېركاۋغا كىرىپ چوڭ تەرەت قىلىپ قويدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئەبرەھە قوشۇن باشلاپ بېرىپ بەيتۇللاھنى چېقىپ تاشلاشقا قەسەم ئىچتى.

ئەبرەھە پىل قوشۇنىنى باشلاپ، بەيتۇللاھقا قاراپ كەلدى. ئەرەبلەر بۇنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ بېشىدا چاقماق چاققاندەك بولدى. گەرچە ئۇلار ئەبرەھەگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى توسۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار ئەبرەھەنىڭ قوشۇنلىرىغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىشنى اللهقا تاپشۇردى. چۈنكى، ئۇلار بەيتۇللاھنىڭ ئۇنى قوغدايدىغان بىر ئىگىسىنىڭ بارلىقىغا كەسكىن ئىشىنەتتى.

بۇ خىل ئىشەنچ قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىبېشى، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن ئەبرەھە ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تۆۋەنكى سۆھبەتتە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئەبرەھە بەيتۇللاھقا قاراپ ماڭغان يولدا ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ يۈز تۆگىسىنى بۇلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. ئۇ ئابدۇلمۇتەللىبنى چوڭ كۆرەتتى. ئەبرەھە ئۇنىڭدىن نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭدىن يۈز تۆگىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئەبرەھەنىڭ ئابدۇلمۇتەللىبكە بولغان ھۆرمىتى پەسەيدى ھەمدە ئۇنى مەنسىتمەستىن:

- مەن بەيتۇللاھنى چېقىۋەتكىلى كەلگەن تۇرسام، سەن ماڭا سېنىڭ ۋە ئەجدادلىرىڭنىڭ مۇقەددەس تاۋاپگاھى بولغان بەيتۇللاھ ھەققىدە سۆزلىمەي، ئاشۇ يۈز تۆگە ھەققىدە گەپ قىلىۋاتامسەن؟ - دېدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئىشەنچ بىلەن:

— مەن تۆگىنىڭ ئىگىسى بولغاچقا، تۆگىنىڭ گېپىنى قىلدىم. بەيتۇللاھنىڭمۇ ئۆز ئىگىسى بار، شۇ ئىگىسى ئۇنى قوغدايدۇ. - دېدى.

- قانداق قوغدايدۇ؟ - دەپ سورىدى ئەبرەھە ئۇنىڭدىن.

- ۋاقتى كەلگەندە كۆرەيلى! - دېدى ئابدۇلمۇتەللىب ئەبرەھەگە.

قۇرەيشلەر ئەسكەرلەرنىڭ تالاپىتىدىن قورقۇپ تاغ چوققىلىرىغا ۋە قىرلارغا چىقىپ، اللهنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلغان كىشىنى اللهنىڭ قانداق جازالايدىغانلىقىغا قاراپ تۇرۇشتى. ئابدۇلمۇتەللىب بىر نەپەر قۇرەيش بىلەن بىللە كەئبىگە بېرىپ، كەئبە دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، اللهتىن ئەبرەھە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇب قىلىشىنى تىلىدى.

ئەبرەھە بەيتۇللانى چېقىۋېتىش ئۈچۈن پىل قوشۇنىنى باشلاپ مەككىگە كىرىشكە تەييارلاندى. پىلنىڭ ئىسمى «مەھمۇد» بولۇپ، ئۇ مەككىگە كىرىدىغان يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىۋالدى. ئۇلار ھېچقانداق قىلىپ پىلنى ئورنىدىن تۇرغۇزالمىدى. پىلنىڭ ئالدىنى قايتىدىغان تەرەپ، (يەنى يەمەنگە) قاراتسا، ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرۈپ ماڭدى، ئەمما مەككىگە قاراتقان ھامان يەنە يېتىۋالدى.

دەل شۇ پەيتتە، الله ئۇلارغا دېڭىزدىن بىر توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. ھەر بىر قۇش تاشلارنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۈستىدىن تاشلانغان تاش تەگكەن

ھەر قانداق ئادەم ئۆلمەي قالمايتتى. ھەبەشىستانلىقلار كەلگەن يولغا قاراپ قاچتى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى يولنىڭ ھەممە جايلىرىدا سورۇلۇپ قالدى. ئەبرەھەنى ئۇگە بارماقلىرى ئاجراپ چۈشكەن ھالەتتە سەنئاغا ياندۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئىنتايىن قەبىھ ئۆلۈمدە ئۆلدى.

قۇرئان بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ پىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ - توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانىدەك قىلىۋەتتى﴾[1].

الله پىل قوشۇنىنى جازالاپ، ئۇلارنى مەككىدىن چېكىندۈرگەندىن كېيىن، ئەرەبلەر قۇرەيشلەرنى تېخىمۇ چوڭ بىلىپ: «قۇرەيشلەر اللهنىڭ دوستلىرى، الله ئۇلارنىڭ دۈشمىنىنى ھالاك قىلىپ، ئۇلارنى قوغدىدى» دېيىشتى.

ئەرەبلەر بۇ ھادىسىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى تارىخنىڭ يىلنامىسى قىلىپ بېكىتتى. مەسىلەن، ئۇلار بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى ياكى بىرەر شەخسنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى تىلغا ئالماقچى بولسا: «بۇ ۋەقە پىل يىلىدا يۈز بەرگەن، پالانى پىل يىلىدا تۇغۇلغان، بۇ ۋەقە پىل يىلىدىن مانچە يىل بۇرۇن ياكى مانچە يىل كېيىن يۈز بەرگەن» دېيىشەتتى.

پىل ۋەقەسىنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى مىلادى 570 - يىلغا توغرا كېلىدۇ.

## ئابدۇللاھ ۋە ئامىنە

قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئون ئوغلى بولۇپ، ئابدۇللاھ ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئىدى. ئاتىسى ئۇنى ۋەھبىنىڭ قىزى ئامىنەگە ئۆيلەپ قويدى. ئامىنە قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدىكى نەسەب ۋە ئورۇن جەھەتتە ئەڭ پەزىلەتلىك قىز ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئابدۇللاھ ۋاپات بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ئامىنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قورساق كۆتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى ئالدىنئالا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

[1] سۈرە فىل، 1 - دىن 5 - ئايەتكىچە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ پاك نەسەبى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىل يىلى (مىلادىنىڭ 570 - يىلى) رەبىئەل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى (دۈشەنبە كۈنى) تۇغۇلدى. مانا بۇ كۈن، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ شەرەپلىك كۈن بولۇپ قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، ئاتىسى ئابدۇللاھ. ئابدۇللاھنىڭ ئاتىسى ئابدۇلمۇتەللىب، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئاتىسى ھاشىم، ھاشىمنىڭ ئاتىسى ئابدۇماناف، ئابدۇمانافنىڭ ئاتىسى قۇسەي، قۇسەينىڭ ئاتىسى كىلاب، كىلابنىڭ ئاتىسى مۇررە، مۇررەنىڭ ئاتىسى كەئب، كەئبنىڭ ئاتىسى لۇئەي، لۇئەينىڭ ئاتىسى غالىب، غالىبنىڭ ئاتىسى پىھرى، پىھرىنىڭ ئاتىسى مالىك، مالىكنىڭ ئاتىسى نەزىر، نەزىرنىڭ ئاتىسى كەنانە، كەنانەنىڭ ئاتىسى خۇزەيمە، خۇزەيمەنىڭ ئاتىسى مەدرەكە، مەدرەكەنىڭ ئاتىسى ئىلياس، ئىلياسنىڭ ئاتىسى مۇزەر، مۇزەرنىڭ ئاتىسى مەئدى، مەئدىنىڭ ئاتىسى ئەدناندۇر. ئەدناننىڭ نەسەبى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ تۇتىشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندىن كېيىن، بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىبكە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوغۇل تۇغۇلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئابدۇلمۇتەللىب كېلىپ، ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى. كۆتۈرۈپ كەئبىگە كىردى ۋە اللهقا دۇئا قىلىپ، مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنىڭغا «مۇھەممەد» دەپ ئىسىم قويدى. بۇنداق ئىسىم ئەرەبلەر ئىچىدە ئەزەلدىن قويۇلۇپ باقمىغان بولغاچقا، ئەرەبلەر بۇنىڭدىن ئەجەبلەندى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېمىتىش

ئابدۇلمۇتەللىب ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە سۆيۈملۈك يېتىم نەۋرىسى ئۈچۈن سەھرادىن ئېنىكئانا ئىزلىدى. بۇ بەختكە سەئد قەبىلىسىدىن ھەلىمە ئىسىملىك بىر ئايال مۇشەررەف بولدى. بۇ يىل قەھەتچىلىك يىلى بولغاچقا، تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالدا قالغان ھەلىمە ئېمىتكىلى بالا ئىزدەپ چىققان ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئابۇلمۇتەللىبمۇ پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن ئېنىكئانا ئىزدەۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە ئېنىكئانىلارغا كۆرسىتىلگەندە، ئۇلار دەسلەپتە ئۇنى ئېمىتىشكە قىزىققان بولسىمۇ،

بىراق، ئۇنىڭ ئاتىسى يوق يېتىم ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ: «ئانىسى بىلەن بوۋىسى قانچىلىك بىر نەرسە بېرەتتى؟» دەپ ئۇنىڭدىن يالتايدى.

ھەلىمەمۇ باشتا شۇنداق ئويلاپ قايتىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما الله ئۇنىڭ قەلبىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھرىنى سالدى. ئۇنىڭ قەلبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مايىل بولۇپ، ئۇنى ئېمىتىشكە ماقۇل بولدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى ئۆيىگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت يېغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆكسى سۈتكە تولدى، يەنە ئۇنىڭ قېرى تۆگىسىنىڭ يېلىنىمۇ سۈتكە توشۇپ كەتتى، ھەتتا مىنىۋالغان ئېشىكىمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ھەممىسى ئۇنىڭغا: «ھەلىمە! سەن ئالغان بۇ بالا ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك بالا ئىكەن» دېيىشتى.

ئۇ ئايال ئىزچىل تۇردە اللهنىڭ بەرىكەت ۋە ياخشىلىقىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە، بالىنى ئېمىتىشتىن توختاپ، ئۇنى ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئەمما بالىنى يەنە بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ قېشىدا قويۇشنى ئۆتۈندى.

دېگەندەك، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەھراغا قايتۇرۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئد قەبىلىسىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ قېشىغا ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى ياردى ۋە يۈرىكىدىكى قارا قاننى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ، يۇيۇپ تازىلاپ، ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېمىلدەش قېرىنداشلىرى بىلەن قوي باقتى. ئۇ تىنچ، ئاددى ـ ساددا سەھرا تۇرمۇشى ئىچىدە ساپ تەبىئەتى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلدى. پاساھەتلىك تىلغا ئىگە بولدى. ئۇ چىقىشقاق ۋە ئاقكۆڭۈل بولغاچقا، قېرىنداشلىرى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇمۇ ئۇلارغا ئامراق ئىدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇ ئانىسى ۋە بوۋىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. ۋەھالەنكى، ئۇ الله ئۇنىدۇرگەن چىرايلىق ئۆسۈملۈككە ئوخشايتتى.

www.uyghurkitap.com

## ئامىنە ۋە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ۋاپاتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ياشقا كىرگەن چاغدا، ئانىسى ئامىنە مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدىكى «ئەبۋا» دېگەن جايدا ئالەمدىن ئۆتتى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنى بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىب باقتى. ئۇ كەئبىنىڭ سايىسىدا بوۋىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ـ قوپۇپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى. سەككىز ياشقا كىرگەندە، بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىبمۇ ئۆلۈپ كەتتى.

## تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن بىللە

بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاغىسى ئەبۇ تالىب باقتى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھنىڭ ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىندىشى بولغاچقا، ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنى ئەبۇ تالىبقا تاپشۇرغان ئىدى. ئەبۇ تالىب باشقا قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئامراق، مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىدى.

## ئىلاھىي تەربىيە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﷲنىڭ قوغدىشى بىلەن جاھىلىيەتنىڭ كىر ـ قاسماقلىرىدىن پۈتۈنلەي پاك، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن تامامەن يىراق ھالدا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ باشقا كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئېسىللىك، ئالىيجانابلىق، گۈزەل ئەخلاق، ھايا، راستچىللىق، ئىشەنچ، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، سەت گەپ ۋە ئاغزى يامانلىقتىن پۈتۈنلەي خالى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئەرەبلەر ئۇنى «ئەمىن» (ئىشەنچلىك كىشى) دەپ ئاتايتتى.

ئۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۇزۇپ قويمايتتى، كىشىلەرنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەتتى، مېھمانىنى ھۆرمەتلەيتتى، ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىققا ياردەم بېرەتتى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، قانائەتچان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 14 ـ 15 ياشقا كىرگەندە، قۇرەيش قەبىلىسى

بىلەن ئەۋس قەبىلىسى ئىچىدە فۇججار ئۇرۇشى بولدى. ئۇ بىر قانچە كۈن ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇ ئۇرۇشتا تاغىلىرىغا ئوق سۇنۇپ بەردى. ئۇ مۇشۇ قېتىم ئۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن تونۇدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ خەدىچەگە ئۆيلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام 25 ياشقا كىرگەندە، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچەگە ئۆيلەندى. خەدىچە قۇرەيش ئاياللىرى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر، پەزىلەتلىك، ئەقلى ئۆتكۈر، ئەخلاقى ئېسىل، باي ئايال ئىدى. ئۇ ئېرى ئەبۇ ھالەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ياتلىق بولماي ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ياتلىق بولغاندا 40 ياشتا ئىدى.

خەدىچە باي سودىگەر بولۇپ، ماللىرىغا ئىشەنچلىك ئەرلەرنى مەسئۇل قىلىپ تىجارەتكە سالاتتى ۋە پايدىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۇنىڭغا ئايرىپ بېرەتتى. ئۇ بىر قېتىم ماللىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى مەسئۇل قىلىپ شامغا ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭ راستچىل، ئەخلاقلىق ۋە سەممىيلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ سەپەردە ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكى خەدىچەگە مەلۇم بولدى.

كۆپلىگەن قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ توي تەكلىۋىنى رەت قىلىپ كەلگەن خەدىچە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ياتلىق بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا گەپ ئەۋەتتى. تاغىسى ھەمزە ئەلچى بولۇپ باردى، ئەبۇ تالىب ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇدى.

خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام نىكاھىغا ئالغان تۇنجى ئايال بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك ئوغلىدىن باشقا بارلىق بالىلىرىنىڭ ئانىسى ئىدى.

## كەئبىنىڭ قايتا ياسىلىشى ۋە مەسىلىنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام 35 ياشقا كىرگەندە، قۇرەيشلەر كەئبىنى يېڭىدىن رېمونت قىلماقچى بولدى. چۈنكى، كەئبىنىڭ تۆت تەرىپى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۈستى ئوچۇق ئىدى. كەئبە تېمىنىڭ لايلىرى تۆكۈلۈپ، تاشلىرى كۆرۈنۈپ قالغاچقا، ئۇنى چېقىۋېتىپ قايتىدىن ياساشقا

تۇغرا كېلەتتى.

كەئبە ياسىلىپ، «ھەجەرۇل ئەسۋەد»نى ئاۋۋالقى ئورنىغا قويىدىغان چاغدا، قەبىلە چوڭلىرى ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. ھەر بىر قەبىلە بۇ شان ـ شەرەپنى تالاشتى. ئەھۋال بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ ئۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. جاھىلىيەتتە بۇنداق ئۇرۇشلار ناھايىتى ئاسانلا يۈز بېرەتتى.

ئابدۇددار جەمەتى قان توشقۇزۇلغان بىر قاچىنى ئېلىپ كېلىپ، بارماقلىرىنى ئۇنىڭغا چىلاپ تۇرۇپ ئەدىي جەمەتىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچتى.

بۇ ئۆلۈم ۋە يامانلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى. قۇرەيشلەر بىر قانچە كۈنگىچە بىرلىككە كېلەلمەي، كۆپ تالاش ـ تارتىش قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرى بەيتۇللاھقا تۇنجى بولۇپ كىرگەن كىشىنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىدىغانلىقى ھەققىدە كېلىشتى. دەل شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاھقا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى: «بىز مۇھەممەدنىڭ ھۆكمىگە قوشۇلىمىز، ئۇ ئىشەنچلىك ئادەم» دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر پارچە رەختنى يەرگە سېلىپ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئۆز قولى بىلەن كۆتۈرۈپ، ئۇنى رەختنىڭ ئۈستىدە قويدى. ئاندىن قۇرەيش كاتتىلىرىغا شۇ رەختنىڭ چۆرىسىدىن كۆتەرتىپ، ئۇنى قويىدىغان يەرگە ئېلىپ باردى. ئاندىن ئۇ ئۆز قولى بىلەن تاشنى رەخت ئۈستىدىن ئېلىپ، ئەسلىدىكى ئورنىغا قويدى.

بۇ خىل ئاقىلانە ھەل قىلىش ئۇسۇلى ھەممە ئادەمنى رازى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ قۇرەيشلەر ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان يەنە بىر قېتىملىق قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

## خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى»غا قاتناشتى. ئۇ ئەرەبلەر ئىچىدە قۇرۇلغان ئەڭ ياخشى ئۇيۇشما بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولغان ئىدى:

زۇبەيدە قەبىلىسىدىن بىر كىشى مەككىگە ئازراق مال ـ ماتا ئېلىپ كېلىپ، ئاس ئىبنى ۋائىل دېگەن كىشىگە ساتقان. ئاس ئىبنى ۋائىل

ئۇنىڭ ھەققىنى بەرگىلى ئۇنىمىغان. ئۇ كىشى قۇرەيش كاتتىلىرىدىن ياردەم سورىدى. بىراق، ئۇلار ئاس ئىبنى ۋائىلدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى رەت قىلدى. ئۇ مەككىدىكى ئىنسانپەرۋەر كىشىلەردىن ئۆزىگە ياردەم قىلىپ، ئاس ئىبنى ۋائىلدىن ھەققىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئادالەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئىنسانپەرۋەر كىشىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئاننىڭ قورۇسىغا يىغىلىپ، كىمكى مەككە تەۋەسىدە زۇلۇمغا ئۇچرىسا، ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىدىغانلىقى ھەققىدە اللەنىڭ نامىدىن ئەھدى قىلىشىپ، بۇ ئۇيۇشمىنى قۇردى. ئاندىن ئۇيۇشما ئەزالىرى بىراقلا بېرىپ، ئاس ئىبنى ۋائىلدىن ھېلىقى كىشىنىڭ تۇتۇپ قىلىنغان ھەققىنى ئېلىپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇيۇشمىدىن پەخىرلىنەتتى ھەم ئۇنى مۇھىم بىلەتتى. شۇڭا ئۇ پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئاننىڭ قورۇسىدا بىر ئۇيۇشمىغا قاتناشقان ئىدىم، ئەگەر مەن ھازىرمۇ شۇنداق ئىشلارغا چاقىرىلسام، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقان بولاتتىم. ئۇلار ھەقنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، مەزلۇم ئۈچۈن زالىمدىن قىساس ئېلىشقا قەسەم قىلىشقان ئىدى» دېگەن.

اللەنىڭ ھېكمىتى ۋە تەربىيىسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەت ئوقۇيالمايدىغان ۋە يازالمايدىغان ساۋاتسىز بولۇپ يېتىلدى. بۇ خىل ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ تۆھمەت ۋە گۇمانىدىن پۈتۈنلەي يىراق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: ﴿ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان، خەت يازىدىغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ھەقكە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى﴾[1].

قۇرئان يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: {﴿ئۇلار (اللە تەرەپتىن) ئەۋەتىلگەن ساۋاتسىز پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 48 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

كۆرىدۇ[1]﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كەلگەندىن كېيىنكى دەۋر

### تاڭ نۇرى ۋە بەخت بېشارىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 ياشقا تولغاندا، تاڭنىڭ نۇرلىرى ۋە بەختنىڭ بېشارەتلىرى نامايەن بولدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللىنىش ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى بولۇپ، قاراڭغۇلۇق كۈچىيىپ، بەختسىزلىك ئۇزارسا، دەل ئاشۇ قانۇنىيەت يۈرگۈزۈلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىئاراملىقى يۇقىرى چەككە يەتتى. ئۇ بىردىنلا يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالدى. ھېچنەرسە ئۇنىڭغا تەنھالىقتەك سۆيۈملۈك تۇيۇلمىدى. ئۇ مەككىدىن چىقىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆيلەردىن يىراقلاپ كېتەتتى. مەككىنىڭ جىلغا ۋە جىرالىرى ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. ئۇ بىرەر تاش ياكى دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتسىلا، ئۇلار: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ساڭا سالام بولسۇن» دەپ سالام بېرەتتى. ئۇ ئەتراپىغا قارىغىنىدا، نە ئالدى ـ كەينىدە، نە ئوڭ ـ سولىدا دەرەخ ۋە تاشلاردىن باشقا ھېچبىر ئىنساننى كۆرمەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن تۇنجى ۋەھيي ئۇيقۇدىكى راست چۈشلەر بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇ چۈش كۆرسىلا تاڭ نۇرىدەك ئوچۇق، روشەن كۆرەتتى.

### ھىرا غارىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە ۋاقتىنى ھىرا غارىدا يالغۇز ئۆتكۈزەتتى. ئۇ غاردا ئۇدا بىر قانچە كۈن تۇراتتى. ئۆيگە قايتىپ ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە ھىرا غارىغا قايتىپ، ئۆزىنىڭ ساغلام تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن قىلىپ

[1] سۈرە ئەئراف، 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قالغان بەزى ئۇسۇل بويىچە اللهقا ئىبادەت ۋە دۇئا قىلاتتى.

## ۋەھيي

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەن ئىدى. مىلادى 610 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغانلىقىنىڭ 41 ـ يىلى، رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر پەرىشتە پەيدا بولۇپ: «ئوقۇ!» دېدى، ئۇ: «مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ھېلىقى پەرىشتە مېنى تۇتۇپ قاتتىق سىقتى، ھەتتا ئۇ مېنى قاتتىق چارچىتىۋەتتى، ئاندىن كېيىن ئۇ مېنى قويۇپ بېرىپ: ‹ئوقۇ!› دېدى، مەن: ‹ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدىم، ئۇ مېنى ئىككىنچى قېتىم يەنە تۇتۇپ قاتتىق سىقتى، ھەتتا ئۇ مېنى قاتتىق چارچاتتى. ئاندىن ئۇ مېنى قويۇپ بېرىپ: ‹ئوقۇ!› دېدى، مەن: ‹ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدىم، ئۇ مېنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە تۇتۇپ قاتتىق سىقتى، ئاندىن ئۇ مېنى قويۇپ بېرىپ: ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى﴾ دېدى».

مانا بۇ، پەيغەمبەرلىكنىڭ تۇنجى كۈنى، قۇرئاندىكى تۇنجى ۋەھيي ئىدى.

## خەدىچەنىڭ ئۆيىدە

دۇنياغا پەيغەمبەر كەلمىگىلى ئۇزاق زامانلار بولغانلىقى، ئەرەبلەرنىڭ ھازىرقى ياشىغان دەۋرى پەيغەمبەر ـ ئەنبىيالار دەۋرىدىن بەك يىراقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ئىشلارنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتتى ۋە ئۆزىدىن ئەنسىرەپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىچە تىترەۋاتاتتى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ: «مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! مەن ئۆزۈمدىن قورقۇپ قالدىم» دېدى. خەدىچە نېمە ئىش

بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇ بولغان ئىشلارنى خەدىچەگە سۆزلەپ بەردى.

خەدىچە ئەقىللىق، پەزىلەتلىك ئايال ئىدى. تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل كىتابلارنى ئوقۇغان، تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن مەلۇماتى بار، كىتاب چۈشۈرۈلگەن قەۋملەر ھەققىدە بىلىدىغانلىرى كۆپ خىرىستىئان كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ـ ئەنبىيالار ۋە پەرىشتىلەر ھەققىدە ئاڭلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ مەككىلىكلەرنىڭ ئىشلىرىدىن ساغلام تەبىئەت ۋە ئۆتكۈر ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان تەرەپلەرنى ئىنكار قىلاتتى.

خەدىچە باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان بولغاچقا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى، ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىنى ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئىشلىرىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاق ۋە گۈزەل خىسلەتلىرىدە ئۇنىڭ اللهنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ۋە الله تەرەپتىن تاللانغانلىقى ئىسپاتلايدىغان تەرەپلەرنى ئېنىق كۆردى. ئۇنداقتا بۇ خىل ئەخلاق، پەزىلەت ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەمگە ھەرگىز شەيتان ۋە جىنلار چېپىلمايدۇ ھەم بۇنداق بولۇشىمۇ اللهنىڭ ھېكمەت ۋە قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

بۇلارنى تونۇپ يەتكەن خەدىچە كەسكىنلىك ۋە ئىشەنچ بىلەن رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دېدى: «يوقسۇ، الله بىلەن قەسەمكى، الله سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ. چۈنكى، سەن خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىسەن، ئاجىز بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسەن، ھەق ئۈچۈن ياردەم قىلىسەن» دېدى.

## ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ ئالدىدا

خەدىچە بۇ ئىشتا تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلدىن ياردەم سوراشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ۋەرەقە بۇلارنى ئاڭلاپ: «الله بىلەن قەسەمكى، سەن مۇشۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنسەن. ساڭا كەلگىنى مۇسا پەيغەمبەرگە كەلگەن ۋەھيى يەتكۈزگۈچى پەرىشتە. سېنىڭ قەۋمىڭ سېنى يالغانغا چىقىرىدۇ، ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ، سېنى قوغلاپ چىقىرىدۇ، سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ»



www.uyghurkitap.com

دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەرەقەنىڭ: «ئۇلار سېنى قوغلاپ چىقىرىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئەجەبلەندى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ قەۋمىشلەر ئالدىدىكى ئورنىنى ياخشى بىلەتتى. دېمىسىمۇ ئۇلار رەسۇلۇللاھنى «سادىق، ئەمىن» (راستچىل، ئىشەنچلىك ئادەم) دەپ ئاتايتتى. بۇنىڭدىن تەئەججۈبلەنگەن رەسۇلۇللاھ ۋەرەقەدىن: «ئۇلار مېنى قوغلاپ چىقىرامدۇ؟» دەپ قايتىلاپ سورىدى.

ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «شۇنداق، سەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ھەر قانداق ئادەم ئېلىپ كەلسىلا، كىشىلەر ئۇنى دۈشمەن تۇتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. كاشكى! شۇ چاغدا مەن ھايات بولغان بولسام، ساڭا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم بەرگەن بولاتتىم».

بىر مەزگىل ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ۋەھيى قايتىدىن نازىل بولۇشقا باشلىدى.

## خەدىچەنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقى

تۇنجى بولۇپ اللهقا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگىنى خەدىچە بولدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا ئىزچىل تۈردە ياردەم بەردى، ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى يەڭگىللەتتى.

## ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە زەيد ئىبنى ھارىسنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇسۇلمان بولدى. شۇ چاغدا ئەلى 10 ياشتا بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى قەھەتچىلىك مەزگىلىدە رەسۇلۇللاھ ئۇنى تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ئۆيىدىن ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە ئەزاسى بولغان ئىدى.

يەنە زەيد ئىبنى ھارىس مۇسۇلمان بولدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنى بالا قىلىپ بېقىۋالغان ئىدى. بۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى رەسۇلۇللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان؛

رەسۇلۇللاھنى، ئۇنىڭ راستچىللىقىنى، ساپدىللىقىنى، ھاياتپائالىيەتلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن گۇۋاھلىقى ئىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ قۇھافەنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتىكى ئارتۇقچىلىقى

ئەبۇ بەكرى سىددىق (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇسۇلمان بولدى. ئۇ ئەقىللىق، ئىنسانپەرۋەر ۋە ھەققانىي كىشى بولغاچقا، قۇرەيشلەر ئىچىدىكى ئورنى يۇقىرى ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، قۇرەيشلەرنىڭ نەسەب ۋە خەۋەرلىرىنى بىلىدىغان ئابرويلۇق كىشى؛ ئەخلاقلىق، دۇرۇس، ھەممىگە تونۇلغان باي سودىگەر ئىدى.

ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىسلامىنى ئاشكارا قىلغاندىن كېيىن، قەۋمى ئىچىدىكى ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان كىشىلەرنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشقا ۋە ئىسلامغا يېتەكلەشكە باشلىدى.

## قۇرەيش چوڭلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن قۇرەيشلەر ئىچىدىكى ئورنى ۋە نوپۇزى بار بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. ئۇلار: ئوسمان ئىبنى ئەففان، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا بولۇپ، ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

ئۇلارغا ئەگىشىپ قۇرەيشلەر ئىچىدىن بىر تۈركۈم نوپۇزلۇق كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. ئۇلار: ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، ئەرقەم ئىبنى ئەبۇ ئەرقەم، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس ئىبنى مۇتەللىپ، سەئىد ئىبنى زەيد، خەبباب ئىبنى ئەرەت، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەممار ئىبنى ياسىر، سۇھەيب (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلار ئىدى.

بىر تۈركۈم ئەر ۋە ئاياللارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى نەتىجىسىدە، مەككىدە

ئىسلامنىڭ نامى ئاشكارا بولدى ۋە كىشىلەرنىڭ سۆھبەت تېمىسىغا ئايلاندى.

## سافا تېغى ئۈستىگە چىقىپ ئاشكارا دەۋەت قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇپ كەلگەن ئىدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە، الله ئۇنى ئۆز دىنىنى ئاشكارا قىلىشقا بۇيرۇپ ۋەھيي نازىل قىلدى:

﴿ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار(نىڭ مەسخىرىلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن﴾[1].

﴿«مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى اللهنىڭ ئازابىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېگىن﴾[2].

﴿يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن. ساڭا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن سافا تېغىغا چىقىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «غەپلەتتىن ئويغىنىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. «غەپلەتتىن ئويغىنىڭلار!» (يا صباحاه) دېگەن بۇ سۆز پۈتكۈل ئەرەبلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ، ھەر قاچان بىرەر كىشى قەۋمىنىڭ بىخەۋەر ھالىتىدە دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلسا، ئەشۇ سۆز بىلەن ۋارقىرايتتى. قەۋم شۇ ھامان كىچىكمەستىن جەم بولاتتى.

بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەرەبلەر دەرھال كېلىپ جەم بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «ئى ئابدۇلمۇتەللىپ، فەھرى، كەئب ئەۋلادلىرى! ئەگەر مەن سىلەرگە: مۇشۇ تاغنىڭ كەينىدە بىر ئاتلىق قوشۇن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى، ـ دېسەم، سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشىنەمسىلەر؟» دېدى.

ئەرەبلەر ئەمەلىيەتچان خەلق ئىدى. ئۇلار يىللاردىن بېرى راستچىل، ئىشەنچلىك، ئاقكۆڭۈل دەپ قارىغان، ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى تالاي تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئادەمنىڭ تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆزلىرىگە

[1] سۈرە ھىجر، 94 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھىجر، 89 ـ ئايەت.

[3] سۈرە شۇئەرا، 214 ـ ۋە 215 ـ ئايەتلەر.

سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى ئالدىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئىنساپ بىلەن بۇ راستچىل، ئىشەنچلىك خەۋەر قىلغۇچىنى تەستىقلايدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ: «ھەئە، بىز سېنىڭ سۆزۈڭگە ئىشىنىمىز» دېيىشتى.

شۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «ئۇنداقتا، مەن سىلەرگە قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېدى.

قەۋم سۈكۈتكە چۆمدى، بىراق، ئەبۇ لەھەب: «ۋۇي بالاتەگكۈر! سەن بىزنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چاقىردىڭمۇ؟!» دېدى.

## ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىشى ۋە ئەبۇ تالىبنىڭ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامىي دەۋەتنى ئاشكارا قىلىپ، اللە بۇيرىغاندەك ھەقنى ئوچۇق يەتكۈزگەن چاغدا، قەۋمى ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتمىدى ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بەرمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئەيىبلىگەندىن كېيىن، قەۋمى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، بىرلىكتە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى.

تاغىسى ئەبۇ تالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنى قوغدايتتى. ئۇنىڭغا كەلگەن ئەزىيەتلەرنى چېكىندۇرەتتى. رەسۇلۇللاھ توختىماي دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەقنى ئوچۇق - ئاشكارا يەتكۈزەتتى. ئۇنىڭ يولىنى ھېچنەرسە توسۇپ قالالمايتتى. ئەبۇ تالىب ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇنى مۇداپىئە قىلاتتى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، قۇرەيشلەردىن بىر نەچچە ئادەم ئەبۇ تالىبنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ تالىب! قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلى بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى ھاقارەتلىدى، دىنىمىزنى ئەيىبلىدى، ياشلىرىمىزنى ئەخمەقكە، قېرىلىرىمىزنى ئازغۇنغا چىقاردى. سەن ئۇنى ئۆزۈڭ توسقىن ياكى بىزنىڭ توسۇشىمىزغا يول قويغىن. چۈنكى، سەنمۇ بىز تەرەپتە، بىز بىلەن ئوخشاش ئەقىدىدە» دېدى.

ئەبۇ تالىب ئۇلارغا چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۆزرەخاھلىق ئېيتىپ ياندۇردى، ئۇلارمۇ قايتىپ كېلىشتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ تالىب ئوتتۇرىسىدا

قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق توسۇش ۋە ئۇنىڭغا قانداق تەدبىر قوللىنىش ھەققىدە كۆپ باش قاتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەبۇ تالىبنىڭ قېشىغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ: «ئەي ئەبۇ تالىب! سەن ئارىمىزدىكى پېشقەدەم، نوپۇزلۇق ۋە ئورۇن مەرتىۋىسى يۇقىرى شەخس. بىز ساڭا قېرىنداشىڭنىڭ ئوغلىنى بۇ ئىشىدىن توسقىن دەپ بىر قانچە قېتىم ئېيتقان بولساقمۇ، سەن ئۇنى توسمىدىڭ. ئەزىبىرايى خۇدا، ئەمدى بىز ئۇنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى تىللاپ، بىزنى ئەقىلسىز، ھاماقەتكە چىقىرىپ، ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلىشىگە چىداپ تۇرالمايمىز. سەن ئۇنى بىز بىلەن ئۆچەكىشىشتىن توسقىن ياكى بىز بىر تەرەپ، سىلەر ئىككىڭلار بىر تەرەپ بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ بىرسى تۈگەشكەنگە قەدەر ئۇرۇشىمىز» دەپ تەھدىت سالدى.

ئەبۇ تالىبقا ئۇلارنىڭ بۇ ھەيۋىسى ۋە يۇزسىزلەرچە تەھدىت سېلىشلىرى قاتتىق ئېغىر كەلگەن ئىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا: «ئى قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى! بۈگۈن قەۋم ـ جامائەتلەر يېنىمغا كېلىپ، مۇنداق ـ مۇنداق گەپلەرنى قىلدى. شۇڭا سەن مېنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ ئايىغىن، قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىشلاردا مېنى تەڭلىككە سالمىغىن» دېدى.

## ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزسىمۇ

بۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ: "تاغامۇ ھامىيلىقتىن ۋاز كېچىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ ماڭا ياردەم قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا كېرەك" دەپ ئويلاپ: «ئى تاغا! الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ماڭا بۇ ئىشنى تاشلاش بەدىلىگە ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزسىمۇ، الله بۇ ئىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلمىغۇچە ياكى مەن مۇشۇ يولدا ھالاك بولۇپ تۈگەشمىگىچە ھەرگىز تاشلىمايمەن» دېدى ـ دە، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆككىنىچە چىقىپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ تېخى يىراققا بارمىغان ئىدى، ئەبۇ تالىب ئۇنى چاقىردى. رەسۇلۇللاھ كەينىگە بۇرۇلۇپ

كېلىۋىدى، ئەبۇ تالىب: «بارغىن ئوغلۇم! خالىغىنىڭنى تەشۋىق قىلغىن، ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، الله بىلەن قەسەمكى، مەن ھەر قانداق ئەھۋالدا سېنى قەتئىي تاشلىۋەتمەيمەن» دېدى.

## قۇرەيشلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىيىن - قىستاققا ئېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت خىزمىتىنى توختاتماي ئېلىپ بېرىۋەردى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز دەۋىتىنى توختىتىشىدىن ۋە ئەبۇ تالىبنىڭ ئارىغا چۈشۈپ بۇ مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن قۇرەيشلەر ئۆز قەبىلىسىدىكى تايانچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى بولمىغان مۇسۇلمان ياشلارنى تۈتۈپ جازالاشقا باشلىدى.

ھەر بىر قەبىلە ئۆز ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنى تومۇز ئىسسىقتا مەككىنىڭ قۇملۇقىغا ئېلىپ چىقىپ ئۇرۇش، ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇش ئارقىلىق جازالاشقا ياكى قاماش ۋە باغلاش ئارقىلىق ئازابلاشقا كىرىشتى.

بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ قۇلى ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇمەييە ئۇنى كۈن تازا قىزىغان بىر چاغدا مەككىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، قۇملۇقتا ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە قورام تاشنى ئېلىپ قويۇپ قىيناشقا باشلايتتى. ئۇمەييە ئۇنىڭغا: «ئەزىبرايى خۇدا! سەن يا مۇھەممەدنى ئىنكار قىلىپ، لات ۋە ئۇززاغا باش قويىسەن ياكى بولمىسا سېنى موشۇنداق قىيناپ ئۆلتۈرىمەن» دەيتتى. گەرچە بىلال قاتتىق قىينىلىۋاتقان بولسىمۇ، «ئەھەد، ئەھەد» (الله بىر) دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي تەكرارلايتتى.

ئەبۇ بەكرى سىددىق (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆردى - دە، ئۇمەييەگە بىلالنىڭ ئورنىغا بىلالدىنمۇ قاۋۇل ۋە كۈچلۈكرەك بىر نېگىر قۇلنى بېرىپ، بىلالنى سېتىۋالدى ۋە ئۇنى ئازات قىلىۋەتتى.

مەخزۇم قەبىلىسى ئۆز قەبىلىسى ئىچىدىكى مۇسۇلمان بولغۇچىلاردىن ئەممار ئىبنى ياسىر بىلەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ھاۋانىڭ قىزىقىدا مەككىنىڭ قۇملۇقىغا ئېلىپ چىقىپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قاتتىق قىيناشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارغا: «ئى ياسىر ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار، جەننەت

سىلەرنى كۈتمەكتە» دېدى. ياسىرنىڭ ئانىسى ئىسلامدىن قايتماي چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن مۇشرىكلار تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير مەككىدىكى ئەڭ چىرايلىق ۋە قاملاشقان يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى باي خوتۇن ئىدى. ئۇ ئوغلىنى ئەتىۋارلاپ ئەڭ ياخشى كىيىملەرنى كىيدۈرەتتى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرقەم ئىبنى ئەبۇ ئەرقەمنىڭ ھويلىسىدا ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە كىردى ھەمدە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ سىرتقا چىققاندىن كېيىن ئانىسى ۋە قەۋمىدىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مەخپىي تۇتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشاتتى. بىر كۈنى، ئوسمان ئىبنى تەلھە ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئانىسى بىلەن قەۋمىگە خەۋەر قىلىپ قويدى. ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ قاماپ قويدى ۋە نەچچە كۈنگىچە نان، سۇ بەرمەي قىينىدى.

كېيىن، مۇسۇلمانلار تۇنجى قېتىم ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان چاغدا، ئۇلار بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ھىجرەتتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىللە بىللە قايتتى. ئۇ مەككىگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئىلگىرىكى ھالىتىدىن قىلچە ئەسەر قالمىغان بولۇپ، جاپا - مۇشەققەت ۋە سەرگەردانلىق ئۇنى بىر تىرە، بىر ئۇستىخانغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى.

بىر قىسىم مۇسۇلمانلار قۇرەيش كاتتىباشلىرىدىن بەزى مۇشرىكلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى قوغدايتتى ۋە ھىمايە قىلاتتى. ئوسمان ئىبنى مەزئۇن دەسلەپتە ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن ئىدى. گەرچە ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ۋەدىسىدە تۇرىدىغان كىشى بولسىمۇ، ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ غورۇر ۋە جاسارىتى بۇنىڭغا يول قويماي، ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەنىڭ ھىمايىسىنى قايتۇرۇپ بەردى ۋە: «مەن اللهتىن باشقا كىشىنىڭ ھىمايىسىگە كىرمەسلىكنى ياخشى كۆردۈم» دېدى.

بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: بىر كۈنى، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن بىلەن بىر مۇشرىك ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت بولدى. ئوسماننىڭ قىلغان گېپى مۇشرىكنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى - دە، مۇشرىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە مۇشت بىلەن ئۇردى ۋە ئۇنىڭ بىر كۆزىنى كۆكەرتىۋەتتى.

ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە يېقىنلا يەردە بولۇپ، ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇ ئوسمان ئىبنى مەزئۇنغا: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئەگەر سەن كۆزۈڭنىڭ بايامقىدەك قىسمەتكە دۇچار بولماسلىقىنى خالايدىغان بولساڭ، مەن ئەلۋەتتە ساڭا كېپىل بولۇپ، سېنى قوغدىغان بولاتتىم» دېدى.

ئوسمان ئىبنى مەزئۇن: «ياق، الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن يەنە بىر ساق كۆزۈمنىڭمۇ ئەشۇنداق ئەزىيەتكە يولۇقۇشىنى خالايمەن. ئى ئابدۇشەمس! مەن بۈگۈندىن باشلاپ سەندىن ئەزىز ۋە سەندىن كۈچلۈك بولغان زات (الله) نىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولىمەن، سەن ھىمايەڭنى قايتۇرۇۋالغىن» دېدى.

## قۇرەيشلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشى ۋە ھەر خىل ئۇسۇلدا ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشى

قۇرەيشلەر مۇسۇلمان بولغان ياشلارنى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇش ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇمشاپ، ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنمەكتە يوق، ئەكسىچە دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋەردى. بۇنىڭغا چىدىمىغان قۇرەيشلەر بىر توپ قۇلاق كەستى گالۋاڭلارنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى رەسۇلۇللاھقا قارشى كۈشكۈرتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنى يالغانچى، سېھىرگەر، شائىر، كاھىن،ساراڭ دېگەندەك بولمىغۇر گەپلەر بىلەن ئەيىبلىدى. رەسۇلۇللاھقا ھەر خىل ئۇسۇل ۋە شەكىلدە زىيانكەشلىك قىلدى.

بىر كۈنى، قۇرەيش كاتتىباشلىرى ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ قېشىدا ئولتۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ چىقىپ كەلدى ۋە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇلار بەزى گەپلەرنى قىلىپ، رەسۇلۇللاھنى مەسخىرە قىلدى. ئۇلار بۇ مەسخىرىلىك گەپنى ئۈچ قېتىم تەكرار ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ: «ئى قۇرەيش جامائىتى! ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋاننى ئېلىپ كەلدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قىلىۋاتقان گەپلىرىنى يىغىشتۇرۇپ جىمىپ قىلىشتى ھەمدە رەسۇلۇللاھقا سىپايىلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

ئەتىسى ئۇلار يەنە تۇنۇگۈنكى ئورنىدا ئولتۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ چىقىپ كەلدى. شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى قورشىۋالدى. ئۇنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ تارتتى. شۇ ئەسنادا، ئەبۇ بەكرى يىغلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، «(سىلەر: "رەببىم اللە" دېگەن كىشىنى ئۆلتۇرمەكچىمۇ؟» دەپ رەسۇلۇللاھنى قوغدىدى.

ئۇلار رەسۇلۇللاھنى قويۇپ بېرىپ تارقاپ كەتتى. ئەبۇ بەكرىمۇ قايتىپ كەلدى. ۋەھالەنكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىنى يېرىپ، ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ تارتقان ئىدى.

بىر كۈنى، رەسۇلۇللاھ سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭغا ئۇچرىغانلا كىشى مەيلى ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، ئۇنى يالغانچى دەپ ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۇچرىغان ئەزىيەت ۋە يولۇققان خاپىلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن كىيىمگە ئورۇنۇۋالدى. شۇڭا اللە ئۇنىڭغا: {ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)، تۇر! (ئىنسانلارنى) اللەنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر}[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

## قۇرەيشلەر ئەبۇ بەكرىگە قانداق ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزدى؟

بىر كۈنى، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنى اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى تەرەپكە دەۋەت قىلدى. مۇشرىكلار ئەبۇ بەكرىگە ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى دەسسەپ ناھايىتى قاتتىق ئۇردى. ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە ئىككى كەشى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى تونۇغۇسىز قىلىۋەتتى.

تەيىم قەبىلىسىدىكىلەر ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئەبۇ بەكرىنى ئاللىقاچان ئۆلدى دەپ قارايتتى. ئەبۇ بەكرى كەچ بولغاندا ئېغىز ئاچتى. ئۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولدىمۇ - يوق؟» دېدى. ئۇنىڭ چۆرىسىدىكىلەر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ئۇممۇ جەمىل ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن كەلدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى. ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭدىن

[1] سۈرە مۇددەسسىر، 1 - ۋە 2 - ئايەتلەر.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇمۇ جەمىل: «ئۇ ساق ـ سالامەت» دېدى. ئەبۇ بەكرى: «اﷲ بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىچە بىر لوقما تائام ياكى بىر يۇتۇم سۇ ئىچمەيمەن» دېدى.

كەچ كىرىپ، ئەل ئايىغى بېسىققاندا، ئەبۇ بەكرى ئۇمىمۇ جەمىل بىلەن ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا چىقىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئانىسىغا دۇئا قىلدى ھەمدە ئۇنى اﷲ تەرەپكە دەۋەت قىلدى. ئۇمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

## قۇرەيشلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سېھىرگەر دېيىشتە گاڭگىراپ قېلىشى

قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قارىتا ئۇنى نېمە دەپ سۈپەتلەش، ھەر قايسى جايلاردىن رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىش ياكى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش مەقسىتىدە رەسۇلۇللاھ تەرەپكە كېلىۋاتقان ئادەملەرنى ئۇنىڭدىن قانداق توسۇش مەسىلىسىدە گاڭگىراپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەنىڭ قېشىغا كەلدى. چۈنكى، ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ياشقا چوڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەج مەۋسۇمى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «ئى قۇرەيش جامائىتى! ھەج مەۋسۇمى يېقىنلاپ كەلدى. ھەر قايسى جايلاردىن ئەرەبلەرنىڭ ھەج ئۆمەكلىرى كېلىدۇ، ئۇلار مۇھەممەدنىڭ ئىشىنى چوقۇم ئاڭلايدۇ. شۇڭا سىلەر دەرھال بىر پىكىرگە كېلىۋېلىڭلار، ھەممىڭلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقسۇن. سىلەر بىر ـ بىرىڭگە زىت گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەڭلار!» دېدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نېمە دەپ سۈپەتلەش ھەققىدە كۆپ تالاش ـ تارتىشلار بولدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە قوبۇل كۆرمىدى. ئۇلار: «ئى ئەبۇ ئابدۇشەمس! ئۇنداقتا، سەن نېمە دەيسەن؟» دەپ سورىدى. ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «ئەڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياخشىسى سىلەر مۇھەممەدنى سېھىرگەر، ئۇ سېھىرنى پەيدا قىلدى. ئۇ ئاتا بىلەن بالىنى، قېرىنداش بىلەن قېرىنداشنى، ئەر بىلەن ئايالنى، ئۇرۇق - تۇغقان بىلەن ئۇرۇق - تۇغقاننى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ. - دەڭلار».

ئۇلار بىر پىكىرگە كېلىۋالغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. ھەج مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر قايسى يوللارنىڭ دوقمۇش ۋە ئېغىزلىرىدا ئولتۇرۇپ، يولدىن ئۆتكەن ھەر بىر ئادەمگە رەسۇلۇللاھ ھەققىدىكى ھېلىقى ئۇزلىرى توقۇۋالغان گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئاگاھلاندۇردى.

## قۇرەيشلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلىشى ۋە ئۇنىڭدا چەكتىن ئېشىشى

قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھقا ھەر خىل ئۇسۇل ۋە شەكىلدە زىيانكەشلىك قىلدى. ئۇلار بۇنىڭدا نە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق، نە يېقىنلىق دېگەننى قىلچە ئېتىبارغا ئالمىدى. ئۇلار ئادىمىيلىك دائىرىسىدىن چىقىپ كەتتى.

بىر كۈنى، رەسۇلۇللاھ مەسجىدتە سەجدە قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر تۈركۈم قۇرەيشلەر قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئىيت تۆگىنىڭ ژىنلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. رەسۇلۇللاھ شۇ ھالەتتە تۇردى. قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋەتتى ۋە ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئىيتقا بەددۇئا قىلىپ، ئۇنى قارغىدى. رەسۇلۇللاھمۇ ئۇنىڭغا بەددۇئا قىلدى.

بىر كۈنى، رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئىيت كېلىپ، كىيىمى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىنى چۈمكىۋالدى ھەمدە ئۇنىڭ گېلىدىن تۇتۇپ قاتتىق بوغدى. ئەبۇ بەكرى يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە: «‹سىلەر: "رەببىم الله " دېيىشتىن باشقا گۇناھى بولمىغان كىشىنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟›» دەپ رەسۇلۇللاھنى ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

www.uygurkitap.com

## ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

بىر كۈنى، ئەبۇ جەھىل سافا تېغىنىڭ قېشىدا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ، رەسۇلۇللاھنى تىللاپ، ئۇنىڭغا ئازار بەردى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئەبۇ جەھىل كېتىپ قالدى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئوقيا ئاسقان ھالدا ئوۋدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ قۇرەيشلەر ئىچىدىكى ئالىيجاناپ، غورۇرلۇق ۋە قورقۇمسىز كىشى ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئاننىڭ دېدىكى ئەبۇ جەھىلنىڭ رەسۇلۇللاھقا قىلغانلىرىنى ھەمزەگە سۆزلەپ بەردى. ئۇ غەزەپلەنگىنىچە مەسجىدكە (كەئبىگە) كىردى ۋە ئەبۇ جەھىلنىڭ كىشىلەر بىللە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەمزە ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئوقيا بىلەن ئۇرۇپ، بېشىنى يېرىۋەتتى ئاندىن: «مەن مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىردىم، مەنمۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېيتىمەن، سەن ئۇنى يەنە تىللامسەن؟» دېدى. ئەبۇ جەھىل سۈكۈتكە چۆمدى. ھەمزە باتۇر ۋە نوپۇزلۇق كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى قۇرەيشلەرگە ئېغىر كەلدى.

## ئۇتبە ئىبنى رەبىئە بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت

قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە قۇرەيشلەرگە مۇنداق تەكلىپ بەردى: «بىز مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، بەزى ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويايلى. ئەگەر ئۇ بىزنىڭ تەلىپىمىزنى قوبۇل قىلىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى توختاتسا، بىزمۇ ئۇنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلايلى» دېدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭ تەكلىۋىگە قوشۇلۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە ۋاكالىتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى.

ئۇتبە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن بىزنىڭ ساڭا قانداق

قارايدىغانلىقىمىزنى بىلىسەن. سەن قەۋمىڭگە چوڭ بىر خاپىلىقنى ئېلىپ كەلدىڭ. ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىدىڭ، كۆز - قاراشلىرىنى كەمسىتتىڭ، ئىلاھلىرىنى ۋە دىنىنى ئەيىبلىدىڭ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى كاپىرغا چىقاردىڭ. سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن، مەن ساڭا بەزى گەپلەرنى قىلاي. ئويلىنىپ بېقىپ، قوبۇل قىلغۇدەك بولسا قوبۇل قىلارسەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

- ئى ئەبۇل ۋەلىد! قېنى سۆزلە، ئاڭلاپ باقاي، - دېدى. ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە مۇنداق دېدى:

- ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئەگەر سەن بۇ ئارقىلىق مال - دۇنيا توپلاشنى ئىرادە قىلغان بولساڭ، ئۇنداقتا بىز ساڭا نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىپ، سېنى ئارىمىزدىكى ئەڭ باي ئادەمگە ئايلاندۇرايلى. ئەگەر سەن شان - شەرەپكە ئېرىشىشنى ئويلىغان بولساڭ، سېنى ئۆزىمىزگە باشلىق قىلىپ سايلايلى، ھېچبىر ئىشنى سېنىڭ رۇخسىتىڭسىز بىر تەرەپ قىلمايلى. ئەگەر سەن پادىشاھ بولۇشنى مەقسەت قىلغان بولساڭ، بىز سېنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلىۋالايلى. ئەگەر ساڭا جىن چاپلىشىپ قىلىپ، ئۆزۈڭ يالغۇز ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايۋاتقان بولساڭ، ئۇنداقتا بىز تېۋىپ - ھەكىملەرنى چاقىرىپ سېنى داۋالىتايلى. قانچىلىك پۇل - مال كەتسىمۇ، سەن ساقايغىچە چىقىمغا بىز ئىگە بولايلى.

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:

- ئى ئەبۇل ۋەلىد! دەيدىغانلىرىڭنى دەپ بولدۇڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ھەئە، دەپ بولدۇم، - دېدى ئۇتبە. رەسۇلۇللاھ:

- ئەمدى مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن! - دېدى. ئۇتبە:

- بولىدۇ، ئاڭلاي، - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سۈرە «فۇسسىلەت»نىڭ بېشىدىن باشلاپ «سەجدە ئايىتى»گىچە ئوقۇدى. ئۇتبە ئىككى قولىنى كەينىگە تاشلىغىنىچە، رەسۇلۇللاھ ئوقۇغان ئايەتلەرنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىدى. رەسۇلۇللاھ سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە، توختاپ سەجدە قىلدى. ئاندىن: «ئى ئەبۇل ۋەلىد! مېنىڭ دەيدىغانلىرىمنى سەن ئاڭلىدىڭ، مېنىڭ جاۋابىم مۇشۇ» دېدى.

ئۇتبە قۇرەيشلەرنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. قۇرەيشلەر بىر - بىرىگە: «ئۇتبە مۇھەممەدنىڭ قېشىدىن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ قايتىپ كېلىپتۇ»

دېيىشتى. ئۇتبە ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېدى، ئۇلار:
ــ ئى ئەبۇل ۋەلىد! قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ ـ دەپ سوراشتى.
ئۇتبە:
ــ ئەزىبىرايى خۇدا! مەن بۇگۈن مۇھەممەدتىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى ھېچقاچان ئاڭلاپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ سۆزلىرى نە شېئىرغا، نە سېھىرگە، نە كاھىنىنىڭ گەپلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئى قۇرەيش جامائىتى! سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، سىلەرنىڭ مۇھەممەد بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ـ دېدى.
ئۇلار:
ـ ئى ئەبۇ ۋەلىد! ئۇ سېنى تىلى بىلەن سېھىرلەپ قويۇپتۇ. ـ دېيىشتى.
ئۇتبە:
ـ بۇ مېنىڭ مۇھەممەد ھەققىدىكى كۆز قارىشىم، قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بىلىڭلار، ـ دېدى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە كېلىۋاتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنى قوغداشقا كۈچى يەتمىگەنلىكتىن ئۇلارغا: «سىلەر ھەبەشىستان زېمىنىغا چىقىڭلار، ئۇ يەردە بىر ئادىل پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىدا ھېچكىم زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ. ئۇ ياخشى جاي، الله سىلەرگە چىقىش يولى بەرگىچە شۇ يەردە تۇرۇڭلار» دېدى.
بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار ھەبەشىستان زېمىنىغا ھىجرەت قىلىپ چىقتى. مانا بۇ، ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى ھىجرەت بولۇپ، ئۇلار ئوسمان ئىبنى مەزئۇن باشچىلىقىدىكى ئون كىشى ئىدى (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن).
ئۇنىڭدىن كېيىن، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب چىقتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار چىقىپ، ھەممىسى ھەبەشىستان زېمىنىغا جۇغلاشتى. ئۇلانىڭ ئىچىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە چىققانلارمۇ، ئۆزى يالغۇز چىققانلارمۇ بولۇپ، ھەبەشىستان زېمىنىغا ھىجرەت قىلىپ چىققان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 83 نەپەر ئىدى.

## قۇرەيشلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئىزدەپ كېلىشى

قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستان زېمىنىدا خاتىرجەم تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇرەبىيئە بىلەن ئەمر ئىبنى ئاسنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. ئۇلار ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا مەككىنىڭ قىممەتلىك سوۋغا - سالاملىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار نەجاشىنىڭ ئالدىغا كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا سوۋغا - سالاملارنى بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلغانىدى. ئاندىن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، پادىشاھقا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىر تۈكۈم نادان ياشلار چىقتى. ئۇلار ئۆز قەۋمىنىڭ دىنىنى تاشلىدى، سىلەرنىڭ دىنىڭلارغىمۇ كىرمىدى. ئۇلار بىزمۇ ۋە سىلەرمۇ تونۇمايدىغان بىر يېڭى دىننى پەيدا قىلدى. ئۇلار ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىغا قېچىپ كېلىپتۇ. قەۋمىنىڭ چوڭلىرى - يەنى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، قەۋم - قېرىنداشلىرى بىزنى ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. چۈنكى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇلارغا قارىغاندا بەكرەك يىراقنى كۆزلەيدۇ ھەم ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدۇ. بىز ئالىيلىرىنىڭ ئۇلارنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېيىشتى.

پادىشاھنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىردەك «راست» دەپ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى تەستىقلاشتى ھەمدە پادىشاھقا: «سەن ئۇلارنى تاپشۇرۇپ بەرگىن» دېيىشتى.

نەجاشى بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتىگە پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنى تاپشۇرۇپ بېرىش تەلىۋىنى رەت قىلدى. ئاندىن مۇسۇلمانلارنى چاقىرتىپ كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىرىستىئان ئالىملىرىنىمۇ بىرلىكتە ئوردىغا چاقىرىپ، مۇسۇلمانلاردىن: «سىلەر قەۋمىڭلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ، مېنىڭ ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ دىنىغا كىرمەي، ئېتىقاد قىلىۋاتقىنىڭلار قايسى دىن ئۇ؟» دەپ سورىدى.

## جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ جاھىلىيەتنى تەسۋىرلىشى ۋە ئىسلامنى تونۇشتۇرۇشى

جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ

ئوغلى ـ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى پادىشاھ! بىز جاھىلىيەتتىكى بىر قەۋم ئىدۇق. بۇتلارغا چوقۇناتتۇق، بوزۇق ئىشلارنى قىلاتتۇق، ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيتتۇق، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزەتتۇق، قوشنىدارچىلىقتا رىئايە قىلمايتتۇق، ئارىمىزدىكى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا زۇلۇم قىلاتتى. بىز ئاشۇ ھالەتتە ئىدۇق. اللّٰه بىزگە بىزنىڭ ئارىمىزدىن بىر ئادەمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. بىز ئۇ ئادەمنىڭ نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، ئىشەنچلىك ۋە پاكلىقىنى بىلەتتۇق. ئۇ بىزنى يالغۇز بىر اللّٰهقا ئىبادەت قىلىشقا، بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلغان تاش ۋە بۇتلارنى تاشلاشقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى ئۇلاشقا، قوشنىدارچىلىقتا رىئايە قىلىشقا، ھارام ئىشلارنى قىلماسلىققا، قان تۆكمەسلىككە چاقىردى. ئۇ بىزنى بۇزۇق ئىشلاردىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىشتىن، پاك ئاياللارغا بوھتان چاپلاشتىن توستى. ئۇ بىزنى بىر اللّٰهقا ئىبادەت قىلىشقا، اللّٰهقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، روزا تۇتۇشقا (جەئفەر ئىسلامدىكى باشقا ئەمەللەرنىمۇ ساناپ ئۆتتى) بۇيرىدى. بىز ئۇنى تەستىقلىدۇق، ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ئۇ اللّٰه تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەردە ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق، يەككە ـ يېگانە اللّٰهقا ئىبادەت قىلدۇق، اللّٰهقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىدۇق، اللّٰه بىزگە ھارام قىلغاننى ھارام بىلدۇق، ھالال قىلغاننى ھالال بىلدۇق. قەۋمىمىز بىزنى اللّٰهقا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا، نىجىس ئىشلارنى قايتىدىن ھالال ساناشقا قايتۇرۇش ئۈچۈن بىزگە زۇلۇم قىلدى، بىزنى ئازابلىدى، بىزنى دىنىمىزدىن توستى. ئۇلار بىزگە زۇلۇم قىلىپ، بىزنى مەجبۇرلاپ، قىيناپ، دىنىمىزدىن ياندۇرماقچى بولۇۋىدى، بىز ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىغا پاناھلىق ئىزدەپ كەلدۇق، سىلىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن بىلدۇق، سىلىنىڭ ھىمايىلىرىدە بولۇشنى ئارزۇ قىلدۇق، سىلىنىڭ ھوزۇرلىرىدا زۇلۇمغا ئۇچرىماسلىقىمىزنى ئۈمىد قىلدۇق».

نەجاشى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەمكىنلىك بىلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن: «سىلەردە پەيغەمبىرىڭلار اللّٰه تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن بىرەر نەرسە بارمۇ؟» دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، بار، ـ دېدى جەئفەر.

- قېنى ئۇنى ئوقۇغىن! - دېدى نەجاشى.

جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە مەريەمنىڭ بېشىنى ئوقۇدى. نەجاشى بۇنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى، ھەتتا يىغىدىن ئۇنىڭ ساقاللىرىمۇ ھۆل بولۇپ كەتتى. خرىستىئان ئالىملىرىمۇ يىغلاپ ئالدىدىكى ئېچىپ ئولتۇرغان كىتابلىرىنىمۇ ھۆل قىلىۋېتىشتى.

## قۇرەيش ئەلچىلىرىنىڭ مەغلۇب بولۇشى

نەجاشى مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئىسانىڭ ئېلىپ كەلگىنى بىر مەنبەدىن چىققان». ئاندىن ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ ئىككى ئەلچىسىگە بۇرۇلۇپ: «سىلەر كېتىڭلار، اللہ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنى سىلەرگە ھەرگىز تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن» دېدى.

ئەمر ئىبنى ئاس ئەتىسى پادىشاھنىڭ ئالدىغا يەنە كېلىپ: «ئى پادىشاھ! ئۇلار مەريەم ئوغلى ئىسا ھەققىدە بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىدۇ» دېدى.

پادىشاھ مۇسۇلمانلارنى چاقىرىپ: «سىلەر مەريەم ئوغلى ئىسا ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟» دەپ سورىدى.

جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دېدى: «بىز ئۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز اللہ تەرەپتىن نېمىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، شۇنى دەيمىزكى، ئىسا ئەلەيھىسسالام اللہنىڭ بەندىسى، ئەلچىسى، پاك قىز مەريەمگە تاشلىغان روھى ۋە كەلىمىسىدۇر».

نەجاشى يەرگە ئېڭىشىپ كىچىككىنە بىر تال ياغاچ پارچىسىنى ئېلىپ: «اللہ بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئىسا سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭدىن قولۇمدىكى مۇشۇ ياغاچ مىقدارى ئارتۇق ئەمەس» دېدى.

پادىشاھ مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. ئىككى ئەلچى مەغلۇب بولۇپ قايتىپ كەتتى.

## ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

اللہ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئارقىلىق كۈچلەندۈردى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەيۋەتلىك، جاسارەتلىك، كۈچلۈك ۋە

قورقۇمسىز كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭا ئۇ ئاللاھتىن ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇش جەريانى مۇنداق: ئۆمەرنىڭ سىڭلىسى پاتىمە بىلەن ئۇنىڭ ئېرى سەئىد ئىبنى زەيد مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۆمەر ھەيۋەتلىك، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى قاتتىق بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۆمەردىن مەخپى تۇتاتتى. خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يوشۇرۇنچە كېلىپ، پاتىمەگە قۇرئان ئوقۇپ بېرەتتى.

بىر كۈنى، ئۆمەر قىلىچىنى ئاسقىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ماڭدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سافانىڭ قېشىدىكى بىر ئۆيدە جۇغلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. يولدا ئۇنىڭغا نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ ئۇچرىدى. ئۇ ئۆمەر بىلەن بىر قەبىلە (ئەدىي قەبىلىسىدىن) بولۇپ، مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

- ئى ئۆمەر! قەيەرگە ماڭدىڭ؟ - دېدى نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ.

— دىنىدىن چىققان مۇھەممەدنىڭ قېشىغا ماڭدىم. ئۇ قۇرەيشنىڭ بىرلىكىنى بۇزدى، ئۇلارنىڭ كۆز - قاراشلىرىنى كەمسىتىپ، دىنى ۋە ئىلاھلىرىنى ئەيىبلىدى، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، - دېدى ئۆمەر.

— ئى ئۆمەر! سېنى نەپسىڭ ئالداپ كېتىپتۇ. سەن ئالدى بىلەن ئۆيۈڭگە قايتىپ، ئۆيۈڭدىكىلەرنى باشقۇرمامسەن؟ - دېدى نۇئەيم.

- مېنىڭ قايسى ئۆيۈمدىكىلەرنى دەيسەن؟ - دەپ سورىدى ئۆمەر.

— يېزنەڭ، تاغاڭنىڭ ئوغلى سەئىد ئىبنى زەيد بىلەن سىڭلىڭ پاتىمە بىنتى خەتتاب مۇسۇلمان بولۇپ، مۇھەممەدنىڭ دىنىغا ئەگەشتى. سەن ئالدى بىلەن شۇلارنى باشقۇرغىن، - دېدى نۇئەيم.

ئۆمەر سىڭلىسى بىلەن يېزنىسىنى نىشانلاپ كەينىگە ياندى. ئۇلارنىڭ قېشىدا خەبباب ئىبنى ئەرەت بىللە بولۇپ، ئۇلارغا سۈرە «تاھا» يېزىلغان بىر سەھىپىنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۆمەرنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ، خەبباب دەرھال قازناقا يوشۇرۇنۇۋالدى. پاتىمە سەھىپىنى ئېلىپ پاچىقى ئاستىغا تىقىۋالدى. ئۆمەر ئۆيگە يېقىنلاپ كەلگەن چاغدا، خەببابنىڭ قۇرئان ئوقۇغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ:

ـ نېمە ئاۋاز بۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ بىز ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلىمىدۇق، ـ دېدى ئەر ـ ئايال ئىككىسى.

ـ ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەن سىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم، سىلەر مۇھەممەدنىڭ دىنىغا ئەگىشىپسىلەر، ـ دېدى ئۆمەر ئۇلارغا، ئاندىن يېزنىسى سەئىد ئىبنى زەيدنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى تۇتتى. پاتىمە ئېرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدى، ئۆمەر ئۇنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى.

شۇنىڭ بىلەن، ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئۆمەرگە:

ـ شۇنداق، بىز مۇسۇلمان بولدۇق، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈردۇق، نېمە قىلىشنى خالىساڭ، شۇنى قىل! ـ دېدى.

ئۆمەر سىڭلىسىدىن ئېقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ، ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى. شۇڭا توختاپ سىڭلىسىغا:

ـــ سىلەر باياتىن ئوقۇۋاتقان سەھىپىنى ماڭا بەرگىن، مەن مۇھەممەدنىڭ نېمە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقاي، ـ دېدى. ئۆمەر ساۋاتلىق ئىدى.

پاتىمە:

ـــ ئۇنى ساڭا بېرىشتىن قورقىمىز، ـ دېدى. ئۆمەر سىڭلىسىنى قورقماسلىققا ئۈندەپ، ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىغا ئۆزىنىڭ ئىلاھلىرى بىلەن قەسەم ئىچتى.

پاتىمە:

ـ ئى ئاكا! سەن ھازىر مۇشرىك بولغاچقا، نىجىس ھېسابلىنىسەن، ئۇ سەھىپىنى پەقەت پاك ئادەملەرلا تۇتۇشقا بولىدۇ، ـ دېدى.

ئۆمەر بېرىپ يۇيۇنۇپ كەلدى، ئاندىن پاتىمە ئۇنىڭغا سۈرە «تاھا» يېزىلغان سەھىپىنى بەردى. ئۆمەر سۈرە تاھانىڭ بېشىنى ئوقۇپ:

ـ پاھ! نېمىدېگەن پاساھەتلىك ۋە ئېسىل سۆزلەر ـ ھە! ـ دېدى.

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يېرىدىن چىقتى ۋە:

ـ ئى ئۆمەر! الله بىلەن قەسەمكى، مەن الله ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسىغا خاس قىلغان كىشىنىڭ سەن بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، مەن تۈنۈگۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى الله! سەن ئىسلامنى ئەبۇ جەھىل ياكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئارقىلىق كۈچلەندۈرگىن» دەپ دۇئا

قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئى ئۆمەر! الله بۇ شەرەپكە سېنى مۇيەسسەر قىلسۇن! ـ دېدى.

ئۆمەر بۇنى ئاڭلاپ:

ـ ئى خەبباب! مېنى مۇھەممەدنىڭ قېشىغا باشلاپ بارغىن. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولاي، ـ دېدى. خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سافا تېغىنىڭ قېشىدىكى بىر ئۆيدە بىر قانچە ساھابىلىرى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ، ـ دېدى.

ئۆمەر قىلىچىنى ئېسىپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن ساھابىلىرى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كېلىپ، ئىشىكنى قاقتى. ئىشىكنىڭ قېقىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ساھابىلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىدى. ئۇ ئۆمەرنىڭ قىلىچ ئاسقان ھالدا ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قورققىنىچە ئارقىسىغا ياندى ـ دە، رەسۇلۇللاھقا ئۆمەرنىڭ قىلىچ ئاسقان ھالدا ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئىشىكنى ئاچ، ئۇ كىرسۇن. ئەگەر ئۇ ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىپ كەلگەن بولسا، ياخشىلىقنى ئۇنىڭغا بېرىمىز. ئەگەر ئۇ يامانلىقنى ئىرادە قىلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلغىن» دېدى. ھېلىقى ساھابە ئىشىكنى ئاچتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆمەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. رەسۇلۇللاھ ئۆمەر بىلەن دالاندىلا ئۇچرىشىپ، ئۆمەرنىڭ بېلىدىن ياكى ياقىسىدىن تۇتتى، ئاندىن ئۇنى قاتتىق سىلكىپ:

ـ ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! سەن بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەن الله ساڭا ئازاب چۈشۈرمىگىچە سېنى مۇسۇلمان بولىدۇ دەپ ئويلىمايتتىم، ـ دېدى. ئۆمەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن اللهقا، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە پەيغەمبەر الله تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن ھەققە ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى جاراڭلىق ئاۋازدا تەكبىر ئېيتتى. ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى ساھابىلار بۇ تەكبىردىن ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدى.

مۇسۇلمانلار ئۆمەر بىلەن ھەمزەنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىغا ئىچ ـ

ئىچىدىن خۇشال بولۇشتى.

ئۆمەر مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ خەۋەر قۇرەيشلەر ئىچىگە تارالدى. ئۇلار ئۆمەر بىلەن تىركەشتى، ئۆمەرمۇ ئۇلارغا تاقابىل تۇردى. ئاخىرى قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۆمەردىن ئۇمىدىنى ئۈزدى.

## قۇرەيشلەرنىڭ هاشىم جەمەتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشى ۋە ئۇلارنى قامال قىلىشى

ئىسلام دىنى قەبىلىلەر ئارىسىدا كەڭرى تارقىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، قۇرەيشلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، يەنە سۇيىقەست پىلانلاشتى. ئۇلار بىر ئەھدىنامە تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئەھدىنامىدە هاشىم ۋە ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قەتئىي ئۈزۈش، ئۇلار بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتماسلىق، سودا - سېتىق قىلماسلىق، ئۇلارغا بىر نەرسە سېتىپ بەرمەسلىك ۋە ئۇلاردىن بىر نەرسە سېتىۋالماسلىق كېرەكلىكى ئېنىق كۆرسىتىلدى. قۇرەيشلەرنىڭ ھەممىسى ئەھدىنامىگە تولۇق رىئايە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچىشتى. ئۇلار ئەھدىنامىنى قەغەزگە پۈتۈپ، ئۇنى كەئبىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

## ئەبۇ تالىب جىلغىسىدا

قۇرەيشلەرنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن هاشىم جەمەتى بىلەن ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتى ئەبۇ تالىب تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر جىلغىغا كىردى. پەقەت ئەبۇ لەھەبلا هاشىم جەمەتى ئىچىدىن چىقىپ، قۇرەيشلەر بىلەن بىللە تۇردى. مانا بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ يەتتىنچى يىلى ئىدى.

جىلغىغا قامالغان مۇسۇلمانلار ھەقىقەتەن قاتتىق ئازاب چەكمەكتە ئىدى. ئۇلار ئاچلىقتىن خورمىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەيتتى. كىچىك باللارنىڭ ئاچلىقتىن يىغلىغان ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. قۇرەيشلەر بولسا، مۇسۇلمانلارنى بىر نەرسە سېتىۋېلىشتىن توسۇش ئۈچۈن، سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىغا يۇقىرى باھا قويۇپ، ئۇنىڭ باھاسىنى

www.uyghurkitap.com

ئۆرلىتىۋېتەتتى.

ئاشۇ ھالەتتە ئۈچ يىل ئۆتتى. ئۇلارغا قۇرەيشلەر ئىچىدىكى ئىنسانپەرۋەر كىشىلەر تەرىپىدىن مەخپىي رەۋىشتە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچە - كۈندۈز، ئاشكارا - يوشۇرۇن ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. ھاشىم قەبىلىسى اﷲتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەتتى.

## ئەھدىنامىنىڭ يىرتىلىشى ۋە قامالنىڭ بىكار قىلىنىشى

قۇرەيشلەر ئىچىدىكى ھىشام ئىبنى ئەمر ئىبنى رەبىيئە قاتارلىق بىر قانچە ۋىجدانلىق، ئىنسانپەرۋەر كىشىلەر بىرلىشىپ، بۇ تەڭسىز ئەھدىنامىگە قارشى چىقتى. ھىشام قەۋمى ئىچىدە ئۆز - ئارا ئالاقىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئېسىل كىشى ئىدى. ئۇ قۇرەيشلەر ئىچىدىكى بىر قانچە نوپۇزلۇق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ھاشىم جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ خىل تەڭسىزلىككە سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋېرىشنىڭ ئادىمگەرچىلىككە تامامەن يات ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىق تۇيغۇسىنى قوزغىدى. ھىشام ئىبنى ئەمر باشچىلىقىدىكى بەش ئادەم بۇ تەڭسىز ئەھدىنامىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ چىقىپ، ئۇنى يىرتىپ تاشلاش قارارىغا كەلدى.

ئەتىسى قۇرەيشلەرنىڭ يىغىنىدا زۇھەير ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە (ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى ئاتىكە ئۇنىڭ ئانىسى ئىدى) سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى مەككە ئاھالىسى! بىز تاماقلارنى يەپ، كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىۋېرىمىز، ۋەھالەنكى، ھاشىم جەمەتى قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرماقتا، ئۇلار بىر نەرسە سېتىۋالالمايدۇ، بىر نەرسىسىنىمۇ ساتالمايدۇ. اﷲ بىلەن قەسەمكى، بۇ تەڭسىز ئەھدىنامە يىرتىپ تاشلانمىغىچە مەن ھەرگىز ئولتۇرمايمەن» دېدى.

ئەبۇ جەھىل قارشى چىقماقچى بولۇۋىدى، ئاقماي قالدى. مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ئەھدىنامىنى يىرتىش ئۈچۈن بېرىۋىدى، ئۇنىڭدىكى «اﷲ »نىڭ ئىسمىدىن باشقا ھەممە خەتلەرنى ئاللىقاچان قۇرت يەپ بولغانلىقى مەلۇم

بولدى. بۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تالىبقا ئالدىن خەۋەر بەرگەن ئىدى. ئەھدىنامە يىرتىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭدىكى بارلىق شەرتلەر بىكار قىلىندى.

## ئەبۇ تالىب بىلەن خەدىچەنىڭ ۋاپات بولۇشى

ئەبۇ تالىب بىلەن خەدىچە بىر يىلدا (پەيغەمبەرلىكنىڭ 10 ـ يىلى) ۋاپات بولدى. ئوقۇغۇچىلارغا ئايانكى، ئۇ ئىككىيلەن رەسۇلۇللاھنى باشتىن ـ ئاخىرى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، دۈشمەنلىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ كەلدى. رەسۇلۇللاھقا ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى، ۋاپادار ياردەمچىلىرىدىن بولۇپ كەلدى. ھەتتا مۇشرىكلار قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ بېسىم ئىشلەتكەن ۋاقىتتىمۇ، ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرمىدى.

## قۇرئاننىڭ ساغلام قەلبلەرگە چۈشۈشى

تۇفەيل ئىبنى ئەمرىددەۋسى مەككىگە كەلدى. ئۇ نوپۇزلۇق ئەرباب ۋە تالانتلىق شائىر ئىدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھقا يېقىنلىشىشتىن ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشتىن توستى ھەمدە: «بىز سىنىڭ ۋە قەۋمىڭنىڭ بىز يولۇققان ئاۋارىچىلىققا يولۇقۇشىدىن ئەنسىرەيمىز، شۇڭا سەن مۇھەممەدكە گەپ قىلمىغىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلىمىغىن» دېدى.

تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ: «اللہ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ماڭا ئەشۇنداق دەۋەرگەچكە مەنمۇ راستىنلا ئۇنىڭغا گەپ قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىق قارارىغا كېلىپ، قۇلىقىمغا پاختا تىقىۋالدىم. ئەتىسى مەسجىدكە كىرسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا يېقىن بىر يەردە تۇردۇم. ئاخىرى اللہ ماڭا ئۇنىڭ بىر قىسىم سۆزلىرىنى ئاڭلاتماي قويمىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرگەندە، مەن ئۇ سۆزلەرنىڭ تولىمۇ گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم: ”ۋاي، ئانىسىدىن قارغىش ئالغان! اللہ بىلەن قەسەمكى، مەن بىر ئەقىل ئىگىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىر. مەن گۈزەل سۆزلەر بىلەن سەت سۆزلەرنى پەرق

ئېتەلەيمەن. ئۇنداقتا، نېمىشقا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقمايمەن؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ياخشى بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلسام، ناچار بولسا، تاشلىۋەتسەم بولمامدىمۇ؟“»‹.

تۇفەيل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە بولغان جەريانلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئىسلامنى چۈشەندۈردى ۋە قۇرئاننى ئوقۇپ بەردى. ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ قەۋمىگە قايتتى. ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئائىلىسىدىكىلەر مۇسۇلمان بولدى. ئۇ دەۋس قەبىلىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلام ئاشكارا بولدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىفقا چىقىشى ۋە ئۇ يەردە ئەزىيەتكە ئۇچرىشى

ئەبۇ تالىبنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەبۇ تالىب هايات ۋاقتىدا قىلالمىغان ئەسكىلىكلەرنى قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا بىر تۈركۈم ئەقىلسىز قۇرەيش لۈكچەكلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىگە توپا چاچتى.

قۇرەيشلەرنىڭ زىيانكەشلىكى، ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە ئىسلامنى مەنسىتمەسلىكى كۈنسېرى كۈچىيىگەنلىكتىن، رەسۇلۇللاھ تائىفقا چىقىپ، تائىفنىڭ ئەقىللىق كىشىلىرىنى تېپىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفقا كېلىپ، تائىفنىڭ بىر قانچە نوپۇزلۇق ۋە مۆتىۋەر كىشىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلدى. ئۇلارنىڭ يۈزتۈسىيىسى تولىمۇ ناچار بولدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنى مەسخىرە قىلدى، گالۋاڭ كىشىلەر بىلەن قۇللارنى كۈشكۈرتۈپ، رەسۇلۇللاھنى ئېغىزىغا كەلگەنچە تىللىدى ۋە تاشلارنى ئېتىپ ئۇردى.

رەسۇلۇللاھ بىر تۈپ خورما دەرىخىنىڭ سايىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ھەقىقەتەن جاپا چەككەن ۋە ھېرىپ - چارچىغان ئىدى. ئۇ تائىفتا ئۇچرىغان ئەزىيەتلەر مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئۇچرىغان ھەر قانداق ئەزىيەتتىن قاتتىق بولدى. تائىفلىقلار يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ بولۇپ تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ بىر قەدەم باسقان ھامان ئۇنىڭ پۇتىغا تاش ئېتىپ، ئۇنى يارىلاندۇردى.

ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن قانلار ئاقتى.

ئۇ تىلى ۋە دىلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى، ئامالسىزلىقى ۋە بىچارىلىكى ئۈستىدىن ئاللاھقا شىكايەت قىلدى. ئاللاھتىن ئۆزىگە ياردەم بېرىشنى ۋە كۈچلەندۈرۈشنى تىلىدى:

«ئى ئاللاھ! مەن ساڭا ئاجىزلىقىم، ئامالسىزلىقىم ۋە بىچارىلىكىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمەن. ئى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ! سەن بوزەك ئېتىلگۈچىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىسەن، مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن. سەن مېنى كىمگە تاپشۇرىسەن؟ ماڭا قوپاللىق قىلغۇچىلاغىمۇ ياكى مېنىڭ ئىشىمغا چاڭگا سېلىۋالغان دۈشمەنگىمۇ؟... ئەگەر سەن ماڭا غەزەپ قىلمايدىغانلا بولساڭ، باشقا ھەر قانداق ئىشقا پەرۋا قىلمايمەن. سېنىڭ ساقلىشىڭ چەكسىزدۇر. قاراڭغۇ زۇلمەتلەرنى يورۇتقان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى تۈزىگەن يۈزۈڭنىڭ نۇرى بىلەن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەنكى، ماڭا غەزەپ قىلمىغايسەن، مەندىن نارازى بولمىغايسەن. بارلىق جاپا ـ مۇشەققەتنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن چېكىمەن. سېنىڭ ياردىمىڭ بولمىسا، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ».

ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاغ پەرىشتىسىنى ئەۋەتتى. پەرىشتە رەسۇلۇللاھتىن تائىفلىقلار ياشاۋاتقان شەھەرنى ئىككى تەرىپىدىكى تاغ بىلەن قوشۇپ دۈم كۆمتۈرۈۋېتىشكە رۇخسەت قىلىشنى سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «ياق، مەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەرنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە بىلەن شەيبە ئىبنى رەبىيئە رەسۇلۇللاھ ئۇچرىغان ئەزىيەتلەرنى كۆرۈپ، ئىنسانپەرۋەرلىكى قوزغالدى ـ دە، ئەدداس ئىسىملىك خرىستىئان چاكىرىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «ماۋۇ بىر ساپ ئۈزۈمنى تەخسىگە سېلىپ، ئاۋۇ كىشىگە ئاپىرىپ بەرگىن، ئۇنى يېسۇن!» دېدى. چاكار ئۈزۈمنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئەخلاقىنى كۆرۈپ مۇسۇلمان بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتىن مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قەۋمى يەنىلا قارشىلىق، دۈشمەنلىك، مەسخىرە ۋە زاڭلىق قىلىش مەيدانىدا چىڭ تۇرماقتا ئىدى.

## ئىسرا، مىراج ۋە نامازنىڭ پەرز قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچىدىلا مەسجىدىل ھەرامدىن مەسجىدىل ئاقساغا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ الله خالىغان مىقداردا الله بىلەن يېقىنلاشتى، ئاسمانلارنى كەزدى، مۆجىزىلەرنى كۆردى، پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇچراشتى.

﴿(پەيغەمبەر)نىڭ كۆزى (ئوڭ ـ سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى﴾[1].

ئۇ ئاسماندا اللهنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولدى. بۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن تەسەللى، تائىفتا ئۇچرىغان ئازاب ۋە خارلىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش بولدى.

ئەتىسى رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلەرگە بولغان ئىشلارنى خەۋەر قىلدى. ئۇلار بۇنى ئىنكار قىلدى، مەسخىرە قىلدى ۋە ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىدى. ئەبۇ بەكرى: «الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي راست. سىلەر بۇنىڭدىن نېمىشقا ئەجەبلىنىسىلەر؟ الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ ماڭا كېچە ياكى كۈندۈزنىڭ مەلۇم سائىتىدە ئاسماندىن خەۋەر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، مەن ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟!» دېدى.

الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئۇممىتىگە بىر كۈندە ئەللىك ۋاقىت ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ اللهتىن يەڭگىللىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋېرىپ، ئاخىرى الله ئەللىك ۋاقىت نامازنى بەش ۋاقىتقا چۈشۈرۈپ بەردى. كىمكى بەش ۋاقىت نامازنى اللهقا ئىشىنىپ ۋە اللهتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئادا قىلسا، الله ئۇنىڭغا ئەللىك ۋاقىت نامازنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبىلىلەر بىلەن ئۇچرىشىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج مەۋسۇمىدە ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن

---

[1] سۈرە نەجم، 17 ـ ۋە 18 ـ ئايەتلەر.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى ھەمدە ئۆزىنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى دېمەكچى) دۈشمەنىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «مەن ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىۋاتقان بۇتلارنى تاشلاشقا، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە، ئۇنى تەستىقلاشقا، مېنىڭ دىنىدا غەلىبە قىلغانلىقىم ئاشكارا بولغۇچە مېنى قوغداشقا بۇيرىدۇ».

رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندا، ئەبۇ لەھەب ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارغا: «بۇ (مۇھەممەد) سىلەرنى لات ۋە ئۇززادىن ۋاز كېچىشكە، جىن - شەيتانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇقنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىدۇ. سىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماڭلار، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماڭلار» دېدى.

## ئەنسارلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج مەۋسۇمىدە چىقىپ، مىنا تېغىدىكى ئەقەبە دېگەن جايدا خەزرەج قەبىلىسىدىن كەلگەن بىر تۈركۈم ئەنسارلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى ئاللاھ تەرەپكە دەۋەت قىلدى. ئۇلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈردى ۋە قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىپ بەردى.

ئۇلار مەدىنىدە يەھۇدىيلارنىڭ قوشنىسى بولۇپ، يەھۇدىيلاردىن پات ئارىدا دۇنياغا كېلىدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى ۋە ئۆز ئارىلىرىدا: «ئى قەۋم! ئاللاھ بىلەن قەسەم، شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، يەھۇدىيلار سىلەرنى قورقۇتقان پەيغەمبەرگە ئۇلاردىن بۇرۇن بىز ئەگىشەيلى» دېيىشكەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى ھەمدە رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دېدى: «بىز قېرىنداشلىرىمىزنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەلدۇق، ئۇلار ناھايىتى ئىناق ۋە ئىجىل كىشىلەر. ئاللاھ پات ئارىدا سېنى ئۇلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇشى مۇمكىن. بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنى ساڭا ئاۋاز قوشۇشقا چاقىرايلى. سەن بىزگە چۈشەندۈرگەن دىننى ئۇلارغا چۈشەندۈرەيلى. ئەگەر ئاللاھ سېنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئۇيۇشتۇرسا، ئۇنداقتا سەندىنمۇ ئەزىز ئادەم مەۋجۇت بولمايدۇ».

ئۇلار ئىمان كەلتۈرگەن ۋە پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن ھالدا يۇرتىغا قايتتى. ئۇلار مەدىنىگە كېلىپلا، قېرىنداشلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. نەتىجىدە ئىسلام ئۇلارنىڭ ئىچىدە تارقىلىپ، ئەنسارلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئىسلام كىرمىگەن بىرمۇ ئۆي قالمىدى.

## بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى

كېلەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە ئەنسارلاردىن 12 كىشى كېلىپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچراشتى ھەمدە رەسۇلۇللاھقا اللهنى بىر دەپ ئەقىدە قىلىشقا، ئوغرىلىق ۋە زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، ياخشى ئىشلاردا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت بەردى. مانا بۇ، بىرىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتى ئىدى.

ئۇلار قايتماقچى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى ئۇلار بىلەن بىللە ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنى ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بېرىشكە، ئۇلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشكە بۇيرىدى. شۇڭا مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير مەدىنىدە «قۇرئان ئۆگەتكۈچى» دېگەن نام بىلەن تونۇلدى. ئۇ ئەسئەد ئىبنى زۇرارەنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارغا نامازدا ئىمام بولۇپ بېرەتتى.

## مەدىنىدە ئىسلامنىڭ تارقىلىشى

ئىسلام ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىكى ئەنسارلارنىڭ ئۆيلىرىدىن مەدىنىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە تارقىلىشقا باشلىدى. ئەۋس قەبىلىسىدىكى ئابدۇلئەشھەل جەمەتىنىڭ ئابرويلۇق سەردارلىرىدىن سەئد ئىبنى مۇئاز بىلەن ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ئۆزلىرىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ پاراستى، سەممىيلىكى ۋە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ دەۋىتى بىلەن باشتا مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇلئەشھەل جەمەتىدىكى باشقا كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. ئەنسارلارنىڭ ئۆيلىرىدە مۇسۇلمان بولمىغان بىرمۇ ئەر ـ ئايال قالمىدى.

## ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير كېلەر يىلى مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئەنسارلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار ھەج قىلغىلى كەلگەن مەدىنىلىك مۇشرىكلار بىلەن بىرلىكتە مەككىگە كەلگەن ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەقەبەدە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتى. ئۇلار ھەج پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۆتكەندە، ئەقەبەدىكى بىر جىلغىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار 73 ئەر، 2 ئايال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئاببـاس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن بىللە كەلدى. ئاببـاس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئۇ چاغدا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئۇلارغا سۆز قىلدى، قۇرئاننى تىلاۋەت قىلدى، ئۇلارنى اللە تەرەپكە دەۋەت قىلدى، ئىسلامغا قىزىقتۇردى. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «مەن سىلەردىن مېنى خوتۇن - قىزلىرىڭلارنى ۋە بالا - چاقىلىرىڭلارنى قوغدىغاندەك قوغداشقا بەيئەت ئالىمەن» دېدى. ئۇلار چوقۇم شۇنداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە رەسۇلۇللاھقا بەيئەت بەردى.

ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھتىن ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتمەسلىكنى، غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، مەككىگە قايتىپ كەلمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى ھەمدە ئۇلارغا: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مەن سىلەرنىڭ، سىلەر مېنىڭ، سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار مېنىڭ دۈشمىنىم، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار مېنىڭ دوستۇم» دېدى.

ئاخىرىدا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 12 ئادەمنى ۋەكىل سۈپىتىدە سايلاپ چىقىپ، ئۇلارنى باشقا كىشىلەرگە مەسئۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ توققۇزى خەزرەج، ئۈچى ئەۋس قەبىلىسىدىن ئىدى.

## مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش

ئەنسارلار رەسۇلۇللاھقا ئىسلام ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشقا،

رەسۇلۇللاھقا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە ياردەم بېرىشكە بەيئەت قىلىپ، بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ۋە مەككىدىكى باشقا مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ چىقىشقا، مەدىنىدىكى ئەنسارى قېرىنداشلىرىغا قوشۇلۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «اللّٰه سىلەرگە قېرىنداشلارنى ۋە سىلەر خاتىرجەم جايلىشىدىغان ماكاننى سىلەرگە ھازىرلاپ بەردى، سىلەر شۇ يەرگە توپ - توپ بولۇپ چىقىڭلار».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە قالدى، ئۇ اللّٰهنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى كۈتمەكتە ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك ئۇنداق ئاسان بولمىدى. قۇرەيشلەر بۇنى ئاڭلاپ، مەككىدىن مەدىنىگە بارىدىغان بارلىق يول ئېغىزلىرىغا توساقلارنى قۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى توسماقچى بولدى. مۇسۇلمانلار ھىجرەت يولىدا ھەر تۈرلۈك جاپا - مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىدى. بىراق، جاپا - مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق ئۇلارنى مەككىنى تاشلاپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش نىشانىدىن ۋاز كەچتۈرەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ سەلەمەگە ئوخشاش ئايالى ۋە بالىسىنى مەككىدە قالدۇرۇپ، مەدىنىگە يالغۇز كېتىشكە مەجبۇر بولغانلارمۇ؛ سۇھەيبكە ئوخشاش بارلىق مال - مۈلۈك ۋە ئىگىلىكىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغانلارمۇ بار ئىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، تەلھە، ھەمزە، يەزىد ئىبنى ھارىسە، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، ئەبۇ ھۇزەيفە، ئوسمان ئىبنى ئەففان قاتارلىق بىر تۈركۈم ساھابىلار ئارقا - ئارقىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئەبۇ بەكرى سىددىق ۋە مەجبۇرىي تۇتۇپ قېلىنغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم قالمىدى.

## قۇرەيشلەرنىڭ ئاخىرقى قېتىم رەسۇلۇللاھقا سۇيىقەست پىلانلىشى ۋە سۇيىقەستنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدە بىر بۆلۈك ساھابە ۋە ئەنسارلارغا ئېرىشكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمدى ئۇلارنى

باشقۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە چىقىپ كېتىشىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى، ئەھۋال راستىنلا ئۇلار ئويلىغاندەك بولۇپ قالسا، ئۇلار مەڭگۈ ئامال ـ چارىسىز قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، قۇرەيش كاتتىباشلىرى دەرھال «دارۇننەدۋە» (قۇرەيشلەرنىڭ مۇھىم ئىشلارنى كېڭىشىدىغان جايى)گە يىغىلىپ، مۇھەممەدنىڭ مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى.

ئاخىرى ئۇلار: «ھەر بىر قەبىلە ئۆز تەۋەلىكىدىكى نوپۇزلۇق ئائىلىلەردىن قاۋۇل، جاسارەتلىك يىگىتتىن بىردىن چىقىرىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىن ئۆتكۈر قىلىچنى كۆتۈرۈپ، مۇھەممەدنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىپ، تەڭلا قىلىچ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئاندىن ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالايمىز. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۇنىڭ قىساس قېنى ھەممە قەبىلىگە چېچىلىپ كېتىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئابدۇماناف جەمەتى قۇرەيش قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مادارى يەتمەيدۇ. بۇ چاغدا، ئۇلار خۇن ھەققى ئۈچۈن تۆلەمگە رازى بولۇشتىن باشقا ئامال تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا تۆلەم بېرىپ ئىشنى ساقايتىمىز» دېگەن قارارغا كېلىشىپ يىغىننى ئاخىرلاشتۇردى.

الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ سۇيىقەستنى خەۋەر قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ياتقۇزۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تونى بىلەن يېپىپ قويغاندىن كېيىن: «ئۇلار ساڭا ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېدى.

قاتىللار رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىپ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، رەسۇلۇللاھ بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ ئۆيىدىن چىقتى. الله ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىۋەتتى. ئۇلار ھېچنىمىنى كۆرەلمىدى. رەسۇلۇللاھ سۈرە «ياسىن»نىڭ بېشىدىن «فَأَغْشَيْنَاهُمْ فَهُمْ لاَ يُبْصِرُونَ» (ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ) دېگەن ئايەتنى ئوقۇغىنىچە قولىدىكى توپىنى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا چېچىۋېتىپ، چىقىپ كەتتى.

بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ:

ـ بۇ يەردە نېمىگە تۇرىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ مۇھەممەدنى كۈتىۋاتىمىز. ـ دېيىشتى ئۇلار.

ـ زىيان تارتىپسىلەر، ئۇ ئالللىقاچان چىقىپ، ئۆز يولىغا كېتىپ بولدى،

- دېدى ھېلىقى ئادەم.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆشىكىدە بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ ئىكەنلىكىدىن قىلچە شەكلەنمىدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، ئۇنىڭ ئورنىدىن ئەلى قوپتى. ئۇلار خىجىل بولۇپ زىيان تارتقىنىچە كېتىپ قېلىشتى.

www.uyghurkitap.com

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «اللہ ماڭا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى» دېدى. ئەبۇ بەكرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىۋالماقچىمۇ سەن؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئەبۇ بەكرى خۇشاللىقىدىن يىغلىۋەتتى ھەمدە بالدۇرلا سەپەر ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ئىككى تۆگىنى ئېلىپ كەلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىتنى يول باشلاشقا ياللىۋالدى.

مەككىلىكلەر رەسۇلۇللاھنى راستچىل ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارىغاچقا، مۇھىم نەرسىلىرىنى ئۇنىڭ قېشىدا ئامانەت قويغان ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنىڭ ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئامانەتلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا مەككىدە قالدۇرۇپ قويدى.

## سەۋر غارىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى يوشۇرۇن ھالدا مەككىدىن چىقتى. ئەبۇ بەكرى ئوغلى ئابدۇللاھنى مەككىلىكلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە نېمە دېيىشىدىغانلىقىغا قۇلاق سېلىشنى بۇيرىدى. ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى ئامىر ئىبنى فۇھەيرەنى بىر توپ قوينى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بېقىشقا ئورۇنلاشتۇردى. قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۇ قويلارنى ھەيدەپ ئاپىرىپ، ئۇلارغا سېغىپ بېرەتتى. ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما ئۇلارغا تاماق يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى سەۋر غارى (مەككىنىڭ تۆۋىنىدىكى بىر تاغنىڭ ئۆڭكۈرى) ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئەبۇ بەكرى ئۆڭكۈردىكى زىيانداشلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى چېقىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆڭكۈرگە ئالدى بىلەن ئۆزى كىردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھنى چاقىردى.

دەل شۇ پەيتتە، اللہ بىر ئۆمۈچۈكنى ئەۋەتتى. ئۆمۈچۈك غار بىلەن غار ئالدىدىكى دەرەخ ئارىلىقىغا تور توقۇپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنى يوشۇردى. اللہ ئىككى ياۋا كەپتەرنى ئەۋەتتى. كەپتەرلەر تور بىلەن دەرەخ ئارىلىقىغا چۈشۈپ ئۇۋىلاشقا باشلىدى. ﴿ئاسمان ۋە زېمىننىڭ قوشۇنلىرى

اللهنىڭدۇر﴾[1].

مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىزىنى بويلاپ، تاغنىڭ ئۆڭكۈرى ئالدىغا كېلىپ قالدى. بىراق، ئۇلار ئۆڭكۈر ئېغىزىدىكى ئۆمۈچۈك تورىنى كۆرۈپ: «ئەگەر بۇ يەردىن ئادەم كىرگەن بولسا، ئۆڭكۈر ئېغىزىدا ئۆمۈچۈكنىڭ تورى بولاتتىمۇ؟» دېيىشكىنىچە كېتىپ قېلىشتى.

## قايغۇرما، الله بىز بىلەن بىللە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى غاردا تۇرۇۋاتقاندا، ئەبۇ بەكرى بىر توپ ئادەملەرنىڭ پۇت - پاچاقلىرىنى كۆرۈپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسى بېشىنى شۇنداق تۆۋەن قىلسىلا، بىزنى چوقۇم كۆرۈپ قالىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ بەكرى! ئىككىمىزنىڭ ئۈچىنچىسى الله تۇرسا، شۇنىڭدىن ئەنسىرەمسەن؟» دېدى.

مۇشۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، الله ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى﴾[2].

## سۇراقەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغلاپ چىققانلىقى ۋە ئۇ يولۇققان ھادىسىلەر

قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۇنى تۇتۇپ كەلگۈچىلەرگە يۈز تۆگە ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى غاردا ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز يولىغا كېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئىككىيلەن بىلەن ئامىر ئىبنى فۇھەيرە ۋە ئۇلار ياللىۋالغان يول باشلىغۇچى بىللە بولۇپ، يول باشلىغۇچى ئۇلارنى دېڭىز ساھىلى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

سۇراقە ئىبنى مالىك قۇرەيشلەر ۋەدە قىلغان يۈز تۆگىگە ئېرىشىشنىڭ خىيالىدا رەسۇلۇللاھنى ئۇلارغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇپ، ئېتىغا مىنگىنىچە

---

[1] سۈرە فەتىھ 4 - ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 40 - ئايەت.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ كەلدى. ئۇ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقىنىدا، ئېتى بىردىنلا پۇتلىشىپ يىقىلىپ، ئۇ ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنە ئېتىغا مىنىپ مېڭىۋىدى، ئېتىنىڭ ئىككى پۇتى تىزىغىچە قۇمغا پېتىپ كېتىپ، ئاتتىن موللاق ئېتىپ يىقىلدى. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم ئېتىغا مىنىپ مېڭىپ ئۇلارغا يېتىشىۋالاي دېگەندە، ئۇنىڭ ئېتى يەنە مۆدۈرۈپ يىقىلىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى يەنە يەرگە پېتىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا گويا قارا تۇتۇندەك ۋەھىمىلىك بىر چاڭ - توزان ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

سۇراقە بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنى اللهنىڭ قوغداۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۇلارنى چاقىردى ھەمدە: «مەن سۇراقە ئىبنى جەئسەم بولىمەن، ماڭا قاراڭلار، مەن سىلەرگە گەپ قىلاي، الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئەمدى سىلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيمەن» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرىگە: «ئۇنىڭدىن سورىغىن، ئۇنىڭ بىزگە ئېيتىدىغان قانداق تەلىپى باركىن؟» دېدى، سۇراقە: «ماڭا ئامانلىق خېتى يېزىپ بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئامىر ئىبنى فۇھەيرەنى بىر تال (پارچە) چەمە رەختكە ئامانلىق خېتى يېزىپ بېرىشكە بۇيرىدى.

## كىسرانىڭ بىلەيزۈكى سۇراقەنىڭ قولىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇراقەگە: «ئەگەر سەن كىسرانىڭ بىلەيزۈكىنى قولۇڭغا تاقىساڭ، قانداق قىلىسەن؟» دېدى.

بۇ ئىشلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە يۈز بەردى. كىسرانىڭ بىلەيزۈكى، كەمىرى ۋە تاجى ئېلىپ كېلىنگەن چاغدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇراقەنى چاقىرىپ، كىسرانىڭ شاھلىق تاجىنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ، كەمىرى ۋە بىلەيزۈكىنى تاقاپ قويدى.

ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى: سۇراقە رەسۇلۇللاھ يېزىپ بەرگەن ئامانلىق خېتىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، قولىدىكى ئوزۇق - تۈلۈكنى رەسۇلۇللاھقا تەڭلىدى. رەسۇلۇللاھ: «بىز بىلەن ئۇچراشقانلىقىڭنى قۇرەيشلەردىن يوشۇرغىن» دېدى.

## مۇبارەك ئادەم

ئۇلار كېتىۋاتقان يولدا خۇزائە قەبىلىسىدىن ئۇممۇ مەئبەد ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ ئايالنىڭ قېشىدا بىر قوي بولۇپ، ئۇ ئورۇق ئاۋارىلىقىدىن ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قوينىڭ ئەمچىكىنى قولى بىلەن سىلاپ، اللهقا دۇئا قىلىۋېدى، قوينىڭ ئەمچىكى سۈتكە تولدى. رەسۇلۇللاھ قوينى سېغىپ، ئۇ ئايالغا ۋە ھەمراھلىرىغا بەردى. ئۇلار سۈتنى ئىچىپ قاندى. ئاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۆزى ئىچتى. ئىككىنچى قېتىم قوينى يەنە سېغىۋېدى، قاچا سۈتكە لىق تولدى. كەچتە ئەبۇ مەئبەد (ئۇممۇ مەئبەدنىڭ ئېرى) قايتىپ كەلگەندە، ئايالى بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ: «بىزنىڭ قېشىمىزدىن بىر مۇبارەك ئادەم ئۆتتى» دېدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلدى. ئېرى: «الله بىلەن قەسەمكى، مېنىڭچە ئۇ قۇرەيشلەر ئىزدەۋاتقان ئادەمنىڭ دەل ئۆزى شۇ» دېدى.

يول باشلىغۇچى ئۇلارنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار مەدىنە ئەتراپىدىكى «قۇبا» مەسجىدىنىڭ (يېزىسىنىڭ) قېشىغا كېلىپ توختىدى. رەبىئەل ئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى (دۈشەنبە كۈنى) ئىدى. ئەنە شۇ، ئىسلام تارىخىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى.

# مەدىنىدە

## مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق قارشى ئالدى؟

ئەنسارلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، گويا روزىدارنىڭ يېڭى ئاينى كۈتكىنىدەك تەقەززالىق بىلەن رەسۇلۇللاھنى كۈتۈشكە باشلىدى. ئۇلار ھەر كۈنى بامدات نامىزىنى ئوقۇپلا، شەھەر سىرتىغا چىقىپ رەسۇلۇللاھنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. تاكى ھاۋا قىززىپ باشلارنى كۆيدۈرگەندە، ئاندىن ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار

ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشكەن ئىدى. يەھۇدىيلار ئەنسارلارنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا، رەسۇلۇللاھنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بىر يەھۇدىي يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئەنسارلارغا خەۋەر قىلدى. ئەنسارلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ھەمراھى ئەبۇ بەكرى بىلەن خورمىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇندىن ئىلگىرى رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، يېشى ئوخشاش بۇ ئىككى ئادەمنىڭ قايسىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمىدى. بۇنى سەزگەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تونى بىلەن رەسۇلۇللاھقا سايە چۈشۈرۈپ بەردى. كىشىلەر دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇپ، ئۇنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇرسەن بولۇپ تەكبىر ئېيتتى. ئۇلار ھاياتىدا ھېچنەرسىگە رەسۇلۇللاھنىڭ كەلگىنىگە سۆيۈنگەندەك سۆيۈنۈپ باقمىغان ئىدى. ئاياللا ۋە باللار رەسۇلۇللاھنى ئىشارەت قىلىپ: «بۇ رەسۇلۇللاھ، رەسۇلۇللاھ كەلدى» دەپ چۇرقىرىشاتتى. ئەنسارلارنىڭ قىزلىرى بولسا، خۇشاللىق بىلەن ناخشا ئېيتىپ تەنتەنە قىلاتتى:

رەسۇلۇللاھ تولۇن ئايدەك چىچىپ نۇر،
چىقىپ كەلدى سەنىيەتۇل ۋىدادىن.

خۇداغا شۈكرى قىلماق بىزگە لازىم،
بىرەر ئادەم قول ئۈزمىسىلا دۇئادىن.

مۇسۇلمانلارغا مەقبۇل ئۈشبۇ دىنى،
رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلدى خۇدادىن.

ئەنەس ئىبنى مالىكىل ئەنسارى ـ شۇ چاغدا ئۇ تېخى بالا ئىدى ـ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كىرىپ كەلگەن كۈنى، ئۇنى كۆردۈم. مەن ھېچقاچان ئۇ مەدىنىگە كىرگەن كۈندىنمۇ پارلاق ۋە شانلىق بىر كۈننى كۆرگەن ئەمەسمەن“.

## قۇبا مەسجىدى ۋە مەدىنىدىكى تۇنجى جۈمە نامىزى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادا تۆت كۈن تۇرۇپ، شۇ جايدا بىر مەسجىد بىنا قىلدى.

## ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئۆيىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا، كىشىلەر يولدا توپ - توپ بولۇپ، ئۇنى قارشى ئالدى. ھەممە كىشى رەسۇلۇللاھنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، تۆگىسىنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتۇۋالدى. رەسۇلۇللاھ: «تۆگىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىڭلار، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ماڭىدۇ» دېدى. تۆگە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ھازىرقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدىنىڭ ئورنىغا كېلىپ چۆكتى. ئۇ جاي شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھنىڭ ئانا تەرەپ تاغىلىرى بولغان بەنى نەججار جەمەتىدىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ خورمىزارلىقى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىدىن چۈشتى. ئەبۇ ئەييۇب (خەزرەج قەبىلىسىدىن خالىد ئىبنى زەيدۇن نەججارى) رەسۇلۇللاھنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ رەسۇلۇللاھنى ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ ئۆزى ئۆينىڭ ئۈستىدە، رەسۇلۇللاھ ئاستىدا بولۇشنى خالىماي، رەسۇلۇللاھقا ئۆينىڭ ئۈستىنى بىكارلاپ بېرىپ، ئاستىغا چۈشكەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئەبۇ ئەييۇب! ھەم بىزنى ھەم يوقلاپ كەلگۈچىلەرنى قىيناپ قويمىغىن، بىز يەنىلا ئاستىدا تۇرايلى» دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنى ۋە تۇرالغۇسىنى بىنا قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئىككى يېتىم بالىنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ خورمىزارلىقىنى سېتىۋېلىپ، ئورنىغا مەسجىد سالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىز ئۇنى ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلايلى» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىپ، يەنىلا پۇلغا سېتىۋالدى. ئاندىن كېيىن، شۇ جايغا مەسجىد بىنا قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە مەسجىد بىنا قىلىشقا قاتناشتى. ئۇلار بىللە بىلەن بىللە كېسەكلەرنى يۆتكىدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. رەسۇلۇللاھ ئەمگەك قىلغاچ مۇنداق دەيتتى:

ئى اللە! چىن ھايات ـــ ھاياتى ئاخىرەت،
مۇھاجىر ئەنسارغا قىلغىن مەغپىرەت.

مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپ اللەقا ھەمدۇسانا ئېيتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىدە يەتتە ئاي تۇردى. ئۇنىڭ مەسجىد ۋە تۇرالغۇسى پۈتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز تۇرالغۇسىغا كۆچۈپ كەتتى.

مۇھاجىرلارنىڭ ھەممىسى مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھقا قوشۇلدى. مەككىدە زورلۇق بىلەن تۇتۇپ قېلىنغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. مەدىنىدە ئەنسارلاردىن مۇسۇلمان بولمىغان بىرمۇ ئائىلە قالمىدى.

## مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۇلارنى تەڭلىك (يەنى بارلىق مال - مۈلكىنىڭ يېرىمىنى قېرىندىشىغا بۆلۈپ بېرىش) ئاساسىدا قېرىنداش قىلىپ قويدى. ئەنسارلار مۇھاجىرلارنى ئۆزىگە قېرىنداش قىلىۋېلىشتا ئۆزئارا بەسلەشتى. ھەتتا قېرىندىشىنى تالىشىپ چەك تاشلىشاتتى. ئۆي - بىسات، مال - مۈلۈك، چارۋا - ماللارنىڭ ھەممىسىنىڭ يېرىمىنى مۇھاجىر قېرىندىشىغا بۆلۈپ بېرىشتە چىڭ تۇراتتى. قېرىندىشىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قوياتتى.

ئەنسارى مۇھاجىرغا: ”قارىغىن، مېلىمنىڭ يېرىمىنى سەن ئالغىن“ دەيتتى. مۇھاجىر بولسا: ”ياق، مېنى بازارغا باشلاپ بارغىن (سودا قىلىپ تۇرمۇشۇمنى قامداي)“ دەيتتى. قىسقىسى، ئەنسارلار مۇھاجىرلارنىڭ

مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قوياتتى. مۇھاجىرلار بولسا، غورۇر ۋە پاكلىقنى مۇھىم بىلەتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق ئەھدىنامىسى ئورنىتىشى، يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىنامىدە قەيت قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا ئون نەچچە ماددىلىق ئىسلامىي ئىتتىپاقلىق ئەھدىنامىسى ئورناتتى. بۇ ئەھدىنامىنىڭ بىر ماددىسىدا يەھۇدىيلار قەيت قىلىنغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار تەرەپتە تۇرغان يەھۇدىيلارنىڭ مەلۇم شەرتلەرگە رىئايە قىلىشى ئاساسىدا دىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغداش بەلگىلەندى.

## ئەزان

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە جايلىشىپ خاتىرجەم بولدى. ئىسلام ئىشلىرى مەلۇم دەرىجىدە تەرتىپكە چۈشۈپ، كىشىلەر نامازغا چاقىرىقسىز كېلىشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ يەھۇدىي خرىستىئانلارنىڭ كاناي ياكى قوڭغۇراق چېلىپ، ئوت يېقىپ ئادەم چاقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى خالىمايتتى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، اللە مۇسۇلمانلارنى ئەزان ئارقىلىق ھۆرمەتلىدى. بىر قىسىم مۇسۇلمانلارغا چۈشىدە قانداق ئەزان ئېيتىشنى ئۆگەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەزاننى يولغا قويدى. بىلال ئىبنى رەباھ ئەزان ئېيتىشقا تەيىنلەندى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى، شۇنداقلا قىيامەتكىچە بارلىق مۇئەززىنلەرنىڭ ئىمامى بولدى.

## مەدىنىدە مۇناپىقلارنىڭ ئاشكارا بولۇشى

ئىسلام مەدىنىدە كەڭرى تارقىلىشقا باشلىدى. يەھۇدىيلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا ئوخشاش بىر تۈركۈم موللا ـ ئۆلىمالار ئىمان

ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. باشقا يەھۇدىيلار ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە ئوخشاش ئولتۇرسا ـ قوپسا باشلىق بولۇشنى ئويلاپ، باشلىقلىقنى چۈشەيدىغانلار ھەسەتتىن قىلدەك تولغىنىپ ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى، ئىسلام ئاشكارا بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىغاچقا، ئۇلارنىڭ شېرىن چۈشلىرى ئاللىقاچان غايىب بولغان ئىدى. شۇڭا قەلبىدە مۇناپىقلىق كېسىلى بارلار، خوجايىنلىق تاماسىدا يۈرىدىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنى دۈشمەن بىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاشكارا دۈشمەنلەرمۇ، يوشۇرۇن مۇناپىقلارمۇ بار ئىدى.

## قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

دەسلەپتە بەيتۇلمۇقەددەس مۇسۇلمانلار ئۈچۈن «قىبلە» قىلىپ بەلگىلەنگەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا مۇسۇلمانلار بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپ، ئارىدىن 16 ئاي ئۆتتى. ئۇ قىبلىنىڭ كەئبىگە ئۆزگەرتىلىشىنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، كەئبىنىڭ ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتى ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭگەن، ئۇلارنىڭ قان ـ قېنى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار كەئبىنى ھەر قانداق بىر ئۆيگە تەڭ قىلمايتتى، ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسىنى ھەر قانداق بىر قىبلە بىلەن باراۋەر ئورۇندا قويمايتتى. ئۇلار قىبلىنىڭ كەئبىگە ئۆزگەرتىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. گەرچە بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ قىبلە قىلىنىشى ئۇلارغا نىسبەتەن قوبۇل قىلىش تەس ئىش بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق...؛ بىز ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۇق، چۈنكى، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى» دېدى. قىسقىسى، مەيلى ئۇلارنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن بىرلەشسۇن ياكى بىرلەشمىسۇن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدى.

الله ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى اللەتىن قورقۇش ۋە اللهنىڭ ئەمرىگە

بويسۇنۇش تۇيغۇسىنى ئىمتىهان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى كەئبىنى قىبلە قىلىشقا بۇيرىدى:

﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. الله ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقىلارغا بۇ (يەنى قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى) ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾[1].

مۇسۇلمانلار الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بەيتۇلمۇقەددەسنى قىبلە قىلىشتىن كەئبىنى قىبلە قىلىشقا قايتتى. مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ قەيرىدە بولمىسۇن، كەئبە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان قىبلىسى بولدى.

## قۇرەيشلەرنىڭ مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشى

مەدىنىدە ئىسلام مۇقىملاشقاندىن كېيىن، قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۈنسېرى كۈللىنىپ، ئىشلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىغۋاگەرچىلىك، دۈشمەنلىك ۋە ئۇرۇش ئوتىنى ياقتى. ۋەھالەنكى، الله ئۇلارنى سەۋر قىلىشقا، كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچان بولۇشقا بۇيرۇپ: ﴿(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار﴾[2] دېدى.

[1] سۈرە بەقەرە، 143 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 77 ـ ئايەت.

## ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىش

مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزگەن ئەزىيەت ۋە كۈلپەتلىرى كۆچىيىپ كەتكەنلىكتىن، اللّٰه ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. ئەمما ئۇرۇشنى ئۇلارغا پەرز قىلمىدى.

﴿هۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، اللّٰه ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر﴾[1].

## قوشۇن ۋە ئەبۋا غازىتى

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بەزى قەبىلىلەرگە قوشۇن ئەۋەتتى. قوشۇن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇرۇش قىلماستىن، توقۇنۇش پەيدا قىلىپ قايتىپ كەلدى. بۇ مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ تاشلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى قوزغاشنى مەقسەت قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆزى قوشۇن باشلاپ بېرىپ "ئەبۋائ" دېگەن جايدا غازات قىلدى. بۇ رەسۇلۇللاھ قىلغان تۇنجى غازات بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن نورغۇنلىغان غازات ۋە قوشۇن ئەۋەتىشلەر بولدى.

## رامىزان روزىسىنىڭ پەرز قىلىنىشى

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى. اللّٰه ئايەت نازىل قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾[2].

﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان

---

[1] سۇرە ھەج، 39 ـ ئايەت.

[2] سۇرە بەقەرە، 183 ـ ئايەت.

روزىسىنى تۇتسۇن﴾[1].

## ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بەدرى غازىتى

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزاندا بۈيۈك بەدرى غازىتى بولدى. الله بۇ ئۇرۇشنى: «ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندىكى ئۇرۇش» دەپ ئاتىدى. ﴿ئەگەر سىلەر اللهقا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر) گە ئىشەنسەڭلار...﴾[2].

بۇ ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب باشچىلىقىدىكى زور قۇرەيش كارۋىنىنىڭ شامدىن كېلىۋاتقانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلىدى. بۇ قۇرەيشلەرنىڭ چوڭ سودا كارۋىنى ئىدى. ئۇرۇش مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئوتتۇرىسىدا بولدى. قۇرەيشلەر ئىسلامغا قارشى تۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلارنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇرۇشقا بارلىق مال ـ مۈلۈك ۋە كۈچىنى چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى مەدىنىنىڭ چېگرىسىدىن يايلىقىغىچە سوزۇلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربنىڭ كارۋان بېشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مۇسۇلمانلارنى كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇشقا چاقىردى. ئۇ پەقەت بىر كاۋاننىڭ ئىشى بولغاچقا، يېتەرلىك ئەسكىرى كۈچ توپلىمىدى.

ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى نىشانلاپ كېلىۋاتقانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال مەككىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇ سۇفيان قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىپ ئەۋەتكەن ئەلچى مەككىگە يېتىپ كەلگەن ھامان مەككىلىكلەر دەرھال قوزغىلىپ چىقتى. قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ئەبۇ لەھەبدىن باشقا ھېچقايسىسى ئايرىلىپ قالماي چىقتى. ئەبۇ لەھەب ئورنىغا ئادەم ئەۋەتتى.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 185 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال، 41 ـ ئايەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى نادىرسى

## ئەنسارلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشى ۋە جان پىدالىق بىلەن ئىتائەت قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنىڭ قوزغىلىپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ساھابىلىرى (ئەنسارلار) بىلەن مەسلىھەتلەشتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆز يۇرتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا بەيئەت بەرگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىن چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئالدى بىلەن مۇھاجىرلار بىلەن سۆزلەشتى. ئۇلار ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدى. ئاندىن كېيىن ئەنسارلار بىلەن سۆزلەشتى. ئۇلارمۇ ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدى. ئۈچىنچى قېتىم ئۇلار بىلەن يەنە سۆزلەشتى. بۇنىڭدىن ئەنسارلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزلىرىنى مۇھىم بىلگەنلىكىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن، سەئد ئىبنى مۇئاز ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئېھتىمال سەن بىزگە گەپ قىلىۋاتساڭ كېرەك، ئېھتىمال سەن ئەنسارلارنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئورۇندىيالماسلىقىدىن، سېنى قوغداش ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرەۋاتساڭ كېرەك. مەن ئەنسارلارغا ۋاكالىتەن شۇنى ئوچۇق ئېيتىمەنكى، سەن خالىغىنىڭ بويىچە ئىش كۆرگىن. ئۆزۈڭ خالىغان كىشى بىلەن مۇناسىۋەتلەشكىن، خالىغان كىشى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگىن. بىزنىڭ ماللىرىمىزدىن خالىغىنىڭچە ئېلىپ، بىزگە خالىغىنىڭنى بەرگىن. بىزدىن ئالغىنىڭ بىزگە نىسبەتەن بىزگە قالدۇرۇپ قويغىنىڭدىن كۆپ سۆيۈملۈكتۇر. بىز ھەر قاچان سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا تەييارمىز. اللە بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن بىزنى ئوتقا باشلىساڭ ئوتقا، سۇغا باشلىساڭ سۇغا سەن بىلەن بىللە كىرىمىز».

ئاندىن مىقداد مۇنداق دېدى: «بىز ساڭا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ”سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى“ دېگەندەك دېمەيمىز، بەلكى، بىز سېنىڭ ئالدىڭدا، كەينىڭدە، ئوڭ ۋە سول تەرىپىڭدە تۇرۇپ، سەن بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىمىز».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يۈزىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى جىلۋە قىلدى. كۆڭلى خۇرسەنلىككە تولدى ھەمدە: «ئاتلىنىڭلار، غەلىبە بىزگە مەنسۇپ» دېدى.

## باللار جىھادقا ۋە شېھىدلىككە ئىنتىلمەكتە

مۇسۇلمانلار بەدرى ئۇرۇشى مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا، 16 ياشلىق ئۇمەير ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ئىسىملىك بىر بالا چىقىپ كەلدى. ئۇ يېشى كىچىك بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلماي قايتۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن سەپنىڭ ئارقىسىدىن يوشۇرۇنچە كېلىۋاتاتتى. ئاكىسى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېنى قايتۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ۋەھالەنكى، مەن جىھادقا چىقىشنى ياخشى كۆرىمەن، ئاللاھنىڭ ماڭا شېھىدلىك ئاتا قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن" دېدى.

ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. ئۇ چوڭلارنىڭ يېشىغا يەتمىگەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولدى. بىراق، ئۇمەير يىغلاپ تۇرۇۋالغاچقا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، قاتنىشىشقا ئىجازەت بەردى. ئۇ غازاتقا قاتنىشىپ، شېھىد بولۇش ئارزۇسىغا يەتتى.

## مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى سان ۋە تەييارلىق جەھەتتىكى پەرق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 313 كىشى بىلەن جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلاردا ئىككى ئات ۋە يەتمىش تۆگە بولۇپ، ئىككى - ئۈچ ئادەم بىر تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. نۆۋەتلىشىپ مىنىشتە ئەسكەر بىلەن قوماندان، خوجايىن بىلەن چاكار پەرقسىز ئىدى. نۆۋەتلىشىپ مىنگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر قاتارلىق كاتتا ساھابىلارمۇ بار ئىدى.

بايراق مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرگە تۇتقۇزۇلدى. مۇھاجىرلارنىڭ بايرىقىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئەنسارلارنىڭ بايرىقىنى سەئد ئىبنى مۇئاز كۆتۈردى.

ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمانلارنىڭ كارۋانغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىققانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلاپ كارۋاننى ئاستىلاتتى ۋە دېڭىز ساھىلى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئەبۇ سۇفيان كارۋاننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ

ھۇجۇمىدىن قۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن، قۇرەيشلەرگە خەت يېزىپ: «سىلەر پەقەت كارۋىنىڭلارنى قوغداش ئۈچۈنلا چىقتىڭلار، ئەمدى قايتىپ كېتىڭلار» دېدى. ئەبۇ جەھىل: ”قايتىپ كەتمەي ئۇرۇش قىلىمىز“ دەپ تۇرۇۋالدى.

قۇرەيشلەر مىڭدىن ئارتۇقراق ئادەم بىلەن چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرى، قوماندانلىرى، چەۋەندازلىرى ۋە باتۇر قەھرىمانلىرى بار ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەككىلىكلەر سىلەرگە پۈتۈن جىنىنى تىكتى» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈن نىسپىدە ساھابىلىرى بىلەن بىللە سۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر كۆلچەك ياساپ، ئۇنىڭغا سۇ توشقۇزدى. ئاندىن باشقا كۆلچەك ۋە سۇ ئازگاللىرىنى تىندۇرىۋەتتى.

ﷲ ئاشۇ كېچىدە يامغۇر ياغدۇردى. بۇ يامغۇر مۇشرىكلارغا چوڭ ئاپەت بولدى. يوللار تېيىلغاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە زور توسالغۇ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن رەھمەت بولدى. يەر قېتىپ، قۇملار چىڭىدى. قەدەملەر مۇستەھكەملىنىپ، ئىشەنچ كۈچەيدى.

ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (ﷲنىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭۈلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، ﷲ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى﴾[1].

## ئۇرۇشقا تەييارلىنىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇرۇش مەيدانىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان ئېگىز بىر دۆۋە ئۈستىگە جەڭ مەيدانىغا قارىتىپ بىر كەپە بىنا قىلىندى. رەسۇلۇللاھ جەڭ مەيدانىدا ئۇيانىدىن بۇيانغا مېڭىپ: «بۇ ئىنشائاللاھ ئەتە پالانى ئۆلتۈرۈلىدىغان جاي، ئاۋۇ ئىنشائاللاھ ئەتە پالانى يېشىنى يەيدىغان جاي...» دەپ قولى بىلەن كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئەتىسى ئەھۋال راستىنلا رەسۇلۇللاھنىڭ دېگىنىدەك بولدى.

[1] سۈرە ئەنفال، 11 ـ ئايەت.

مۇشرىكلار جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ، ئىككى قوشۇن روبىرو ھالەتتە تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله! قۇرەيشلەر ھاكاۋۇرلۇقى ۋە مەغرۇرلۇقى بىلەن ساڭا قارشى تۇرغىلى، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى يالغانغا چىقارغىلى كەلدى» دېدى. شۇ كۈنى رامىزاننىڭ ئون يەتتىنچى كېچىسى (جۈمە كۈنى) ئىدى. تاڭ ئاتقاندا، قۇرەيشلەر بىلەن مۇسۇلمانلار قارىمۇ قارشى سەپ تۈزدى.

## دۇئا ۋە ئىلتىجا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەڭچىلەرنىڭ سېپىنى تۈپتۈز قىلغاندىن كېيىن، ھېلىقى تۆپىلىك ئۈستىگە ياسالغان كەپە (قوماندانلىق شتابى)گە كىرىپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىردى. رەسۇلۇللاھ اللهقا كۆپلەپ دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلدى. اللهقا يالۋۇردى، اللهتىن ياردەم تەلەپ قىلدىكى، ئۇ اللهنىڭ ھۆكمىگە قارشى تۇرغۇچى، ئۇنىڭ تەقدىرىنى چىكىندۈرگۈچى يوق، غەلىبە پەقەت الله تەرەپتىنلا كېلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ: «ئى الله! ئەگەر سەن مۇشۇ (مۇسۇلمان) جامائەتنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان بولساڭ، بۇندىن كېيىن زېمىندا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ» دېدى ۋە اللهقا يالۋۇرۇپ: «ئى الله! سەن ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن، ئى الله! سېنىڭ ياردىمىڭنى تىلەيمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى شۇ قەدەر ئېگىز كۆتۈردىكى، ئۇنىڭ تونى مۈرىسىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى.

## ئىككى پىرقە پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەڭ مەيدانىغا چىقىپ، مۇسۇلمانلارنى جەڭگە ئىلھاملاندۇردى. مۇشرىكلار تەرەپتىن ئۇتبە، قېرىندىشى شەيبە ۋە ئوغلى ۋەلىددىن ئىبارەت بىر ئائىلىلىك ئۈچ ئادەم سەپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، يەكمۇيەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. مۇسۇلمانلار تەرەپتىن ئەنسارلاردىن ئۈچ يىگىت مەيدانغا چۈشتى.

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ - دەپ سورىدى مۇشرىكلار تەرىپىدىن

چۈشكەنلەر.

ــ ئەنسار يىگىتلىرىمىز، - دېدى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مەيدانغا چۈشكەنلەر.

ــ يارايسىلەر، بىراق، بىزگە قۇرەيشلەردىن ئۆزىمىزگە لايىق تەڭ دېمەتلىرىمىز چىقسۇن، - دېدى ئۇلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس، تۇر! ئى ھەمزە تۇر! ئى ئەلى تۇر!» دېدى. ئۇلار سەپتىن ئايرىلىپ مۇشرىكلارنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ بېرىۋىدى، مۇشرىك تەرەپ: «مانا ئەمدى بىز بىلەن تەڭ تۇرالايدىغانلار چىقتى» دېيىشتى - دە، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە تۇتۇشۇپ كەتتى. ئەبۇ ئۇبەيدە (ئۇ ھەممىدىن يېشقەدەم ياشانغان كىشى ئىدى) ئۇتبە ئىبنى رەبىئە بىلەن، ھەمزە شەيبە بىلەن، ئەلى ۋەلىد بىلەن تۇتۇشتى. ھەمزە بىلەن ئەلى ئۆز رەقىبلىرىگە پۇرسەت بەرمەيلا، قىلىچ ئۇرۇپ بىردەمدىلا ئۇلارنى يەر چىشلەتتى. ئەمما ئۇبەيدە رەقىبى ئۇتبە بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ ھالسىزلىنىپ كەتتى. شۇڭا ھەمزە بىلەن ئەلى ئۇتبەگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى. ئاندىن ئۇبەيدەنى كۆتۈرۈپ مەيداندىن قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ بىر پۇتى ئۈزۈۋېتىلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ يارىدار ھالىتىدە جان ئۈزدى.

## ئىككى تەرەپنىڭ گىرەلەشمە جەڭگە كىرىشى

مۇشرىكلار كەڭ كۆلەمدە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا يېقىنلاپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنغا ئاتلىنىش بۇيرۇقى بېرىپ: «كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنىدەك كېلىدىغان جەننەتكە ئاتلىنىڭلار!» دېدى.

## تۇنجى شېھىد

ئۇمەير ئىبنى ھۇمامىل ئەنسارى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنىدەك كېلەمدۇ؟

- دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ـ شۇنداق، ـ دېۋىدى، ئۇ:

ـ ئەجەب ياخشى، ئەجەب ياخشى» دەپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ:

ـ نېمىگە بۇنداق دەيسەن؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇمەير:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئاشۇ جەننەت ئەھلىدىن بولارمەنمىكىن دەپ شۇنداق دېدىم، ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ:

ـ سەن چوقۇم جەننەت ئەھلىدىن، ـ دېۋىدى، ئۇ يېنىدىكى خالتىسىدىن بىر قانچە تال خورما قېقىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. ئاندىن:

ـ ئەگەر مەن مۇشۇلار تۈگىگىچە ياشايدىغان بولسام، بۇ تولىمۇ ئۇزۇن ھايات بولۇپ كەتكۈدەك، ـ دېدى ـ دە، قولىدا ئېشىپ قالغان خورمىلارنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، گىرەلەشمە جەڭگە كىرىپ كەتتى. ئۇ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ـ ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى شېھىد بولۇپ يىقىلدى، ئۇ بەدرى ئۇرۇشىدىكى تۇنجى شېھىد ئىدى.

مۇسۇلمانلار الله يولىدا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىمۇ جەڭگە بىۋاستە قاتنىشىپ، دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشتى. بوشاشماي جەڭ قىلىشتا باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسەتتى. ئاسماندىن ياردەمچى پەرىشتىلەر چۈشۈپ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشتى.

## بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشتە بەسلىشىشى

ياشلار شېھىد بولۇپ، بەختكە ئېرىشىشتە ئۆزئارا مۇسابىقىلەشتى. مۇسابىقە يېقىن دوستلار بىلەن بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا بولدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "بەدرى كۈنى، سەپتە تۇراتتىم. شۇنداق قارىسام، ئوڭ يېنىمدا بىر، سول يېنىمدا بىر يىگىت پەيدا بولدى. گويا مەن ئۇلارغا ئىشەنمىگەندەك قاراپ قالدىم. تۇساتتىن ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن يوشۇرغاندەك قىلىپ: ئى تاغا! ماڭا ئەبۇ جەھىلنى كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئىنىم! ئۇنى نېمە قىلىسەن؟ ـ دېسەم، ئۇ: ئۇنى كۆرۈپلا قالسام، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈش يولىدا ئۆزۈم ئۆلۈشكە اللهقا ئەھدى قىلغان ئىدىم، ـ

دېدى. يەنە بىرىمۇ ھەمراھىدىن يوشۇرۇنچە ماڭا شۇ گەپنى قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ جاسارىتىگە راستلا ئەجەبلىنىپ، ئۇلارغا ئەبۇ جەھىلنى كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇلار شۇ ھامان ئېتىلىپ بېرىپ، ئەبۇ جەھىلگە قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈردى.

ئەبۇ جەھىل ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئەبۇ جەھىل مۇشۇ ئۇممەتنىڭ فىرئەۋنى» دېدى.

## ئوپئوچۇق غەلىبە

ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى، مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «اﷲ ھەقىقەتەن كاتتىدۇر، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، بەندىسىگە ياردەم بەرگەن، گورۇھلارنى يالغۇز چېكىندۇرگەن اﷲقا ھەمدۇسانا بولسۇن. بۈيۈك اﷲ ھەقىقەتەن راست ئېيتتى: ﴿اﷲ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى). اﷲنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن اﷲتىن قورقۇڭلار﴾»[①].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ جەسەتلىرىنى بەدرىدىكى بىر سېسىق قۇدۇققا تاشلاتقۇزىۋەتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ: «ئى قۇدۇققا تاشلانغانلار! رەببىڭلارنىڭ ۋەدىسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟ مەنمۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىسىنى ھەق تاپتىم» دېدى.

كاپىرلاردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، 70 كىشى ئەسىر ئېلىندى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا مۇھاجىرلاردىن ئالتە، ئەنسارلاردىن سەككىز بولۇپ، جەمئى 14 كىشى شېھىد بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرنى ساھابىلىرى ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلدى ھەمدە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

---

① سۈرە ئال ئىمران، 122 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

## بەدرى ئۇرۇشدىن كېيىن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى. مەدىنە ۋە ئەتراپىدىكى دۇشمەن كۈچلەر قورقۇشقا باشلىدى. كۆپلىگەن مەدىنىلىكلەر مۇسۇلمان بولدى. مەككە مۇشرىكلىرى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلىرى ئۈچۈن يىغا - زارە قىلىشىپ، قايغۇ - ھەسرەتكە پاتتى. دۇشمەنلەرنىڭ يۈرىكىنى قورقۇنچ باستى.

## ئەسىرلەرنىڭ مۇسۇلمان باللارغا خەت ئۆگىتىپ قويۇشى بەدىلىگە قويۇپ بېرىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرنى قويۇپ بەردى. تۆلەم تۆلەشكە قۇربى يېتىدىغانلاردىن تۆلەم (فىدىيە) ئالدى، قۇربى يەتمەيدىغانلار كەچۈرۈم قىلىندى. بىر قىسىم ئەسىرلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كېلىپ، تۆلەم تۆلەپ ئۇلارنى ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزدى. ئەسىرلەر ئىچىدىكى ساۋاتلىقلاردىن ھەر بىرىگە ئون نەپەر مۇسۇلمان ئۆسمۈرنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنىڭ شەرتى قىلىپ بەلگىلەندى. زەيد ئىبنى سابىت مۇشۇ يول بىلەن ساۋادىنى چىقارغانلارنىڭ بىرى ئىدى.

بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلارنىڭ بىشى بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىنى بۇزۇپ، رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلدى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى 15 كېچە - كۈندۈز مۇھاسىرىگە ئالدى. ئاخىرى ئۇلار يۇۋاشلاپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەھۇدىيلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى، مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئارىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى تىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەسمىي ئۇرۇش قىلالايدىغانلارنىڭ سانى 700 نەپەر بولۇپ، ئۇلار قۇيمىچىلىق، زەرگەرچىلىك، ھۈنەر - كەسىپ ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى.

## ئۇھۇد غازىتى

جاھىلىيەت قىزغىنلىقى ۋە قىساس ئېلىش

قۇرەيشلەر بەدرى ئۇرۇشىدا ئېغىر تالاپەت يەپ، ئېچىنىشلىق مەغلۇب بولۇپ، مەككىگە قايتقاندىن بېرى ئېچىنى بىر نەرسە تاتىلاپ، قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك بىر يەردە جىم تۇرالماي قالدى. بەدرى ئۇرۇشىدا ئاتىلىرىدىن، ئوغۇللىرىدىن ۋە قېرىنداشلىرىن ئايرىلىپ قالغان مۇشرىكلار ئەبۇ سۇفيان بىلەن سۆزلىشىپ، ئاشۇ كارۋاندىكى ماللىرىنى مۇسۇلمانلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشقا سەرپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن توپلاندى. شائىرلار شېئىر ئوقۇپ، كىشىلەرنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ غەيرەت - جاسارىتىنى قوزغىدى.

قۇرەيشلەر ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى يىلى شەۋۋالنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرەيش ئوغلانلىرى ۋە ئىتتىپاقداش قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇننى باشلاپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى. قۇرەيش كاتتىباشلىرى خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇلار يول يۈرۈپ، مەدىنىگە يېقىن بىر جايغا كېلىپ بارگاھ قۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇرۇشقا نىسبەتەن مۇسۇلمانلار مەدىنىنىڭ ئىچىدە مۇداپىئەدە تۇرۇش، مۇشرىكلار مەدىنىگە باستۇرۇپ كىرمىگىچە، مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولدى. ئويلىمىغان يەردىن مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، بەدرى ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغان بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەزىمەتلەر: ”ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىزنى دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىققىن، ئۇلار بىزنىڭ قورقۇنچاق ۋە ئاجىز ئەمەسلىكىمىزنى كۆرۈپ قويسۇن“ دېيىشتى.

ئۇلار رەسۇلۇللاھقا شۇنداق دەۋەرگەچكە، رەسۇلۇللاھ ئۆيىگە كىرىپ جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ چىقتى. ئۇرۇش قىلىش تەكلىۋىنى بەرگەنلەر پۇشايمان قىلىپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ئىش قىلغىن، بىزنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق دېيىشكە ھەققىمىز يوق، ئەگەر خالىساڭ چىقمىساقمۇ مەيلى“ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەيغەمبەر جەڭ كىيىمىنى كىيگەندىن كېيىن، ئۇرۇش قىلمىغۇچە ئۇنى سېلىۋېتىشكە بولمايدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 1000 نەپەر ساھابىنى ئەگەشتۈرۈپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلار مەدىنە بىلەن ئۇھۇد ئارىلىقىدىكى «شەۋت» دېگەن جايغا

كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. ئاسىيلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشى ئارقىلىق قوشۇننىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماقچى بولدى.

## ئۇھۇد مەيداندا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى ئەگەشتۈرۈپ مەدىنىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئۇھۇد تېغىنىڭ يېنىدىكى بىر جىلغىغا چۈشتى. ئاندىن ئۇ ئۇھۇد تېغىنىڭ باغرىدا تۇرۇپ ئەسكەرلەرگە: «بىز ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقى بەرمىگىچە ئاراڭلاردىن ھېچكىمنىڭ ئۇرۇشقا ئاتلىنىشىغا بولمايدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ 700 نەپەر قوشۇن بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلاندى. 50 كىشىلىك ئوقياچىلار ئەترىتىگە ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنى قوماندان قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى تاپىلىدى: «ئاتلىق دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئارقىمىزدىن باستۇرۇپ كەلمەسلىكى ئۈچۈن بىزنى ئوقيا بىلەن مۇداپىئە قىلغىن. بىز مەيلى غەلىبە قىلايلى ياكى مەغلۇب بولايلى ئوقياچىلارنىڭ ئۆز ئورنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلىشىغا قەتئىي بولمايدۇ. سىلەر قۇشلارنىڭ قوشۇندىكىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى چوقۇلاۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭلارمۇ ئۆز ئورنۇڭلاردىن قەتئىي ئايرىلماڭلار». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساۋۇتنى قوشلاپ كىيىپ، بايراقنى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرگە تۇتقۇزۇپ جەڭگە ھازىرلاندى.

## تەڭ دېمەتلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇسابىقە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد كۈنى بىر تۈركۈم باللارنى يېشى كىچىك دەپ قاراپ جەڭدىن قايتۇرۇۋەتتى. شۇ قاتاردا 15 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى سەمرە ئىبنى جۇندەب بىلەن رافىئ ئىبنى خەدىجنى قايتۇرۇۋەتكەن ئىدى. رافىئنىڭ ئاتىسى ئوغلى ئۈچۈن ئارىغا چۈشۈپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئوغلۇم ئۇستا مەرگەن“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ جەڭگە قاتنىشىشىغا ئىجازەت بەردى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولغان سەمرە ئىبنى جۇندەب قايتۇرۇۋېتىلگەن يېرىدىن كېلىپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! سەن رافىئنى ئېلىپ قېلىپ، مېنى

قايتۇرۇۋەتتىڭ. ئەگەر ئىككىمىزنى چېلىشىشقا سالغان بولساڭ، ئەلۋەتتە مەن ئۇنى يېڭىۋالاتتىم“ دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئىككى بالىنى چېلىشتۇرۇۋىدى، راست دېگەندەك سەمرە ئىبنى جۇندەب رافىئىنى يېڭىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغىمۇ ئىجازەت بېرىلدى. ئۇھۇد كۈنى جەڭگە قاتنىشىپ مۇشرىكلار بىلەن جەڭ قىلدى.

## ئۆرۈش

ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە دېۋىلەپ كېلىپ، بارا - بارا يېقىنلاشتى - دە، گىرەلەشمە جەڭگە كىرىپ كەتتى. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالى ھىند بىنتى ئۇتبە ئاياللار ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئاياللار جەڭ سەپلىرىنى ئارىلاپ، داپ چېلىپ، غەزەل ئېيتىپ، ئەرلەرنى جەڭگە قىزىقتۇراتتى. كىشىلەر ئۆرۈش قاينىمىغا غەرق بولدى. ئۆرۈش ئوتى قىزىپ كەتتى.

ئەبۇ دۇجانە رەسۇلۇللاھنىڭ قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشقا ئىرادە باغلىغان ھالدا جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئالدىغا كەلگەنلا مۇشرىكنى ئۆلتۈرۈپ، مۇشرىكلارنىڭ سېپىنى پاتپاراق قىلىۋەتتى.

ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب تولۇپ تاشقان غەيرەت ۋە جاسارەت بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلدى. ئۇ مۇشرىكلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سەركەردىلىرىدىن بىر قانچىنى ئۆلتۈرۈپ، دۇشمەننىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى. دەل شۇ پەيتتە، بىر قارا قول ئۇنىڭغا قاراپ سوزۇلماقتا ئىدى. ۋەھشى ئىبنى ھەرب ئەسلىدە جۇبەير ئىبنى مۇتئىمنىڭ قۇلى بولۇپ، جۇبەيرنىڭ تاغىسى تۇئەيمە بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋەھشىگە: ”ئەگەر مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ تاغىسى ھەمزەنى ئۆلتۈرۈپ، تاغىسى تۇئەيمەنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرەلىسەڭ، سېنى ئازات قىلىۋېتىمەن“ دېگەن ئىدى. ۋەھشى نەيزىۋازلىق ماھارىتى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭ نەيزىسى نەخ تېگەتتى. شۇڭا ئۇ ھەمزەنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىدە جەڭ سەپلىرىنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالى ھىندمۇ ئۇنى ھەمزەنى ئۆلتۈرۈشكە قىزىقتۇراتتى. ۋەھشى نەيزىنى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاتتى. نەيزە ھەمزەنىڭ سۆڭگىچىدىن كىرىپ، ئۇچى ئالدى

تەرىپىدىن چىقىپ قالدى. ھەمزە شېھىد بولۇپ يىقىلدى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاخىرى شېھىد بولدى. مۇسۇلمانلار ئېغىر سىناقلار بىلەن سىنالدى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى

بىر مەيدان كەسكىن جەڭدىن كېيىن، الله مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلدى ۋە ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەردى. مۇشرىكلار جان قايغۇسىغا چۈشتى. مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇب بولۇشى مۇقەررەرلىشىپ قالدى. ھىند بىنتى ئۇتبە باشچىلىقىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى كىيىملىرىنى شىمايلاپ ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي قاچتى.

## غەلىبىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مەغلۇبىيەتكە ئۆزگىرىشى

مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇب بولۇپ چېكىنگەنلىكىنى، ھېچنىمىگە قارىماي قېچىپ، ئاياللارنىڭ قېشىغا بېرىپ توختىغانلىقىنى كۆرگەن ئوقياچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ تولۇق غەلىبە قىلغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، بىردىنلا ئارقا سەپ مۇداپىئەسىنى بوشاشتۇرۇپ قويىدى. ئۇلار دۈشمەنلەر تاشلاپ قاچقان غەنىمەتلەرنى تېرىۋالغىلى كېتىشتى. ئوقياچىلارنىڭ قوماندانى ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆز ئورنىدىن ئايرىلماسلىق» بۇيرۇقىنى ئەسلەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار: ”مۇشرىكلار ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ“ دەپ ئويلاپ بۇيرۇققا قۇلاق سالمىدى. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن يوچۇق ئېچىلىپ، مۇشرىكلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئاشۇ يوچۇقتىن ھۇجۇم قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان بايرىقى يىقىلىپ قېچىپ كەتكەن مۇشرىكلار كۆپ سانلىق ئوقياچىلارنىڭ غەنىمەت تېرىشكە كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئارقىغا قايتىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى.

مۇشرىكلاردىن بىرى: ”قۇلاق سېلىڭلار! مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى“ دەپ چۇقان سالدى. بۇنى ئاڭلاپ مۇسۇلمانلار ئارقىغا چېكىندى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن مۇشرىكلار قايتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. مانا بۇ مۇسىبەت ۋە

پاكلاش كۈنى بولدى. دۈشمەنلەر رەسۇلۇللاھ تەرەپكە يوپۇرلۇپ كەلدى. ئۇتبە ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەسۇلۇللاھقا تاش ئېتىپ، ئۇنى يىقىتىۋەتتى ۋە ئاستىنقى ئۇدۇل چىشىنى سۇندۇرۇۋەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ بېشى، ئېڭىكى ۋە پېشانىسى يېرىلدى. رەسۇلۇللاھ يۈزىدىن ئېقىۋاتقان قاننى سۈرتكىنىچە: «پەيغەمبىرىنىڭ باش ـ كۆزىنى قانغا بويىغان ۋە چىشىنى چاققان قەۋم قانداقمۇ نىجات تاپسۇن؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئۇلارنى نىجاتلىققا چاقىرىۋاتسا...» دېيتتى.

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى تۇتتى. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئۇنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن تۇرغۇزدى. مالىك ئىبنى سىنان رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىدىكى قاننى شۈراپ يۇتۇۋەتتى.

دۈشمەنلەرنىڭ ھېچنىمىگە قارىماي قېچىشى ئەمەلىيەتتە قېچىش بولماستىن، بەلكى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش پۇرسىتىنى يارىتىش ئۈچۈن چېكىنىش بولدى.

مۇسۇلمانلارغا يەتكەن مۇسىبەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەر، ئۇلار تارتقان زىيان ۋە مەغلۇبىيەتلەر، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى، پەيغەمبەر ۋە دىنىنىڭ ياردەمچىسى بولغان كىشىلەرنىڭ شېھىد قىلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوقياچىلارنىڭ ئېغىر خاتالىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرنىڭ «ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە ئۆز ئورنىدىن ئايرىلماسلىق بۇيرىقى»غا خىلاپلىق قىلغانلىقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ئىدى.

ﷲنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بۇنىڭ يېتەرلىك پاكىتىدۇر: ﴿ﷲ سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى؛ ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، ﷲ سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن ﷲ سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى

ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. اﷲ مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾[1].

## مۇھەببەت ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىشنىڭ تەڭداشسىز نەمۇنىلىرى

مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئېتىلغان بىر تاش رەسۇلۇللاھنىڭ مەڭزىگە قاتتىق تەگكەچكە، ئۇنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىنىڭ ئىككى پارچە ھالقا تۆمۈرى مەڭزىگە پېتىپ كەتكەن ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەسۇلۇللاھنىڭ جاراھىتىنى ئاغرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېغىزىنى رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەكىلىپ، ھېلىقى تۆمۈر پارچىلىرىنىڭ بىرىنى ئاۋايلاپ چىشلەپ تارتىپ ئالدى، لېكىن ئۆزىنىڭ بىر تال چىشى سۇنۇپ كەتتى. يەنە بىر تۆمۈر پارچىسىنىمۇ ئېلىپ بولغىچە، يەنە بىر چىشى سۇندى.

ئەبۇ دۇجانە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ دۈمبىسىنى قالقان قىلىپ، رەسۇلۇللاھنى دۈشمەنىنىڭ ئوقىدىن قوغدىدى. ئوق ئۇنىڭ ئۈستى ـ باشلىرىغا يامغۇردەك يېغىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ مىدىرلىماي چىڭ تۇردى.

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس مۇشرىكلارغا ئۇزۇلدۇرمەي ئوق ياغدۇرۇپ، ئاخىرى ئۇلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدىن چېكىندۇردى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئالدىغا ئوقيانى تاشلاپ بېرىپ: «ئاتە سەئىد! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!» دېدى.

قەتادە ئىبنى نۇئماننىڭ بىر كۆزى يارىلىنىپ، كۆزىنىڭ گۆھىرى سىرتىغا پولتىيىپ چىقىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ كۆزنى ئورنىغا سېلىپ قويۇۋېدى، ئۇنىڭ كۆزى ئەڭ چىرايلىق ھەم روشەن كۆرىدىغان كۆز بولۇپ قالدى.

مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە باستۇرۇپ كەلدى. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، ئۆزى يالغۇز ئون بىر ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ ھەممىنى بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈردى. ئۇ رەسۇلۇللاھنى قوغداش ئۈچۈن قولىنى قالقان قىلىۋىدى، ئۇنىڭ قولى يارىلىنىپ، بارماقلىرى كېسىۋېتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يەردىكى بىر قۇرام

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 152 ـ ئايەت.

تاشـنـىڭ ئۈسـتـىگە چىقماقچى بولـۇپ، يـارىلـىنىش ۋە ئاجىزلىشىش سەۋەبىدىن چىقالمىغانـدا، تەلـھە رەسـۇلۇللاھقا پەلەمـپەي بولـۇپ بەردى. رەسۇلۇللاھ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇدى.

مۇسـۇلمانلار ئىچىـدە چېكىـنمەي ئـۇرۇش قىلغانلارنىـڭ بىـرى ئەنەس ئىبنـى مالىكنىـڭ تاغىسـى ئەنەس ئىبنـى نەزر ئىـدى. مۇسـۇلمانلارنىڭ ئىرادىسى سـۇنۇپ، چېكىنىشكە باشلىغاندا، ئـۇ قەتئـى چېكىـنمەي ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭغا سەئىد ئىبنى مۇئاز ئۇچراپ:

– ئى ئەبۇ ئەمر! نەگە ماڭدىڭ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

– ئۇھـۇد تېغى تەرىپىـدىن جەننەتنىـڭ پـۇراقلىرىنى ئىلـۋاتىمەن، - دېگىنىچە ئىلگىرىلەپ كەتتى.

ئەنەس ئىبنى نەزر بىـر تۈركـۇم مۇھـاجىر ۋە ئەنسـارلارنىڭ قېشـىغا كېلىپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ قورالسىز بىچارە ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

– نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ - دەپ سورىدى، ئۇلار:

– رەسۇلۇللاھ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، - دېدى. ئۇ:

– رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ھايات قېلىپ نېمە قىلىسىلەر؟ تـۇرۇڭلار، رەسـۇلۇللاھ ئـۆلگەن يولـدا سـىلەرمۇ ئۆلـۈڭلار! ـــ دېـدى - دە، باسـتۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى شېھىد بولدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ 80 نەچچە يېرىنىـڭ زەخىملەنگەنلىكىنـى كـۆردۇق. ئـۇنى ھـېچكىم تونۇيالماي، ئـاخىرى ھەمشىرىسـى ئۇنىـڭ بارمىقىـدىكى بىـر بەلگىسـىدىن تونۇدى».

زىيـاد ئىبنـى سـەكەن بەش نەپەر ئەنسـارى يىگىتـى بىـلەن بىـرلىكتە مۇشرىكلارغا قارشى جەڭ قىلىپ، رەسـۇلۇللاھنى قوغدىدى. ئـۇ توختىماي ئۇرۇشـۇپ، بـاتۇرلۇق بىـلەن جەڭ قىلىـپ ئـاخىرى يىقىلـدى. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام: «ئـۇنى مېنىـڭ قېشـىمغا ئېلىـپ كېلىڭلار» دېدى. ئـۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئۆز پـۇتىنى ياسـتۇق قىلىـپ بەردى. ئـۇ مەڭزىنـى رەسـۇلۇللاھنىڭ پـۇتى ئۈسـتىدە قويغىنىچە جان ئۈزدى.

ئەمر ئىبنى جەمۇھنىڭ پۇتى توكـۇر ئىـدى. ئۇنىـڭ تـۆت ئـوغلى بولـۇپ، ئـۇلار رەسـۇلۇللاھ بىـلەن بىللـە ئـۇرۇش قىلاتتـى. ئـۇلار ئۇھـۇد جـېڭىگە ئاتلىنىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، ئاتىسـى ئەمـر ئىبنـى جەمۇھمۇ ئـۇلار بىـلەن

بىللە چىقماقچى بولۇۋېدى، باللىرى ئۇنىڭغا: ”اللە سېنىڭ جەڭگە چىقماسلىقىڭغا رۇخسەت قىلدى، بىز چىققاندىن كېيىن سەن چىقمىساڭمۇ بولىدۇ، اللە سەندىن بۇ مەجبۇرىيەتنى كۆتۈرۈۋەتتى“ دېدى.

ئەمر ئىبنى جەمۇھ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ” ئوغۇللىرىم مېنى سەن بىلەن بىللە جەڭ قىلىشتىن توستى. اللە بىلەن قەسەمكى، مەن شېھىد بولۇشنى، مۇشۇ توكۇر پۇتۇم بىلەن جەننەتكە قەدەم بېسىشنى ئارزۇ قىلاتتىم“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «اللە سەندىن جەڭ قىلىش مەجبۇرىيىتىنى كۆتۈرۈۋەتتى» دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا: «سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا يول قويمايسىلەر؟ اللە ئۇنىڭغا شېھىدلىكنى ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە چىقىپ، ئۇھۇد كۈنى شېھىد بولدى.

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ مېنى سەئىد ئىبنى رەبىئىنى ئىزدەشكە ئەۋەتتى ۋە: «ئۇنى كۆرسەڭ مەندىن سالام دېگىن ھەمدە ئۇنىڭغا: ”رەسۇلۇللاھ سەندىن ئۆزۈڭنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسەن؟“ دەپ سورىدى، ـ دېگىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن جەسەتلەر ئارىسىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇنى تاپتىم. ۋەھالەنكى، ئۇ ئاخىرقى نەپەسكە چۈشۈپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ بەدىنىدە نەيزە ئۇرۇلغان، قىلىچ كەسكەن ۋە ئوق تەگكەن جاراھەت بولۇپ، بەدىنىنىڭ 70 نەچچە يېرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە يارىلانغانىكەن. ئۇنىڭغا: ”ئى سەئىد! رەسۇلۇللاھ ساڭا سالام يوللىدى ۋە ئەھۋالىڭنىڭ قانداقراق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىڭنى دېدى“ دېدىم. سەئىد ناھايىتى تۆۋەن ئاۋاز بىلەن: ”رەسۇلۇللاھقىمۇ سالام بولسۇن، ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىنكى، مەن جەننەتنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، قەۋمىم ئەنسارلارغا يەتكۈزۈپ قويغىنكى، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار مىدىرلاپلا تۇرىدىكەن، رەسۇلۇللاھ بىرەر پىشكەللىككە يولۇقۇپ قالسا، قىيامەت كۈنى اللەنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭلارنى ئاقلاشقا يۈزۈڭلار قالمايدۇ» دېدى ـ دە، شۇ ھامان جان ئۈزدى.

شۇ كۈنى، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش اللەقا دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدى: ”ئى اللە! سەندىن شۇنى ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى، ئەتە دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقايمەن، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈپ، ئىچ ـ باغرىمنى يېرىپ، قۇلاق ـ بۇرنۇمنى كېسىپ تاشلىغاي. سەن مەندىن: ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىغايسەن. مەن: سېنىڭ يولۇڭدا مۇشۇنداق بولدۇم، ـ دەپ جاۋاب بەرگەيمەن“.

## مۇسۇلمانلارنىڭ مەركىزى نۇقتىغا قايتىشى

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قايتىدىن جانلىنىپ، ھەممىسى تېز سۈرئەتتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. ئۇبەي ئىبنى خەلەف رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ: "ئى مۇھەممەد! بۈگۈن يا سەن ئۆلىسەن ياكى مەن" دەپ قاتتىق ئەزۋەيلەپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار» دېدى. ئۇبەي ئىبنى خەلەف رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىدىن بىرىنىڭ نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بوينىغا نەيزىنى سانجىۋېدى، ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ نەچچە دومىلاپ چۈشتى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالقىنىغا سۇ توشقۇزۇپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىدىكى قاننى يۇدى. ئەلى قالقاندىكى سۇنى قويۇپ بەردى، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىدىكى قاننى قولى بىلەن سىلاپ يۇدى. بىراق، قاننى سۇ بىلەن يۇغانسېرى قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، پاتىمە بىر بورا پارچىسىنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈلىنى قان چىقىۋاتقان جايغا چاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن، قان توختىدى.

ئائىشە بىنتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۇممۇ سۇلەيم ئىككىسى تۇلۇمدا سۇ ئەكىلىپ، ياردارلارنىڭ ئېغىزلىرىغا سۇ تېمىتتى. ئۇلار سۇ توشقۇزۇلغان تۇلۇمنى ئۆشنىسىدە يۈدۈپ كۆتۈرەتتى. سۇنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا قۇياتتى، تۇلۇمنى بىكارلاپ، يەنە سۇ ئېلىپ كېلىشكە ماڭاتتى. ئۇممۇ سۇلەيت ئۇلارنىڭ تۇلۇملىرىغا سۇ قاچىلاپ بېرەتتى.

ھىند بىنتى ئۇتبە باشلىچىقىدىكى ئاياللار جەڭ مەيدانلىرىنى ئارىلاپ، شېھىدلەرنىڭ قۇلاق، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالىرىنى كېسەتتى. ئۇ ھەمزىنىڭ جەسىتىنى يېرىپ، يۈرىكىنى چىقىرىپ چاينىدى. بىراق، يۇتالماي تۈكۈرۈۋەتتى.

ئەبۇ سۇفيان قايتىش ئالدىدا تاغ ئۈستىگە چىقىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: "ئۇرۇش دېگەن مانا شۇ، غەلىبە بىر كۈن ساڭا، بىر كۈن ماڭا...، ھۇبەل كاتتىدۇر!" دەپ توۋلىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئى ئۆمەر! قوپ، ئۇنىڭغا: "الله ئۇلۇغ ۋە كاتتىدۇر، ئەھۋال سەن ئېيتقاندەك ئەمەس، بىزنىڭ ئۆلۈكلىرىمىز جەننەتتە، سىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىڭلار دوزاختا" دېگىن» دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

”بىزگە لات ۋە ئۇززا مەدەتكار، بىراق، سىلەرگە ئۇنداق ئەمەس“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىڭلار» دېدى. ساھابىلار: ”نېمە دەيمىز؟“ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ: «”ﷲ بىزنىڭ ئىگىمىز، سىلەرنىڭ ئۇنداق ئىگەڭلار يوق“ دەڭلار» دېدى.

ئەبۇ سۇفيان قايتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلارغا: «كېلەر يىلى بەدرىدە ئۇچرىشايلى» دەپ توۋلىدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىدىن بىرىگە: «”بولىدۇ، بۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋەدە بولسۇن“ دېگىن» دېدى.

مۇسۇلمانلار شېھىدلەرنىڭ قېشىغا قايتتى. رەسۇلۇللاھ ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاتتىق قايغۇردى. چۈنكى، ھەمزە رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى، ئېمىلدەش قېرىندىشى ۋە رەسۇلۇللاھنى قوغداش يولىدا ئۇرۇش قىلغۇچى ئىدى.

## مۇئمىن ئايالنىڭ سەۋرچانلىقى

سەفىييە بىنتى ئابدۇلمۇتەللىب ھەمزەنىڭ جەسىدىنى كۆرگىلى كەلدى. چۈنكى، ھەمزە ئۇنىڭ ئانا ۋە ئاتا بىر قېرىندىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ ئوغلى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامغا: «ئاناڭغا ئېيتقىن، ئۇ قېرىندىشىنى كۆرمەي قايتىپ كەتسۇن» دېدى. زۇبەير ئانىسىغا: ”ئى ئانا! پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سېنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرىدى“ دېدى. سەفىييە بىنتى ئابدۇلمۇتەللىب: ”نېمىشقا؟ مەن قېرىندىشىمنىڭ ئەزالىرىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ﷲ يولىدا بولدى. ئىنشائاللاھ، مەن ئەلۋەتتە ساۋاب ئۈمىد قىلىمەن ۋە سەۋر قىلىمەن“ دېدى ۋە بېرىپ ھەمزەنىڭ جەسىتىگە قارىدى، دۇئا قىلدى، ئۇنىڭغا ﷲتىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرى بويىچە دەپنە قىلىندى.

## مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ۋە ئۇھۇدنىڭ شېھىدلىرى قانداق دەپنە قىلىندى؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايراقچىسى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ئىسلامدىن ئىلگىرى راھەت - پاراغەت تۇرمۇشتا ياشىغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا بىر دانە تون كېپەنلىك قىلىندى. توننىڭ قىسقىلىقىدىن ئۇنىڭ بېشىنى ياپسا پۇتى، پۇتىنى ياپسا بېشى ئېچىلىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ بېشىنى تون بىلەن يېپىپ، پۇتىنى قۇمۇش بىلەن يۆگەڭلار» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇدنىڭ شېھىدلىرىدىن ئىككى ئادەمنى بىر كېيىمدە كېپەنلەپ يەرلىككە قويدى. ئاندىن: «ئۇلارنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپرەك ياد بىلەتتى؟» دەپ سورىدى، ئەتراپتىكىلەر: ”ماۋۇ“ دەپ كۆرسەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى لەھەدكە بالدۇر ئېلىپ كىردى ۋە: «مەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى بولىمەن» دېدى. ئۇلارنى قانلىرى بىلەن دەپنە قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇلارغا ناماز ئوقۇلمىدى ۋە يۇيۇلمىدى.

## ئاياللارنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئۇستۇن بىلىشى

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار بەنى دىنار قەبىلىسىدىكى بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئېرى، قېرىندىشى ۋە ئاتىسى جەڭدە شېھىد بولغان ئىدى. ئۇ ئايالغا ئۇلارنىڭ شېھىد بولغانلىقى يەتكۈزۈلدى. ئۇ ئايال: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداقراق؟“ دەپ سورىدى. ساھابىلار: ”سەن ئۈمىد قىلغاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى ياخشى“ دېيىشتى، ئۇ ئايال: ”ماڭا رەسۇلۇللاھنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار، مەن ئۇنىڭغا قاراپ باقاي“ دېدى. ساھابىلار رەسۇلۇللاھنى كۆرسىتىپ قويۇۋىدى، ئۇ ئايال: ”رەسۇلۇللاھ ئامان بولسىلا، باشقا ھەر قانداق مۇسىبەتنىڭ كارايىتى چاغلىق“ دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا ياردەم بېرىشتە جان پىدالىق كۆرسىتىشى

مۇشرىكلار ئۆزئارا تاپا ـ تەنە قىلىشىپ، بىر ـ بىرىگە: ”بۇ سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار؟ مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى مەغلۇب قىلىپسىلەر ـ يۇ، بىراق، ئۇلارنى تولۇق يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋەتمەپسىلەر“ دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەرەپلەرنى ئالدىنقاچان ئويلاپ يەتكەچكە، دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرىدى. ۋەھالەنكى، مۇسۇلمانلار جاراھەت ۋە يارىلىرى بىلەن ھالسىزلانغان ئىدى. جەڭدىن قايتقان كۈننىڭ ئەتىسى (يەكشەنبە كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىسى كىشىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ: «دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئاتلىنىش بۇيرىقى»نى يەتكۈزدى ھەمدە ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشمىغان كىشىلەرنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن چىقىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلاردىن بىرىمۇ ئايرىلىپ قالماي، رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە چىقتى. ئۇلار مەدىنىدىن سەككىز مىل يىراقلىقتىكى ”ھەمرائۇل ئەسەد“ دېگەن جايغىچە دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ، شۇ يەردە دۈشەنبە، سەيشەنبە ۋە چارشەنبە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كەتتى.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلاردىن 70 كىشى شېھىد قىلىندى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەنسارلاردىن ئىدى. مۇشرىكلاردىن بولسا، 22 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى.

## ئەك سۆيۈملۈك جان

ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئەزل ۋە قارە قەبىلىسى رەسۇلۇللاھتىن ئۆزلىرىگە دىنىدىن تەلىم بېرىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن بىر قانچە كىشىنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئاسىم ئىبنى سابىت، خۇبەيب ئىبنى ئەدىي، زەيد ئىبنى دەسىنە قاتارلىق ئالتە



www.uyghurkitap.com

ساھابىنى ئۇلار بىلەن بىللە ئەۋەتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئالداپ، كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

زەيدنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرەمنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. قۇرەيشلەردىن بىر توپ كىشى جۇغلاشتى. ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭغا:

— ئى زەيد! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سەندىن سورايمەنكى، سەن ئائىلەڭدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، سېنىڭ ھازىرقى ئورنۇڭدا مۇھەممەدنىڭ بولۇشىنى خالامسەن؟ - دېدى. زەيد:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئائىلەمدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ مېنىڭ ئورنۇمدا بولۇشىنى ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭغا بىر تال تىكەننىڭ سانچىلىشىنىمۇ خالىمايمەن، - دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

— مەن ئىنسانلار ئىچىدە ھېچ بىر كىشىنى مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرى ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەنلىكىنى كۆرمىدىم، - دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، زەيد ئۆلتۈرۈلدى.

مۇشرىكلار خۇبەيبنى دارغا ئېسىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدى. خۇبەيب ئۇلارغا:

— ئەگەر قوشۇلساڭلار، مەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالسام، - دېدى. مۇشرىكلار ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋېلىشىغا قوشۇلدى. خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئۇ نامازنى مۇكەممەل ۋە چىرايلىق ئادا قىلدى. ئاندىن ئۇلارغا قاراپ:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مېنى ”ئۆلۈمدىن قورقتى“ دېمەيدىغان بولساڭلار، نامازنى تېخىمۇ ئۇزۇن ئوقۇغان بولاتتىم، - دېدى ۋە تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇدى:

پەقەت ئىمان بىلەن ئۆلسەم بولدى، يوقكى پەرۋايىم،
شېھىد بولۇپ يىقىلسام، سول تەرەپ ياكى ئوڭ ياندىن.
ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلدۈم، ئەگەر ئۇ خالىسا شەكسىز،
ئورۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغۇ - رىزۋاندىن.

## مەئۇنە قۇدۇقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئامىر ئىبنى مالىكنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن بىر تۈركۈم ساھابىلارنى ئامىرنىڭ قەبىلىسىدىكىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت

قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلار ئىچىدىن تاللانغان 70 نەپەر كىشى ئىدى. ئۇلار مېڭىپ «مەئۇنە قۇدۇقى» دېگەن جايغا كەلگەندە، ئەسىييە، رەئىل، زەكۋان ئايماقلىرىدىن تەركىب تاپقان بەنى سۇلەيم قەبىلىسى باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى قونالغۇسىدىلا قورشىۋالدى. مۇسۇلمانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا 70 نەپەر مۇسۇلماننىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. پەقەت كەئب ئىبنى زەيدلا ئۇلارنى ئارىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى. ئۇ «خەندەك غازىتى»غىچە ياشاپ، شۇ چاغدا شېھىد قىلىندى.

### ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ سۆزى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولدى

مۇشۇ قوشۇندا ھەرام ئىبنى مەلھان ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئۇنى جەببار ئىبنى سەلما ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ھەرامنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقان بىر ئېغىز سۆزى جەببارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولدى. ھەرام ئىبنى مەلھان دىنغا ئۆزىنى ئاتىغان كىشى بولۇپ، جەببار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ”مېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇمغا سەۋەب بولغىنى شۇكى، شۇ كۈنى مەن قوشۇندىكىلەردىن بىر ئادەمنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تاغىقىغا نەيزە سانجىدىم. قارىسام نەيزىنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ ھالەتتە: ‹كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، مەن ئېرىشتىم› دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم - دە، كۆڭلۈمدە: ‹ئۇ نېمىگە ئېرىشكەندۇ؟ ئۇنى ئۆلتۈرەلمەي قالدىممۇ - يا؟› دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، باشقىلاردىن ئۇ سۆز توغرۇلۇق سورىۋىدىم، ئۇلار ماڭا: ‹شېھىدلىككە ئېرىشتى› دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن: ‹الله بىلەن قەسەم، ئۇ راست ئېرىشىپتۇ› دېدىم. ئۇنىڭ شۇ سۆزى مېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇمغا سەۋەب بولدى“.

### بەنى نەزىرنى سۈرگۈن قىلىش

بەنى نەزىر چوڭ يەھۇدىي قەبىلىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى ئامىر قەبىلىسىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى ئادەمنىڭ خۇنى ئۈچۈن تۆلەم (دىيەت) تەلەپ قىلىپ، بەنى نەزىر قەبىلىسىگە چىقتى. بەنى نەزىر

قەبىلىسى بىلەن بەنى ئامىر قەبىلىسى قەسەم ئىچىپ دوستلاشقان ئىتتىپاقداش قەبىلە بولۇپ، بەنى نەزىر دوستلۇقنى بۇزۇپ، بەنى ئامىرنىڭ ئىككى ئادىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئۇلار تاشقى جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناھايىتى سىپايە مۇئامىلە قىلىپ، ياخشى ۋەدىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئىچكى جەھەتتە سۇيىقەست قىلىشنى پىلانلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇلار بىر - بىرىگە: "بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ئىككىنچى قېتىم ھەرگىز تاپالمايسىلەر. ئاراڭلاردا كىم ئۆگزىگە چىقىپ، ئۇستىدىن تاش تاشلاپ، بىزنى بۇ ئادەمدىن قۇتقۇزىدۇ؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۈركۈم ساھابىلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار بار ئىدى.

الله تائالا ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغانلىرىنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلدى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قايتىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىشقا بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ قوشۇننى باشلاپ يېتىپ كەلدى. بۇ ھىجرەتنىڭ تۆتىنچى يىلى، رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئالتە كۈن مۇھاسىرىگە ئالدى. الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ تاشلىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن ئۆزلىرىنىڭ قېنىدىن كېچىپ سۈرگۈن قىلىۋېتىشنى، قورال - ياراق كۆتۈرمەي، مال - مۈلۈكلىرىدىن پەقەت تۆگىگە ئارتقىلى بولىدىغانلىرىنىلا ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ئۆتۈندى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار تۆگە كۆتۈرەلەيدىغان مال - مۈلۈكلىرىنى ئارتىپ چىقىپ كېتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قالغان مال - مۈلۈكلىرىنى دەسلەپكى مۇھاجىرلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

## زاتۇررىقا غازىتى

ھىجرەتنىڭ تۆتىنچى يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «نەجد»گە يۈرۈش قىلىپ، نەخلى دېگەن جايغا چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىققانلارنىڭ سانى ئالتە نەپەر بولۇپ، ئۇلاردا پەقەت بىرلا تۆگە بار ئىدى. ئۇلار يولنىڭ كۆپ قىسمىنى پىيادە ماڭغاچقا، پۇتلىرى ئىششىپ، تىرناقلىرى چىقىپ كەتتى. ئۇلار يول يۈرگەندە، پۇتلىرىغا لاتا يۆگىۋالغاچقا،

بۇ يۇرۇش «زاتۇررىقا» (پايتىما) غازىتى دەپ ئاتالدى.

ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولمىدى. كىشىلەر بىر - بىرىدىن قورقۇشتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سالاتۇل خەۋف» (خەۋپ نامىزى) ئوقۇدى.

## خەندەك غازىتى

ھىجرەتنىڭ بەشىنچى يىلى شەۋۋال ئېيىدا خەندەك غازىتى («ئەھزاب غازىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولدى. بۇ ھەل قىلغۇچ ۋە جاپالىق ئۇرۇش بولۇپ، مۇسۇلمانلار مىسلىسىز دەرىجىدە ئېغىر سىناقلار بىلەن سىنالدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، اللە ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. بۇ يەردە مۆئمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى﴾[1].

بۇ ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى يەنىلا يەھۇدىيلارغا بېرىپ چېتىلىدۇ. بەنى نەزىر قەبىلىسى بىلەن بەنى ۋائىل قەبىلىسىدىن بىر قانچە كىشى مەككە قۇرەيشلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا چاقىردى. مەككىلىكلەر ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇش قىلىپ باققان، ئۇرۇشنىڭ ئوتى بىلەن داغلىنىپ باققان بولغاچقا، ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ بولۇپ يالتىيىپ قالدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئەلچىلىرى بۇ ئۇرۇشنى مەككىلىكلەرگە چىرايلىق ۋە ئاسان قىلىپ كۆرسەتتى ھەمدە: ”بىز سىلەر بىلەن باشتىن - ئاخىرى بىللە بولۇپ، مۇھەممەدنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلايمىز“ دېدى. بۇ گەپ قۇرەيشلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەلچىلەرنىڭ چاقىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلاندى. ئۇنىڭدىن

[1] سۈرە ئەھزاب، 10 - ۋە 11 - ئايەتلەر.

كېيىن، ئەلچىلەر غەتەفان قەبىلىسىگە كېلىپ، ئۇلارنىمۇ ئۇرۇش قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار قەبىلىلەر ئارا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە قۇرەيشلەرنىڭ بۇنىڭغا ئاۋاز قوشقانلىقىنى ئەسكەرتتى.

ئۇلار كېلىشىم بويىچە مۇسۇلمانلارغا قارشى قوشۇن توپلىدى. دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ سانى قۇرەيشلەردىن تۆت مىڭ، غەتەفاندىن ئالتە مىڭ بولۇپ، جەمئىي ئون مىڭ كىشى ئىدى. بۇ قوشۇنغا ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب قوماندان قىلىپ بەلگىلەندى.

## ھېكمەت مۇئمىننىڭ يوقۇتۇپ قويغان نەرسىسىدۇر

مۇسۇلمانلار مەدىنىدە قوغدىنىشنى ۋە مەدىنىنى مۇداپىئە قىلىشنى قارار قىلدى. چۈنكى، مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ سانى شۇ چاغدا ئۈچ مىڭدىن ئاشمايتتى.

سەلمان فارسىي مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاش تەكلىۋىنى بېرىپ: "ئى رەسۇلۇللاھ! بىز فارس زېمىنىدا ئاتلىق قوشۇننىڭ تاجاۋۇزىدىن قورقساق، شەھەر ئەتراپىغا خەندەك كولايتتۇق" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، مەدىنىنىڭ دۈشمەن باستۇرۇپ كىرىدىغان ئوچۇق تەرىپىگە خەندەك كولاشقا بۇيرىدى. خەندەك كولاش ۋەزىپىسىنى ساھابىلارغا تەڭ تەقسىم قىلىپ، ھەر ئون ئادەمگە قىرىق گەز يەر بۆلۈپ بەردى.

## مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە غەمخورلۇق روھى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئەمگەك ۋە ئەجىرگە قىزىقتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خەندەك كولاشقا قاتناشتى. سوغۇق قاتتىق بولۇپ، رەسۇلۇللاھ جاپا - مۇشەققەتنى ئۇلار بىلەن بىللە تارتتى. ئۇلار قورساق تويغۇچىلىك نەرسىنى گاھىدا تاپسا، گاھىدا تاپالمايتتى.

ئەبۇ تەلھە مۇنداق دەيدۇ: "بىز قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن رەسۇلۇللاھقا شىكايەت قىلدۇق ۋە قورساقلىرىمىزغا تاش تېڭىۋالدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قورسىقىغا تاشتىن ئىككىنى تېڭىۋالدى. شۇنداقتىمۇ

ئۇلار خۇشال ئىدى، اللهقا ھەمدۇسانا ئېيتاتتى، غەزەل ئېيتىشاتتى. زارلانمايتتى ۋە ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى“.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”سوغۇق بىر ئەتىگىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەككە چىقتى. مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىشلىشىپ بېرىدىغان قۇل - چاكارلىرى يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار ئۇچرىغان جاپا ۋە ئاچلىقنى كۆرۈپ، مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئى الله! ئاخىرەت ھاياتى ھەقىقي ھايات،<br>
مۇھاجىر ۋە ئەنسارغا قىلغىن مەغپىرەت.

ساھابىلار رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دەپ جاۋاب قايتۇردى:

بەيئەت قىلىپ ئەگەشتۇق مۇھەممەدكە، جىھادقا<br>
ئاتلىنىمىز ئەبەدكە، مەنسۇب بولساق ھاياتقا.

خەندەك كولاش جەريانىدا مۇسۇلمانلار ناھايىتى چوڭ بىر قورام تاشقا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭغا مېتىننىڭ كۈچى يەتمەيتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ كېلىپ، قولىغا مېتىننى ئالدى - دە، «بىسمىللاھ» دېگىنىچە، تاشنى مېتىن بىلەن بىرنى ئۇرۇۋىدى، تاشنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى چېقىلدى. رەسۇلۇللاھ: «الله كاتتىدۇر، ماڭا شامنىڭ خەزىنىلىرى بېرىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، مەن شامنىڭ قىزىل قەسىرلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن» دېدى. ئاندىن كېيىن تاشنى يەنە بىرنى ئۇرۇۋىدى، تاشنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى چېقىلدى. رەسۇلۇللاھ: «الله كاتتىدۇر، ماڭا فارس زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرى بېرىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، مەن مەدائىننىڭ ئاق قەسىرلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن» دېدى. ئاندىن تاشنى ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇۋىدى، تاشنىڭ قالغان پارچىسى چېقىلدى. رەسۇلۇللاھ: «الله كاتتىدۇر، ماڭا يەمەننىڭ خەزىنىلىرى بېرىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، مەن مۇشۇ ئورنۇمدا، مۇشۇ سائەتتە سەنئانىڭ دەرۋازىلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن» دېدى.

## غازاتتىكى پەيغەمبەرلىك مۆجىزىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا كۆپلىگەن مۆجىزىلەر ئاشكارا بولدى. مۇسۇلمانلار خەندەك كولاش جەريانىدا كولىغىلى بولمايدىغان قاتتىق يەرگە دۇچ كېلەتتى. بۇنداق چاغدا، رەسۇلۇللاھ بىر قاچا سۇنى ئېلىپ كېلىپ، الله خالىغان دۇئالارنى ئوقۇپ، قاچىغا دەم سۈرۈپ، قاچىدىكى سۇنى ئاشۇ قاتتىق يەرگە چاچاتتى. شۇنىڭ بىلەن، يەر يۇمشاپ قۇملۇققا ئايلىنىپ كېتەتتى.

بۇ جەرياندا يەنە ئازغىنە تاماققا بەرىكەت بېرىلىپ، قوشۇندىكى بارلىق ئەزالارنىڭ قورسىقى تويۇشتەك ھەممىگە مەشھۇر مۆجىزە ئاشكارا بولدى.

## ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى

قۇرەيش ۋە غەتەفانلار ئون مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، مەدىنىنىڭ ئالدىدا بارگاھ قۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلاندى. دۈشمەن قوشۇنلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىنى خەندەك ئايرىپ تۇراتتى.

مۇسۇلمانلار بىلەن بەنى قۇرەيزە ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى بولۇپ، بەنى نەزىرنىڭ قەبىلە باشلىقى ھۇيەي ئىبنى ئەختەب ئۇلارنى كېلىشىمنى بۇزۇشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلار كۆپ ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن كېلىشىمنى بۇزدى. بۇ خىل ئەھۋال مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن خەۋپنىڭ يەنىمۇ كۈچەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم مۇناپىقلاردىن مۇناپىقلىق قىلمىشلىرى سادىر بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەتەفانلارغا مەدىنە مېۋىلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىش شەرتى ئاساسىدا ئۇلار بىلەن سۈلھىلىشىشنى ئويلىدى. ئەنسارلار ئۇرۇش چىقىمىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، غەتەفانلارغا بېرىدىغان مېۋىلەرنى بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتكەندە، ئەنسارلارنىڭ يۈكى بەكلا ئېغىرلاپ كېتەتتى.

بىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىد ئىبنى مۇئاز بىلەن سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ دۈشمەن ئالدىدا قىلچە تىز پۈكمەي، ئۆز غورۇرىنى ساقلاپ

مۇستەھكەم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز پىكرىدىن دەرھال ياندى. چۈنكى، سەئىد مۇنداق دېدى: ”ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ۋە ئاشۇ غەتەفانلار ئىلگىرى ئوخشاشلا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەتتۇق، بۇتلارغا چوقۇناتتۇق، ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايتتۇق. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار بىزدىن سېتىۋالماي ياكى بىزنىڭ مېھمىنىمىز بولماي تۇرۇپ بىزنىڭ بىر تال خورمىمىزنى يېيەلمەيتتى. ھازىر بىزنى ئاللاھ ئىسلام بىلەن ھۆرمەتلەپ، ئىسلامغا يېتەكلەپ، سېنى ۋە بىزنى ئىسلام بىلەن ئەزىز قىلغان تۇرسا، ئەجىبا ئۇلارغا ماللىرىمىزنى بېرەمدۇق؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنداق قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارغا پەقەت قىلىچلا بېرىمىز. ئاللاھ نېمىنى تەقدىر قىلغان بولسا، شۇنى كۆرەيلى“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا قوشۇلۇپ: «سەن دېگەندەك بولسۇن» دېدى.

## ئىسلام باتۇرى بىلەن جاھىلىيەت باتۇرى ئوتتۇرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلار دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇردى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولمىدى. قۇرەيش چەۋەندازلىرى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، خەندەك ئالدىدا توختاپ قالدى. ئۇلار خەندەكنى كۆرۈپ: ”ئەزىبىرايى خۇدا! بۇ ئەرەبلەر بىلمەيدىغان تاكتىكا ئىكەن“ دېيىشتى.

ئاندىن ئۇلار خەندەكنىڭ تار يېرىنى تېپىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە شۇ يەردىن مەدىنە زېمىنىغا بۆسۈپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمر ئىبنى ئەبدۇ ۋۇددە ئىسىملىك داڭلىق بىر چەۋەنداز بولۇپ، ”مېنىڭ چەۋەندازغا تەڭ كېلىدۇ“ دەپ تەرىپلىنەتتى. ئۇ مەدىنە زېمىنىغا ئۆتكەندىن كېيىن:
- مەن بىلەن دۇئېلغا چۈشىدۇ؟ - دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مەيدانغا چىقىپ:
— ئى ئەمر! ئەگەر سېنى قۇرەيشلەردىن بىر ئادەم ئىككى ئىشقا چاقىرسا، ئۇنىڭ بىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئاللاھقا ئەھدى قىلغان ئىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ - دېدى.
- شۇنداق، - دېدى ئەمر.
— ئۇنداقتا، مەن سېنى ئاللاھ تەرەپكە، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى تەرەپكە ۋە ئىسلامغا چاقىرىمەن، - دېدى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب.

– ياق، بۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق، - دېدى ئەمر.

– ئەمىسە سېنى تەسلىم بولۇشقا چاقىرىمەن، - دېدى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب.

– ئى قېرىنداشىمىنىڭ ئوغلى! ئەزبىرايى خۇدا، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمايمەن، - دېدى ئەمر.

– الله بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشنى خالايمەن، - دېدى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب.

بۇنى ئاڭلىغان ئەمرنىڭ غەزىپى تۇتتى - دە، ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئېتىنى بوغۇزلىۋەتتى، يۈزىگە كاچاتلىدى. ئاندىن ئەلىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئىككىسى تۇتۇشۇپ كەتتى. ئەلى ئۇنى ئۆلتۈردى.

## ئانا ئوغۇلنى جەڭ ۋە شېھىدلىككە قىزىقتۇرىدۇ

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەنى ھارىسە قورغىنىدا مۇسۇلمان ئاياللار بىلەن بىللە ئىدىم. بۇ، ئاياللارغا ھىجاب پەرز بولۇشتىن ئىلگىرىكى چاغ ئىدى. قېشىمىزدىن سەئىد ئىبنى مۇئاز ئۆتتى. ئۇستىگە قىسقا بىر ساۋۇت كىيىۋالغان بولۇپ، بىلىكىنىڭ ھەممە يېرى چىقىپ قالغان ئىدى. ئۇ غەزەل ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا: ”ئوغلۇم! سەن سەپكە قوشۇلغىن، الله بىلەن قەسەمكى، سەن ھەقىقەتەن كېچىكىپ كەلدىڭ“ دېدى. مەن: ”ئى سەئىدنىڭ ئانىسى! الله بىلەن قەسەمكى، سەئىدنىڭ ساۋۇتىنى سەل ئۇزۇنراق بولسا بوپتىكەن دەپ ئويلاۋاتىمەن“ دېدىم. مەن ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. بىر ئوق كېلىپ، سەئىدكە تەگدى - دە، بىلىكىنىڭ تومۇرىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ بەنى قۇرەيزە غازىتىدا شېھىد بولدى.

## ئاسمان ۋە زېمىندا اللهنىڭ قوشۇنلىرى بار

مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ، ئۇلارنى بىر ئايغا يېقىن مۇھاسىرىگە ئالدى. سىناق كۈچەيدى، مۇناپىقلىق ئاشكارا بولدى. بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆيلىرىگە قايتىشقا ئىجازەت سوراپ: ﴿«ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا» دېيىشتى.

(ئەمەلىيەتتە) ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتىا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ》[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى الله سۆيەتلىگەندەك قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە ئىدى. دەل شۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا غەتەفان قەبىلىسىدىن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد دېگەن كىشى كېلىپ: "ئى رەسۇلۇللاھ! مەن مۇسۇلمان بولدۇم. مېنىڭ قەۋمىم مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلمەيدۇ. سەن مېنى ئۆزۈڭ خالىغان بىر ئىشقا بۇيرىغىن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بىزنىڭ ئىچىمىزدە بىردىنبىر ئادەم، سەن قولۇڭدىن كېلىشىچە دۈشمەنىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرغىن. چۈنكى، جەڭنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭدۇر» دېدى.

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد چىقىپ، بەنى قۇرەيزەنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلاندۇردى. قۇرەيشلەر ۋە بىر يۇرتلۇق بولمىغان غەتەفانلارغا بولۇشۇپ، بىر يۇرتلۇق ۋە دائىملىق قوشنا بولغان مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار بىلەن دۈشمەنلىشىشنىڭ توغرىلىقىغا قارىتا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئۇلارغا قۇرەيشلەر ۋە غەتەفانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلماسلىقنى، ئەگەر ئۇرۇش قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ (قۇرەيش ۋە غەتەفانلارنىڭ) نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن بىر قانچىنى رەنىگە ئېلىپ تۇرۇپ ئاندىن ئۇرۇش قىلىشنى ئېيتتى. ئۇلار نۇئەيمگە: "سەن ھەقىقەتەن ئاقىلانە پىكىر قىلدىڭ" دېيىشتى.

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئاندىن قۇرەيشلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا دوستلۇق ئىزھار قىلدى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بىلەن بولغان ئەھدىنى بۇزغانلىقىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ قۇرەيش قوشۇنى ئىچىدىن نوپۇزلۇق كىشىدىن بىر قانچىنى رەنىگە ئېلىپ، مۇھەممەدكە تۇتۇپ بېرىپ، بۇزۇلغان مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغانلىقى، مۇھەممەدنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاندىن كېيىن، ئۇ غەتەفانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، قۇرەيشلەرگە دېگەن گەپلەرنى دېدى. قۇرەيش ۋە غەتەفانلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى قورقۇپ قالدى

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 13 ـ ئايەت.

ۋە كۆڭلىدە يەھۇدىيلارغا قارىتا غەزەپ نەپرەت پەيدا بولدى. ھەر قايسى گورۇھلار ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك ئېقىپ كىردى. ھەممىسى بىر - بىرىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

ئەبۇ سۇفيان بىلەن غەتەفانلارنىڭ قوماندانى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، يەھۇدىيلار كەينىگە چېكىنىدى ۋە ئۇلارنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن بىر قانچىنى رەنىگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قۇرەيش بىلەن غەتەفانلار نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلۇشنى رەت قىلدى. بۇنى كۆرۈپ، يەھۇدىيلارمۇ نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا چىنپۈتتى. نەتىجىدە ئۇلار بىر - بىرىدىن يۈز ئۆرۈدى، ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلۇپ، بىرلىكى پارچىلاندى.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، اللهقاتتىق سوغۇق بىر كېچىدە مۇشرىكلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا شامال ئەۋەتتى. شامال ئۇلارنىڭ قازانلىرىنى دۈم كۆمتۈرۈپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئەبۇ سۇفيان ئورنىدىن تۇرۇپ: ”ئى قۇرەيشلەر! ئەزىزلىرىمىز، خۇدا، سىلەر ئادەم تۇرىدىغان يەردە تۇرماپسىلەر، ئۇلاغلىرىمىز ھالاك بولدى، بەنى قۇرەيزە بىزنى تاشلىۋەتتى، ئۇلاردىن بىز زادىلا ياقتۇرمايدىغان ئىشلار سادىر بولدى. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، قاتتىق شامال قازانلىرىمىزنى دۈم كۆمتۈرۈپ، ئوتلىرىمىزنى ئۆچۈرۈپ، چېدىر - بارگاھلىرىمىزنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. بولدى، مەن بۇ يەردىن كېتىمەن، سىلەرمۇ قايتىڭلار» دېدى. ئەبۇ سۇفيان گېپىنى دەپ بولۇپلا، باغلاقلىق تۆگىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۈنىڭغا مىندى - دە، تۆگىسىنى يېشىپ قويۇۋەتتى.

غەتەفانلار قۇرەيشلەرنىڭ قىلغانلىرىنى ئاڭلاپلا، شەھەرلىرىگە قايتىشقا تەمشەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ھۇزەيفە ئىبنى يەمان قايتىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ۋە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئەتىسى ئەتىگەندە، رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، قورال‌لىرىنى قويدى.

بۈيۈك الله ھەقىقەتەن راست ئېيتتى: ﴿ئى مۇئمىنلەر! اللهنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇستۈڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە

سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق، اللە سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

﴿اللە كاپىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن)نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، اللە (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ) مۆئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، اللە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[2].

ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. قۇرەيشلەر شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «مۇشۇ يىلدىن باشلاپ قۇرەيشلەر سىلەرگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ، بەلكى، سىلەر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ بارىسىلەر» دېدى.

خەندەك ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلاردىن يەتتە ئادەم شېھىد قىلىندى. مۇشرىكلاردىن تۆت ئادەم ئۆلتۈرۈلدى.

## بەنى قۇرەيزە غازىتى

### بەنى قۇرەيزەنىڭ كېلىشىمنى بۇزۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن چاغدىلا مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق كېلىشىمى ئورناتقان بولۇپ، ئۇ كېلىشىمدە يەھۇدىيلار بىلەن ئەھدى تۈزۈشكەنلىكى قەيت قىلىنغان. مۆئەييەن شەرتلەر ئاساسىدا ئۇلارنىڭ دىنى ۋە مال - مۈلكى قوغدىلىدىغانلىقى ۋە ئۆز ئارا ياردەم بېرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئەھدىنامىنىڭ بىر ماددىسىدا: «ئىككى تەرەپ ئۇرۇشتا ۋە يەسرەبكە (مەدىنىگە) باستۇرۇپ كەلگەنلەرگە قارشى تۇرۇشتا بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدۇ، نەسىھەت ۋە ياخشىلىق قىلىشقا بولىدۇكى، گۇناھ قىلىشقا بولمايدۇ» دېيىلگەن.

بەنى نەزىرنىڭ قەبىلە باشلىقى ھۇيەي ئىبنى ئەختەب بەنى قۇرەيزەنى ئەھدىنى بۇزۇشقا، قۇرەيشلەر بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىشقا مەجبۇرلاشتا

[1] سۈرە ئەھزاب، 9 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەھزاب، 24 ـ ئايەت.

مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بەنى قۇرەيزەنىڭ قەبىلە باشلىقى كەئب ئىبنى ئەسەد دەسلەپتە: ”مەن مۇھەممەدنىڭ باشتىن - ئاخىرى ئۆز ۋەدىسىدە راستچىللىق بىلەن تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن“ دېگەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا يەنىلا ئۆزلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدى ۋە كېلىشىمنى بۇزۇپ، ئارىنى ئوچۇق قىلىۋەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئەھدىنى بۇزغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئد ئىبنى مۇئاز بىلەن خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئد ئىبنى ئۇبادە (ئۇلار بەنى قۇرەيزەنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى)نى بىر قانچە ئەنسارلار بىلەن خەۋەرنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇلار تەكشۈرۈش جەريانىدا ئەھۋالنىڭ ئۇلار ئاڭلىغاندىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدى. بەنى قۇرەيزەنىڭ جىنايىتى چەكتىن ئاشقان بولۇپ، ئۇلار: ”اللهنىڭ پەيغەمبىرى دېگەن كىم ئۇ؟ مۇھەممەد بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق ئەھدى ۋە كېلىشىم يوق“ دېيىشتى.

ھەتتا ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدىن نەيزە سانجىشقا تەييارلانغان ئىدى. بۇنداق قىلىش ئۇرۇش مەيدانىدا ئوچۇق - ئاشكارا ھۇجۇم قىلىشتىنمۇ ئېغىر ۋە دەھشەتلىك ئىدى. بۇ الله تائالانىڭ: ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلدى﴾ دېگەن سۆزىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

بۇ، مۇسۇلمانلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى.

## بەنى قۇرەيزەگە يۈرۈش قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلار خەندەكتىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، قوراللىرىنى قويدى. جىبرىئىل كېلىپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! سەن قورالنى قويدۇڭمۇ؟“ دېدى. رەسۇلۇللاھ: «شۇنداق» دېۋىدى، جىبرىئىل: ”پەرىشتىلەر تېخى قورالنى قويمىدى، الله سېنى بەنى قۇرەيزەگە ئاتلىنىشقا بۇيرىدى. مەنمۇ بېرىپ ئۇلارنى تەۋرىتىمەن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاكارچىنى بۇيرىدى. ئۇ كىشىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىتائەت قىلسۇن، بەنى

قۇرەيزەگە قاراپ دەرھال ئاتلانسۇن»[1] دېگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى باشلاپ، بەنى قۇرەيزەگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى 25 كېچە ـ كۈندۈز مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھاسىرە ئۇلارنى ھالىدىن كەتكۈزدى، اللّٰه ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ تاشلىدى.

## سەئىدنىڭ كەسكىن ھۆكمى

بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ''ئاق بايراق'' چىقاردى. ئەۋس قەبىلىسى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغاچقا، ئارىغا چۈشۈپ رەسۇلۇللاھتىن ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئى ئەۋس قەۋمى! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىر ئادەمنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا قوشۇلامسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: ''قوشۇلىمىز'' دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا، سەئىد ئىبنى مۇئاز ھۆكۈم چىقارسۇن» دېدى ۋە ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ يېتىپ كېلىۋىدى، ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا: ''ئى ئەبۇ ئەمر! سەن ئىتتىپاقداشلىرىڭغا ياخشىلىق قىلغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنىڭ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭ ئۈچۈن سېنى مۇشۇ ئىشقا ئىگە قىلدى'' دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ئۆتۈنۈشلىرى كۆپ بولۇۋىدى، سەئىد ئۇلارغا: ''مانا، سەئىدنىڭ اللّٰه يولىدا ھېچبىر مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىگە پەسەنت قىلمايدىغان ۋاقتى كەلدى'' دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن: ''مەن ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە، مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىشقا، خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئەسىر ئېلىشقا ھۆكۈم قىلىمەن'' دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئۇلارغا اللّٰهنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلدىڭ» دېدى.

سەئىدنىڭ چىقارغان ھۆكمى بەنى ئىسرائىلنىڭ شەرىئىتىدىكى «جەڭ قانۇنى»غا ۋە تەۋراتتىكى ھۆكۈمگە ئۇيغۇن كەلدى. بەنى قۇرەيزەگە

---

[1] ئەسلى تېكىستتە: «كىمكى ئاڭلىغان بولسا، ئىتائەت قىلسۇن، ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزەگە بېرىپ ئوقۇسۇن» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ قانۇدقتۇر ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزەدە ئوقۇش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئەھۋالنىڭ جىددى ھەم تېزلىكىنى، قوشۇننىڭ دەرھال ئاتلىنىشى لازىملىقىنى ئىپادىلەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ مەزمۇنى بويىچە: «ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىتائەت قىلسۇن، بەنى قۇرەيزەگە قاراپ دەرھال ئاتلانسۇن» دەپ تەرجىمە قىلىندى.

سەئىدنىڭ ھۆكۈمى يۈرگۈزۈلدى. مۇسۇلمانلار دۈشمەنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشىدىن ۋە ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن خاتىرجەم بولدى.

بۇندىن ئىلگىرى ئەۋس قەبىلىسى كەئب ئىبنى ئەشرەفنى ئۆلتۈرگەن بولسا، مانا ئەمدى خەزرەج قەبىلىسى ئەھزاب ئۇرۇشىنى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان يەھۇدىي سالام ئىبنى ئەبۇل ھۇقەيقنى ئۆلتۈردى. سالام ئىبنى ئەبۇل ھۇقەيىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلغۇچىلارنىڭ بېشى بولۇپ، كىشىلەرنى رەسۇلۇللاھقا زىيانكەشلىك قىلىشقا كۈشكۈرتەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا سۈيىقەست قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغان كاتتىباشلاردىن قۇتۇلۇپ ئارام تاپتى.

## زۇلۇم قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلىش، يامانلىق قىلغۇچىغا ياخشىلىق قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجد تەرەپكە قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلار بەنى ھۇنەيفە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سۇمامە ئىبنى ئۇسالنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنى مەسجىدنىڭ بىر تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

- ئۇ سۇمامە! سەندە نېمە بار؟ - دەپ سورىدى. سۇمامە:

- ياخشىلىق بار، ئى مۇھەممەد! ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، بىر جان ئىگىسىنى ئۆلتۈرىسەن. ئىنئام قىلساڭ، تەشەككۈر ئىگىسىگە ئىنئام قىلىسەن. مال - دۇنيا دېسەڭ، دېگىنىڭنى بېرىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ كەتتى. كېيىن يەنە كېلىپ، ئالدىنقى سوئالنى سورىغانىدى، سۇمامە يەنە ئوخشاش جاۋاب بەردى. ئۈچىنچى قېتىممۇ يەنە شۇنداق بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئۇ باغلاقتىن بوشانغاندىن كېيىن، مەسجىدكە يېقىن جايدىكى بىر خورمىزارلىققا بېرىپ، غۇسلى تاھارەت ئالدى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ شاھادەت ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى ۋە:

- الله بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادىمىم سەن ئىدىڭ، ئەمدى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم سەن بولۇپ قالدىڭ. سەن ئېلىپ كەلگەن دىن يەر يۈزىدە مەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان دىن ئىدى، ئەمدى ئۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دىنغا ئايلاندى. مەن ئەسلىدە ئۆمرە قىلىشقا

ماڭغان ئىدىم، يولدا ئادەملىرىڭ مېنى تۇتۇۋالدى، - دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە ئۆمرە قىلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. سۇمامە مەككىگە يېتىپ بارغاندا، قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا:

— سەن دىنىدىن چىقىپسەن، - دېيىشتى. سۇمامە:

— ياق، دىنىدىن چىقمىدىم، بەلكى، مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولدۇم. قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھ رۇخسەت قىلمىغۇچە سىلەرگە يەمامەدىن بۇغدايىڭ بىر تال دېنىنىمۇ ماڭغۇزمايمەن، - دەپ جاكارلىدى. يەمامە قەدىمدىن تارتىپ مەككىنىڭ ئاشلىق بازىسى ئىدى، شۇڭا ئۇ يۇرتىغا قايتىپ بارغان ھامان يەمامەدىن مەككىگە بارىدىغان يولنى ئۈزۈپ تاشلاپ، مەككىگە بىر تۆگە ئاشلىق ئۆتكۈزمىدى. نەتىجىدە، قۇرەيش خەلقى ئاشلىقتىن ئېغىر قىسىلىپ، رەسۇلۇللاھقا خەت يازدى. ئۇلار خېتىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن بولغان ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى دەپ بولسىمۇ، سۇمامەنىڭ مەككىگە كېلىدىغان ئاشلىقنى قويۇۋېتىشكە رۇخسەت قىلىشىنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ سۇمامەگە خەت يېزىپ، مەككىگە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىشكە يول قويۇشنى ئېيتتى.

## ھۇدەيبىيە سۈلھىسى

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى ۋە مەككىگە كىرىشكە تەييارلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرۇپ، مەككىگە كىرىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ چۈش كۆردى. ئۇ كۆرگەن چۈشىنى ساھابىلارغا سۆزلەپ بەردى. ساھابىلار بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەككە ۋە كەئبىدىن ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش تۇيغۇسى ھەسسىلەپ كۈچەيگەنىدى. بولۇپمۇ مەككىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھاجىرلار ئۇزۇندىن بېرى مەككىگە كىرەلمىگەچكە، ئۆز يۇرتىنى قاتتىق سېغىنغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەھۋالنى خەۋەر قىلىۋىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى

رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە چىقىشقا تەييارلاندى.

## ئۆزۈن ئايرىلىشتىن كېيىنكى مەككىگە قىلىنغان سەپەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا ئۇرۇش قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆمرە قىلىش مەقسىتىدە مەدىنىدىن ھۇدەيبىيەگە چىقتى. رەسۇلۇللاھ بىلەن 1500 كىشى بىللە چىققان بولۇپ، بەيتۇللاھنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئۇنى زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە چىققانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللارنىمۇ ئېلىۋالغان ۋە ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ ”ئەسفان“ دېگەن جايغا كەلگەندە، ئالدىن ئەۋەتكەن خەۋەرچى قايتىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھقا كەئب ئىبنى لۇئەيىنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە رەسۇلۇللاھنى بەيتۇللاھتىن توسۇش ئۈچۈن قوشۇن توپلىغانلىقىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ ھۇدەيبىيەنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ، شۇ يەرنى قونالغۇ قىلدى. ئۇ يەردە سۇ ئاز بولغاچقا، مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھقا ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. رەسۇلۇللاھ ئوقدىنىدىن بىر تال ئوقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئوقنى سۇغا سېلىشقا بۇيرىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، سۇ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قانغۇدەك ئىچىشىگە يەتتى.

رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارغا بىر ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ماقۇللاشنى ئويلىدى ـ دە، ئوسمان ئىبنى ئەففاننى چاقىرىپ، ئۇنى قۇرەيشلەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن: «قۇرەيشلەرگە بىزنىڭ ئۇرۇشقىلى كەلمىگەنلىكىمىزنى، پەقەت ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىمىزنى ئۇقتۇرغىن ۋە ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن» دېدى ھەمدە ئۇنى مەككىدىكى بارلىق مۆئمىن ئەر ـ ئاياللار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا فەتىھ بېشارىتىنى يەتكۈزۈشكە ۋە ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى يوشۇرۇپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا اللە بۇ دىننى مەككە تۇپرىقىدا ھامان ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا بۇيرىدى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەبۇ سۇفيان

باشچىلىقىدىكى قۇرەيش كاتتىباشلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارغا ئەلچىلىكنى يەتكۈزدى. ئوسمان ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان چاغدا، ئۇلار ئوسمانغا: ”ئەگەر خالىساڭ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ كەتكىن“ دېيىشتى، ئوسمان رەسۇلۇللاھ تاۋاپ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشمىگۈچە، ئۆزى يالغۇز تاۋاپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

## رىزۋان بەيئىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە يالغان خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلىپ، رەسۇلۇللاھقا ”قەتئىي قاچماسلىققا“ بەيئەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ: «بۇ ئوسمان ئۈچۈن» دېدى. مانا بۇ، ھۇدەيبىيەدىكى دەرەخ ئاستىدا قىلىنغان «رىزۋان بەيئىتى» بولۇپ، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿الله مۆئمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى﴾[①].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرەيشلەرنىڭ تۆت نەپەر ئەلچىسى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە: «بىز ئۇرۇش قىلغىلى كەلمىدۇق، بەلكى ئۆمرە ھەج قىلغىلى كەلدۇق» دېگەن بولسىمۇ، قۇرەيشلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەي تۇرۇۋالدى.

ئەشۇ ئەلچىلەردىن بىرى بولغان ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد سەقەفىي قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتىپ: ”ئى قەۋم! الله بىلەن قەسەمكى، مەن نۇرغۇن پادىشاھلارغا ئەلچى بولۇپ بارغان. كىسرا، قەيسەر ۋە نەجاشىيلارنىڭ ھوزۇرىدا بولغان ئىدىم. ئەزبىرايى خۇدا! مەن مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلغىنىدەك بۇ شاھلارنىڭ ھېچ بىرىگە شۇنداق ھۆرمەت قىلىنغانلىقىنى كۆرمىدىم“ دېدى ۋە ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن چىن ھۆرمىتىنى ئۇلارغا تەسۋىرلەپ بەردى.

---

① سۈرە فەتھ 18 ـ ئايەت.

## كىلىشىم ۋە سۇلھى، ھېكمەت ۋە سەۋرچانلىق

قۇرەيشلەر سۇھەيل ئىبنى ئەمرىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «سۇھەيلنى ئەۋەتكىنىگە قارىغاندا، ئۇلار چوقۇم سۇلھىنى تاللاپتۇ» دېدى. ئىككى تەرەپ سۆھبەتلىشىپ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى چاقىرىپ، شەرتنامىنى يېزىشقا بۇيرىدى. ئەلى «بسم الله الرحمن الرحيم» (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دەپ يازغاندى، سۇھەيل: «بىز ‹الرحمن› (شەپقەتلىك ئاللاھ)نىڭ كىملىكىنى تونۇمايمىز، سەن ئىلگىرىكىدەكلا ‹بىسمىكەللاھۇممە› (ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن بۇ ئىشىمنى باشلايمەن) دەپ يازغىن» دېدى. مۇسۇلمانلار: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق دەپ يازمايمىز، پەقەت ‹بسم الله الرحمن الرحيم› (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دەپ يازىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولدى، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە: ‹بىسمىكەللاھۇممە› (ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن بۇ ئىشىمنى باشلايمەن) دەپ يازغىن» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەلى: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنىڭغا سۇلھى قىلدۇكى» دەپ يازغاندى، سۇھەيل رەسۇلۇللاھقا: ”بىز سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئېتىراپ قىلغان بولساق، سەن بىلەن ئۇرۇشۇپ، سېنى بەيتۇللاھتىن توسۇپ يۈرمەيتتۇق. شۇڭا: ‹مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ› دەپ يازغىن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «گەرچە سىلەر مېنى ئىنكار قىلساڭلار،مۇ مەن يەنىلا ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرىمەن» دېدى - دە، ئەلىنى سۇھەيلنىڭ دېگىنىدەك يېزىشقا ۋە كېلىشىمدىكى «رەسۇلۇللاھ» (ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى) دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە بۇيرىدى. بىراق، ئەلى: «ياق، مەن بۇ سۆزنى مەڭگۈ ئۆچۈرمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالغاندى، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى سۆزنىڭ ئورنىنى ئەلىدىن سوراپ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ بۇ يىل بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىڭلارغا سۇلھى قىلدۇ» دېۋىدى، سۇھەيل ئەرەبلەرنىڭ «مۇھەممەد بۇ يىل زورلۇق كۈچى

بىلەن مەككىگە كىرىپتۇ» دەپ سۆز - چۆچەك قىلماسلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يىل قايتىپ كېتىپ، بەيتۇللاھنى كېلەر يىلى تاۋاپ قىلىشنى ئېيتتى. شەرتنامە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە يېزىلدى.

سۇھەيل يەنە مۇنداق دېدى: ”ئەگەر بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىر ئادەم سېنىڭ دىنىڭغا كىرىپ، سېنىڭ قېشىڭغا كەلسە، سەن ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىسەن“ دېۋىدى، مۇسۇلمانلار: ”سۇبھانەللاھ! مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەنلەرنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرەمدۇق؟“ دېيىشتى.

شەرتنامىنىڭ ماددىلىرى يېزىلىۋاتقان پەيتتە قۇرەيش ۋەكىلى سۇھەيل ئىبنى ئەمرنىڭ ئوغلى ئەبۇ جەندەل كويزا - كىشەنلىرىنى سۆرەپ مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن چىقىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. سۇھەيل بۇنى كۆرۈپ: ”مانا بۇ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك تۇنجى ئادەم“ دېدى. رەسۇلۇللاھ: «بىز تېخى سۈلھى ماددىلىرىنى پۈتتۈرۈشۈپ بولمىدۇقغۇ؟» دېۋىدى، سۇھەيل: ”ئۇنداقتا، مەن سەن بىلەن ھېچقانداق كېلىشىم تۈزمەيمەن“ دەپ تۇرۇۋالدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى ماڭا قالدۇرغىن» دېگەنىدى، سۇھەيل: ”ئۇنى ساڭا مەڭگۈ قالدۇرمايمەن“ دېدى. رەسۇلۇللاھ قايتا - قايتا تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، سۇھەيل ئۇنىمىدى.

ئەبۇ جەندەل: ”ئى مۇسۇلمانلار! مەن مۇسۇلمان بولۇپ، قېشىڭلارغا كەلسەم، مېنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرەمسىلەر؟ مەن يولۇققان ئازابنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟“ دېدى. ئۇ الله يولىدا ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابلانغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ جەندەلنى قۇرەيشلەرگە قايتۇرۇپ بەردى.

كېلىشىمگە مۇنۇلار يېزىلدى: ”ئىككى تەرەپ ئون يىل ئۇرۇش توختىتىدۇ، بۇ ئون يىل ئىچىدە ئىككى تەرەپ كىشىلىرى بىر - بىرىدىن ئەمىن بولىدۇ. قۇرەيش تەرەپتىن ئىگە - چاقىلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز (قېچىپ) كەلگەن ھەر قانداق بىر ئەر قۇرەيشكە شەرتسىز قايتۇرۇلىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار تەرەپتىن قۇرەيشلەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلەر مۇسۇلمانلارغا قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. ھەر قايسى ئەرەب قەبىلىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياكى قۇرەيشلەردىن كىمنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشنى خالىسا، شۇنىڭ ھىمايىسىگە كىرسە بولىدۇ“.

## مۇسۇلمانلارنىڭ سۈلھىدە تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشى ۋە مەدىنىگە قايتىپ كېتىشى

سۈلھىدىكى تەڭسىزلىك، مەككىگە كىرمەي قايتىپ كېتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇستىگە ئالغان روھى بېسىم قاتارلىقلارنى كۆرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. ئۇلار تۇگىشىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. دېمىسىمۇ، بۇ ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەن ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «بىز بەيتۇللاھقا بېرىپ، تاۋاپ قىلىمىز» دېمىگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى:

ـ شۇنداق دېگەن، ئەمما ساڭا: «بۇ يىل چوقۇم كىرىسەن» دېگەنمۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۆمەر:

ـ ياق، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى:

ـ توغرا، سەن چوقۇم كېلىپ، ئۇنى تاۋاپ قىلىسەن، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈلھىدىن بىكار بولغاندىن كېيىن، ھەدىيە (قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن مال)نى بوغۇزلىدى. ئاندىن ئولتۇرۇپ، چېچىنى چۈشۈرتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. چۈنكى، ئۇلار مەدىنىدىن چىققاندا مەككىگە كىرىپ، ئۆمرە ھەج قىلىدىغانلىقىدىن قىلچە شەكلەنمىگەن ئىدى. ئەمما ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلىپ، چېچىنى چۈشۈرتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ماللىرىنى بوغۇزلىدى ۋە چاچلىرىنى چۈشۈرتتى.

## تەڭسىز شەرتنامە ۋە روشەن غەلبە

ئەنە شۇ ئىشلاردىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ مەدىنىگە قايتىشىدا الله مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

﴿اللەنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا بىز

ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق﴾[1].
ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:
- ئى رەسۇلۇللاھ! مۇشۇ روشەن غەلىبىمۇ؟ - دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ھەئە، - دېدى.

## سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قايتقان چاغدا، ئۇنىڭ قېشىغا قۇرەيشلەر تەرىپىدىن ئەبۇ بەسىر ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئۇسەيد ئىسىملىك بىر ئادەم مۇسۇلمان بولۇپ كەلدى. ئارقىدىنلا قۇرەيشلەرنىڭ ئىككى ئادىمى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ: ”ئارىمىزدىكى كېلىشىم بويىچە ئەبۇ بەسىرنى قايتۇرۇپ كېتىمىز“ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەسىرنى ئۇ ئىككىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئىككىيلەن ئەبۇ بەسىرنى ئېلىپ بىر يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئەبۇ بەسىر ئىككىسىنىڭ قولىدىن قېچىپ، سەيفۇل بەھرى دېگەن جايغا بېرىۋالدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ جەندەل ئىبنى سۇھەيلمۇ مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقىپ، ئەبۇ بەسىرگە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، قۇرەيشلەردىن بىرەر ئادەم مۇسۇلمان بولسىلا دەرھال چىقىپ ئەبۇ بەسىرنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ئۇلار بىر جامائەت (پارتىزانلار ئەترىتى) بولۇپ ئۇيۇشتى. قۇرەيشلەرنىڭ شامغا بارىدىغان كارۋانلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى مۇسادىرە قىلدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇندىن كېيىن قۇرەيشلەردىن مۇسۇلمان بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارغانلارنى قۇرەيشلەرگە قايتۇرۇپ بەرمەسلىكىنى ئۆتۈندى.

ئاخىرقى ھادىسىلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنىڭ ھەر قانداق (يولسىز) تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تۆۋەن ئورۇندا تۇرغان، قۇرەيشلەر بۇنىڭدا زور پايدىغا ئېرىشكەندەك كۆرۈنگەن،

[1] سۈرە فاتىھ 1 - دىن 3 - ئايەتكىچە.

مۇسۇلمانلار پەقەت ئىمان ۋە پەيغەمبەرگە بولغان ئىتائەتنىڭ كۈچى بىلەنلا ئۇنى چىداپ تۇرۇپ ئۈستىگە ئالغان ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ئىسلامنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغا مىسلىسىز سۈرئەتتە كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن يېڭى بىر دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى بولدى. شۇنداقلا مەككىنى فەتىھ قىلىشنىڭ، قەيسەر، كىسرا، مۇقەۋقىس قاتارلىق دۇنيا پادىشاھلىرىنى ۋە ئەرەب ئەمىرلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولدى. ئۇلۇغ اللّٰه ھەقىقەتەن راست ئېيتتى:

﴿سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) اللّٰه بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾[1].

## خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ھۇدەيبىيە سۈلھىسى دىللار ئۈچۈنمۇ فەتىھ بولدى. قۇرەيشلەرنىڭ ھەربىي قوماندانى، زور ئۇرۇشلارنىڭ قەھرىمانى خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى «اللّٰهنىڭ قىلىچى» دەپ ئاتىدى. ئۇ اللّٰه يولىدا كۆپلىگەن سىناقلار بىلەن سىنالدى. شام ئۇنىڭ قولى بىلەن فەتىھ قىلىندى. يەنە كاتتا قوماندان ۋە ئەمىرلەرنىڭ بىرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مىسىرنىڭ فاتىھى (فەتىھ قىلغۇچىسى) ئەمر ئىبنى ئاس مۇسۇلمان بولدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن ئەمرى ئىبنى ئاس مەدىنىگە ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىنلا كەلگەن بولۇپ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىسلامى ھەقىقەتەن ياخشى بولدى.

ھۇدەيبىيە سۈلھىسى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىلىشىشى ئۈچۈن پۇرسەت ياراتتى. مۇشرىكلار ئىسلامنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىنى كۆردى. مۇشۇ سۈلھىدىن تولۇق بىر يىل ئۆتمەيلا كۆپلىگەن خەلق ئىسلامغا كىردى.

[1] سۈرە بەقەرە، 216 ـ ئايەت.

## پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش

### دەۋەت ۋە ھېكمەت

سۈلھى تامام بولۇپ، ئەھۋاللار بىر ئىزغا چۈشكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيانىڭ پادىشاھلىرىغا ۋە ئەرەب ئەمىرلىرىگە خەت يېزىپ، خېتىدە ئۇلارنى ھېكمەت ۋە چىرايلىق نەسىھەت بىلەن ئىسلامغا ۋە اللهنىڭ يولىغا دەۋەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، ھەر بىر پادىشاھقا شۇنىڭغا لايىق ئەلچى تاللىدى. رەسۇلۇللاھقا: "پادىشاھلار مۆھۈر بېسىلمىغان خەتنى قوبۇل قىلمايدۇ" دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ بېغىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بىر ئۈزۈك ياساتتى ۋە ئۇنىڭغا «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» (اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد) دېگەن خەتنى ئويدۇردى.

### ھىرەقلىنىڭ ئىسلام ئالدىدا تەسلىم بولۇشى ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەكتۇب يوللىغان ئاشۇ پادىشاھلار رۇم ئىمپېراتورى ھىرەقلى، فارس ئىمپېراتورى كىسرا ئىبرويىز، ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ۋە مىسىر پادىشاھى مۇقەۋقىس ئىدى.

ھىرەقلى، نەجاشى ۋە مۇقەۋقىس رەسۇلۇللاھنىڭ خېتىگە ئەدەب بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ھىرەقلى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەرنى ئىزدىدى. بۇ دەل ئەبۇ سۇفيانىنىڭ تىجارەت ئۈچۈن غەززەگە بارغان ۋاقتىغا توغرا كەلدى. ھىرەقلى ئۇنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كۆپلىگەن سوئاللارنى سورىدى. ئۇنىڭ جاۋابى دىنلارنىڭ تارىخى، پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى، ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، اللهنىڭ ئۇلارغا يۈزگۈزگەن قانۇنىيىتى قاتارلىقلاردىن خەۋەردار تەجرىبىلىك ۋە ئاقىل ئادەمنىڭ جاۋابى بولدى. ئەبۇ سۇفيان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى يالغانچى دېيىشىدىن خىجىل بولۇپ، پادىشاھقا راست گەپ قىلدى.

ھىرەقلى بۇلارنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە كەسكىن ئىشەندى. ئۇ ئەبۇ سۇفيانغا: ”ئەگەر ئېيقانلىرىڭ راست بولسا، ئۇزاققا قالماي ئۇ (پەيغەمبەر) مەن دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. مەن ئۇ پەيغەمبەرنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بىراق، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىقىدىغىنىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدىم. ئەگەر مەن ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ بارالىغان بولسام، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئۇچۇن رىيازەت چېكىشكە رازى ئىدىم. ئەگەر ئۇنىڭ قېشىدا بولغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويغان بولاتتىم“ دېدى.

پادىشاھ ئوردا دەرۋازىسىنى تاقاشقا بۇيرىدى. ئاندىن ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا: ”ئى رۇملۇقلار! سىلەر پادىشاھىڭلارنىڭ ئاشۇ پەيغەمبەرگە ئەگىشىشىنى قوللامسىلەر؟ سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ نىجاتلىققا ۋە توغرا يولغا ئىگە بولۇشنى خالامسىلەر؟“ دېۋىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئۇلار قېچىپ ئۇزلىرىنى ئىشىككە ئاتتى. بىراق، ئىشىك تاقالغان ئىدى. ھىرەقلى ئۇلارنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىماندىن ئۈمىد ئۈزدى. ئاندىن ئۇلارغا: ”بولدى، قايتىپ كېلىڭلار، مەن بايامقى گەپنى سىلەرنى سىناش ئۇچۇن ئېيتقان ئىدىم، سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرغانلىقىڭلارنى كۆردۇم“ دېدى. ئۇلار پادىشاھقا باش ئۇردى ۋە ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشتى.

رۇم ئىمپېراتورى ھىرەقلى پادىشاھلىقنى ھىدايەتتىن ئۇستۈن بىلدى. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ دەۋرىدە ھىرەقلى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇش ۋە جەڭلەر بولدى. ئاشۇ ئۇرۇشتا ئۇنىڭ تەختى ۋە ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلدى.

## نەجاشى ۋە مۇقەۋقىسنىڭ ئەدەب بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى

نەجاشى بىلەن مۇقەۋقىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىرىگە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇلارنىڭ قايتۇرغان جاۋابىمۇ ناھايىتى دوستانە بولدى. مۇقەۋقىس رەسۇلۇللاھقا سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتتى. ئۇ ئەۋەتكەن سوۋغا - سالاملار ئىچىدە ئىككى قىز بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى، ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئانىسى مارىيە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

## كىسرانىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ۋە ئۇنىڭ ھالاكىتى

فارس (ئىران) پادىشاھى كىسرا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى كۆرۈپ، ئۇنى يىرتىپ تاشلىۋەتتى ۋە: ”مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىدىكى بىر قۇل ماڭا مۇشۇنداق خەت يازامدۇ؟“ دېدى. ئۇنىڭ بۇ گېپى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندە، رەسۇلۇللاھ: «الله ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋەيران قىلسۇن» دېدى.

كىسرا يەمەننىڭ ۋالىيسى بازانغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۇتۇپ كېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. بازان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچى رەسۇلۇللاھقا: ”شاھىنشاھ كىسرا ئالىيلىرى پادىشاھ بازانغا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ مېنى سېنىڭ ئالدىڭغا ئەۋەتتى. سەن مەن بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغايسەن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلچىگە اللهنىڭ كىسرانىڭ تەختىگە ئۇنىڭ ئوغلى شىرۇۋەيھنى ھۆكۈمران قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى. الله ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يوقۇتۇپ، ئۇنىڭ تەختىگە مۇسۇلمانلارنى ئىگە قىلدى. ئىران خەلقىنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب ئەمىرلىرىگە مەكتۇپ يوللىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمان بولغانلارمۇ، مۇسۇلمان بولۇشتىن باش تارتقانلارمۇ بولدى.

## 1- خەيبەر غازىتى

### الله تەرەپتىن كەلگەن مۇكاپات

الله ھۇدەيبىيەدە رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلارغا يات ئارىدا قولغا كېلىدىغان فەتىھ ۋە كۆپلىگەن غەنىمەتلەر بىلەن خۇشخەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿الله مۇئمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. الله ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى، الله ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى

يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ فەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. اللّٰه غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿[1].

مەزكۇر فەتىھ ۋە غەنىيمەتلەرنىڭ مۇقەددىمىسى خەيبەر غازىتى بولدى. خەيبەر يەھۇدىيلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى جاي بولۇپ، ئۇ قورغان ۋە قەلئەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا يەھۇدىيلارنىڭ ھەربىي بازىسى ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار تەرەپتىن كېلىدىغان خەۋپنى يوقاتماقچى بولدى. خەيبەر مەدىنىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، مەدىنىگە 70 مىل كېلەتتى.

## پەيغەمبەرنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى مۇئمىن قوشۇن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇلھەججە ياكى مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدا ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كېلىپ، مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئاخىرىدا خەيبەرگە قوشۇن تارتىپ چىقتى. ئامىر ئىبنى ئەكۋە خەيبەرگە قىلغان يۈرۈشتە مۇنداق دەپ بېيىت ئوقۇيتتى:

رەببىمىز سەن بولمىساڭ تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،
بىلمەس ئىدۇق نېمىدۇر ناماز، زاكات، ئىبادەت.
زۇلۇم قىلسا مۇشرىكلار، قىلماسمىز ھېچ ئىتائەت،
ئازدۇرماقچى بولسا ھەم رەت قىلىمىز تائەبەت.
بېغىشلىغىن بىزلەرگە خاتىرجەملىك سائادەت،
ئېلىشقاندا ياۋ بىلەن ئاتا قىلغىن مەتانەت.

قوشۇن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. مۇجاھىدلارنىڭ سانى 1400 بولۇپ، ئۇندىن باشقا، 200 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھۇدەيبىيەگە قاتناشمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا ئىجازەت بەرمىدى. كېسەللەرنى داۋالاش، ياردارلارنى قۇتقۇزۇش، جەڭچىلەرنى سۇ ۋە تاماق بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىنى

[1] سۈرە فەتىھ 18 ـ ۋە 19 ـ ئايەتلەر.

قىلىشقا 20 نەپەر ئايال ساھابە بىللە چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا يېمەكلىك سورىدى. ئۇنىڭغا تالقان كەلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى نەمدەشكە بۇيرىدى. ئاندىن مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە يېدى. خەيبەرگە يېتىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ اللهقا دۇئا قىلىپ، ياخشىلىق تىلىدى. خەيبەردىن ۋە خەيبەر ئەھلىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىدى.

رەسۇلۇللاھ بىرەر قەۋمگە قوشۇن تارتىپ چىقسا، شۇ يەردە بىر كېچىنى تاڭ ئاتقۇزاتتى. ئەگەر ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىسا، باستۇرۇپ كىرىشتىن توختايتتى. ئاڭلىمىسا ھۇجۇم قىلاتتى. بۇ قېتىممۇ رەسۇلۇللاھ شۇ يەردە بىر كېچە قوندى، ئەمما ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى. تاڭ ئاتقاندا خەيبەرنىڭ ئىشچى - دېھقانلىرى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن قوشۇننى كۆرۈپ: ”مۇھەممەد قوشۇن باشلاپ كېلىپتۇ“ دېيىشكىنىچە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ: «الله كاتتىدۇر! خەيبەر خاراب بولدى. بىز بىر قەۋمنىڭ زېمىنىغا چۈشسەك، ئۇلارنىڭ ئەتىگىنى نېمە دېگەن كۆڭۈلسىز - ھە!» دېدى.

## ماھىر قوماندان

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنىڭ قورغانلىرىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ فەتھ قىلىشقا باشلىدى. تۇنجى قېتىم فەتھ قىلىنغىنى نائىم قورغىنى بولۇپ، ئۇنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فەتھ قىلدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى فەتھ قىلىش ئۈچۈن قاتتىق جاپا چەكتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئەتە بايراقنى بىر ئادەم تۇتىدۇ، بۇ ئادەمنى الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى كۆرىدۇ، الله ئۇنىڭ قولى بىلەن (جايلارنى) فەتھ قىلىدۇ» دېدى. ساھابىلارنىڭ چوڭلىرى ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزى بولۇپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ، بويىنىنى سوزۇپ رەسۇلۇللاھقا قارىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلىنى چاقىردى. ئەلى كۆزى ئاغرىق ھالىتىدە كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كۆزىگە «سۇف» دەپ قويىدى ۋە دۇئا قىلدى. نەتىجىدە ئەلىنىڭ كۆزى گويا ئاغرىپ باقمىغاندەك ساقىيىپ كەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بايراقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش بولغانغا قەدەر

ئېلىشىمەن“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە مۇنۇلارنى تاپىلىدى: «ئۇلارنىڭ زېمىنىغا چۈشكەندە، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىن. ئۇلارنى اللە پەرز قىلغان ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەردىن خەۋەرلەندۈرگىن. اللە بىلەن قەسەمكى، اللەنىڭ سەن ئارقىلىق بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلىشى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشى».

## اللەنىڭ شىرى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ باتۇرى ئوتتۇرىسىدا

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەيبەر شەھرىگە كەلدى. يەھۇدىيلارنىڭ مەرھەب ئىسىملىك بىر باتۇرى غەزەل ئېيتىپ، ئەلىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ ئىككىسى تۇتۇشۇپ، ئاخىرى ئەلى ئۇنى يەڭدى. ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ دۇبۇلغىسىنى يېرىۋەتتى ۋە ئۇنى مەغلۇب قىلىپ يەر چىشلەتتى. نەتىجىدە شەھەر فەتىھ قىلىندى.

## ئەمىلى ئاز بولسىمۇ، كۆپ ئەجرگە ئېرىشتى

خەيبەرلىكلەر ئىچىدە بىر نېگىر قۇل بولۇپ، ئۇ خوجايىنىنىڭ قويلىرىنى باقاتتى. ئۇ خەيبەرلىكلەرنىڭ قورال كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن:

ـ نىمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغان ئاۋۇ كىشى بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز، ـ دېدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە پەيغەمبەرنىڭ نامى چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قويلىرىنى ھەيدەپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

ـ سەن نېمە دەيسەن؟ نېمىگە چاقىرىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ:

ـ مەن ئىسلامغا، بىر اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭگە، بىر اللەتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىقىڭغا چاقىرىمەن، ـ دېدى. نېگىر قۇل:

ـ ئەگەر مەن اللەقا ئىمان كەلتۈرسەم، ماڭا نېمە بار؟، ـ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ:

ـ ئەگەر شۇ ھالىتىڭدە ئۆلۈپ كەتسەڭ، ساڭا جەننەت بار، ـ دېدى.

ئۇ مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن كېيىن:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! باشقىلارنىڭ قويلىرى مەندە ئامانەت ئىدى، ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ: «سەن قويلانى تۇزلەڭلىككە ئاپىرىپ قويۇپ بەرگىن، ئاللاھ سەندىكى ئامانەتنى ئىگىسىگە يەتكۈزىدۇ، ـ دېدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلىۋىدى، يەھۇدىيلار ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلىدى. رەسۇلۇللاھ قوشۇنغا نەسىھەت قىلدى ۋە ئۇلارنى جىھادقا قىزىقتۇردى. مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش جەريانىدا نېگىر قۇل شېھىد بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جەستى ئالدىغا كېلىپ: «ئاللاھ بۇ قۇلنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنى خەيبەرگە ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ بېشىدا ئىككى ھۆر ـ پەرىنى كۆردۈم، ۋەھالەنكى، ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن بىر قېتىممۇ سەجدە قىلىپ باقمىغان ئىدى، ـ دېدى.

مەن ساڭا بۇنى دەپ ئەگەشمىدىم:

ئەئرابىيلاردىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، رەسۇلۇللاھقا ئىمان كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئاندىن: "مەن سەن بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ كېتەيمۇ؟" دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى بىر بۆلۈك ساھابىلارغا تاپشۇردى. خەيبەر غازىتى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ غەنىمەت ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن ئاشۇ كىشىگە بىر ئۈلۈش تەقسىم قىلدى. ئۇ كىشى قوشۇننىڭ ئارقا سەپ مۇداپىئەسىدە ئىدى. ئۇ قايتىپ كەلگەن چاغدا، كىشىلەر تەقسىم قىلىنغان غەنىمەتنى ئۇنىڭغا بېرىۋىدى، ئۇ كىشى ئۇنىڭ نىمىلىكىنى سورىدى. ئۇلار: "رەسۇلۇللاھ ساڭا تەقسىم قىلغان غەنىمەت" دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى غەنىمەتنى ئېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ:

ـ سېنىڭ نېسىۋەڭ، ئۇنى ساڭا تەقسىم قىلىپ قويدۇم، ـ دېۋىدى، ئۇ كىشى:

ــ مەن ساڭا بۇنى دەپ ئەگەشمىدىم، بەلكى، بۇ يەرگە ـ بوغۇزىنى كۆرسەتتى ـ ئوق تەگسۇن، ئاللاھ يولىدا ئۆلۈپ جەننەتكە كىرەي دەپ ئەگەشتىم، ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ:

ـ ئەگەر راست ئېيتقان بولساڭ، ئاللاھ سېنى راستقا چىقىرىدۇ، ـ دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كىشى جەڭ مەيدانىغا كېتىپ، ئۆلتۈرۈلگەن

ھالەتتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ:
ـ ئاشۇ كىشى شۇمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:
ـ ھەئە، ـ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ:
ـ ئۇ كىشى اللەقا راست ئېيتقان ئىدى، الله ئۇنى راستقا چىقاردى، ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ تونى بىلەن كېپەنلىدى، ئاندىن:
ـ ئى الله! بۇ سېنىڭ بەندەڭ، ئۇ سېنىڭ يولۇڭدا ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، شېھىد قىلىندى. مەن بۇنىڭغا گۇۋاھچىمەن، ـ دېدى.

## خەيبەر زېمىندا تۇرۇۋېلىشنىڭ شەرتى

بىر قانچە كۈن داۋاملاشقان ئۇرۇش ۋە مۇھاسىرىدىن كېيىن، قورغانلار ئارقا ـ ئارقىدىن فەتىھ قىلىنىشقا باشلىدى. ئاخىرى خەيبەرلىكلەر سۈلھىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا خەيبەرنى بەردى. ئۇلارغا خەيبەردە تۇرغان مەزگىلدە ھەر يىللىق ئاشلىق ۋە مېۋىنىڭ يېرىمىنى تاپشۇرۇشنى شەرت قىلدى.
رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى ئەۋەتەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە مەھسۇلاتنى يېرىمدىن ئىككىگە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ قايسىنى خالىسا، شۇنى تاللىۋېلىشىنى ئېيتاتتى. ئاندىن ئۇلارغا: "ئاسمان ۋە زېمىن مۇشۇ ئادالەت بىلەن بەرپا بولغان" دەيتتى.

## يەھۇدىيلارنىڭ جىنايەتكارانە ئۇرۇنۇشى

مۇشۇ غازاتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي سالام ئىبنى مەشكەمنىڭ خوتۇنى زەينەب بىنتىل ھەرىس ھەدىيە قىلغان قوينىڭ گۆشىنى يەپ زەھەرلەندى. بۇ كاۋاپ قىلىنغان قوي بولۇپ، يەھۇدىي خوتۇن ئۇنىڭغا زەھەر سالغان ئىدى. بۇ يەھۇدىي خوتۇن باشقىلاردىن رەسۇلۇللاھنىڭ قوينىڭ ئالدى قول گۆشىگە ئامراق ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلىۋېلىپ، ئالدى قول گۆشكە زەھەرنى كۆپرەك سالدى. رەسۇلۇللاھ گۆشنى بىر چىشلەپلا، ئۇنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى بىلىپ تۈكۈرۈۋەتتى.
رەسۇلۇللاھ يەھۇدىيلارنى جۇغلاپ، ئۇلارغا:
ـ مەن سىلەردىن گەپ سورىسام، سىلەر بۇنىڭغا راستچىللىق بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جاۋاب بېرەمسىلەر؟ - دېدى.

— جاۋاب بېرىمىز، - دېدى ئۇلار.

— سىلەر بۇ قوينىڭ گۆشىگە زەھەر سالدىڭلارمۇ؟ - دەپ سورىدى رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن.

— شۇنداق، - دېيىشتى ئۇلار.

— نىمىشقا بۇنداق قىلدىڭلار؟ - دەپ سورىدى رەسۇلۇللاھ.

— ئەگەر سەن يالغانچى بولساڭ، سەندىن قۇتۇلايلى دېدۇق. ئەگەر سەن راست پەيغەمبەر بولساڭ، ساڭا زەھەر تەسىر قىلمايدۇ، - دېيىشتى يەھۇدىيلار.

يەھۇدىي خوتۇن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا:

— مەن سېنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغان ئىدىم، - دېدى. رەسۇلۇللاھ:

— الله سېنى ماڭا زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمايدۇ، - دېدى. ساھابىلار:

— بۇ خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، - دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ:

— ياق، - دېدى ۋە ئۇنى جازالىمىدى.

رەسۇلۇللاھ دەسلەپتە بۇ خوتۇننى ئۆلتۈرمىگەن ئىدى. بىراق، كېيىن مۇشۇ گۆشتىن يېگەن بەشەر ئىبنى بەرائ ئىبنى مەئرۇر زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ خوتۇننى ئۆلۈمگە بۇيرىدى.

## فەتىھ ۋە غەنىمەتلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنىڭ ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، فەدەككە ئاندىن ۋادىل قۇراغا قايتىپ كەلدى. ئۇ جايدىكى ئاھالىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى ھەمدە ئۇلارغا ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، ماللىرىنى ۋە جانلىرىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى، قالغان ئىشلىرىدىن الله ھېساب ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ۋادىل قۇرادا يەھۇدىيلار قوللىرىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى رەسۇلۇللاھقا تاپشۇردى. مۇسۇلمانلار ماللارنى غەنىمەت ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ساھابىلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. زېمىن ۋە خورمىزارلىقنى يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا قايتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىشلەشكە قالدۇردى.

تەيمـا يەھـۇدىيلـرى رەسـۇلۇللاھنـىڭ خەيـبەر، فەدەك ۋە ۋادىـل قـۇرادا قىلغان ئـىشلـرىنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھ بىـلەن سۈلھىلـىشىشكە كەلـدى ۋە ماللىرىنى تاپشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قوشۇننى ئېلىپ مەدىنىگە قايتتى.

## ئۆمرە ھەجنىڭ قازاسى

كېلەر يىلى (ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىـلەن مۇسۇلمانلار «ھۇدەيبىيە سۈلھىسى»دىكى كېلىشىمگە ئاساسەن ئالدىنقى يىلدىكى ئۆمرە ھەجنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلدى. قۇرەيشلەر يولنى ئېچىۋەتتى. ئۇلار ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، تاغقا چىقىپ قاراپ تۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار مەككىدە ئۈچ كۈن تۇردى ۋە ئۆمرە ھەج قىلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿اللە پەيغەمبىرىگە، ھەق رەۋىشتە، ھەقىقىي راست چۈش كۆرسەتتى. (ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خۇدا خالىسا (دۈشمەندىن) ئەمىن بولغان، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر، اللە (سۈلھىدىكى) سىلەر بىلمەيدىغان (پايدىنى) بىلىدۇ. اللە بۇنىڭدىن بۇرۇن (سىلەرگە) يېقىن بىر غەلىبىنى (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھىسىنى مۇيەسسەر) قىلدى﴾[1].

## قىزنى بېقىۋېلىش قىزغىنلىقى

ئىسلامنىڭ تەسىرى بىلەن روھ ۋە ئەقىللەر زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. جاھىلىيەتتە تىرىك كۆمۈۋېتىش ئادەتكە ئايلانغان قىزلار مانا ئەمدى ئىسلامدا ئۆز قەدرى ۋە قىممىتىنى تاپتى. مۇسۇلمانلار ئۇنى بېقىۋېلىش ۋە تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى بىر - بىرىدىن تالاشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەدىنىدىن چىقماقچى بولۇۋېدى، ھەمزەنىڭ

---

[1] سۈرە فەتىھ 27 - ئايەت.

قىزى: "تاغا! تاغا!" دېگىنىچە رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى بېرىپ ئۇنى قوچىقىغا ئالدى ۋە پاتىمەگە: "تاغاڭنىڭ قىزىنى قولۇڭغا ئالغىن" دېدى. پاتىمە ئۇنى قوچىقىغا ئالدى. ئەلى، زەيد ۋە جەئفەر ئۇچەيلەن بۇ قىزنى تالىشىپ قالدى. ئەلى:

- ئۇنى مەن باقاي، چۈنكى، ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى، - دېدى. جەئفەر:

- ئۇنى مەن باقاي، چۈنكى، ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى بولغاندىن سىرت، ئايالىم ئۇنىڭ ھاممىسى، - دېدى. زەيد:

- ئۇنى مەن باقاي، چۈنكى، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ قىزى، - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھاممىسىغا بۇيرۇپ بەردى ۋە:

- ھامما دېگەن ئانىنىڭ ئورنىدا، - دېدى. ئاندىن ئەلىگە:

- سەن مەندىن، مەن سەندىن، - دېدى. جەئفەرگە:

- سەن تەن قۇرۇلۇشى ۋە ئەخلاقتا ماڭا ئوخشايسەن" دېدى. زەيدكە:

- سەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز ۋە بىزنىڭ ئازادگەردىمىز، - دېدى.

## مۇئتە غازىتى

### مۇسۇلمان ئەلچىنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇم پادىشاھى قەيسەرگە قاراشلىق بۇسرانىڭ ۋالىيسى شۇرەھبىل ئىبنى ئەمرىل غەسسانىغا ھارىس ئىبنى ئۇمەيرىل ئەزدىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. پادىشاھ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تارىختىن بېرى پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرنىڭ ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرۈشى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش بولۇپ، ئەلچىنى ئۆلتۈرۈش ئەلچى ۋە كونسۇللارغا ئېغىر تەھدىت بولسا، ئەلچى ئەۋەتكۈچىگە نىسبەتەن چىدىغۇسىز ھاقارەتتۇر. بۇنداق زوراۋانىنىڭ چوقۇم ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، تېگىشلىك جازاسىنى بەرمەي بولمايدۇ.

### رۇم زېمىندىكى تۇنجى قوشۇن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر يەتكەن ھامان، رەسۇلۇللاھ بۇسراغا قوشۇن ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلدى.

بۇ ئىش ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى جەمادىيەل ئەۋۋەل ئېيىدا يۈز بەرگەن ئىدى. قوشۇن تەييارلاندى، ئۇلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭ ئىدى. گەرچە قوشۇننىڭ ئىچىدە كاتتا ساھابىلار بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسەنى قوماندان قىلىپ: «ئەگەر زەيد يىقىلسا، جەئفەر قوماندان بولسۇن. جەئفەر يىقىلسا، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندان بولسۇن» دېدى. قوشۇن يولغا چىقتى، كىشىلەر ئۇلارنى ئۇزاتتى ۋە ئۇلارنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىشىنى تىلىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك سەپەر بىلەن ياۋۇز دۈشمەن ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى.

قوشۇن يولغا چىقىپ ”مەئان“ دېگەن جايغا بارغاندا، مۇسۇلمانلارغا ھىرەقلىنىڭ ”بەلقا“ دېگەن جايدا يۈز مىڭ كىشىلىك رۇم قوشۇنى بىلەن تەييارلىنىپ تۇرغانلىقى، يەنە ئۇنىڭغا كۆپلىگەن ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ قوشۇلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ”مەئان“ دېگەن جايدا قانداق قىلىش ھەققىدە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى كۈننى ئۆتكۈزدى. ئۇلار: ”بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سانىنى خەۋەر قىلىپ خەت يازايلى. ئۇ بىزگە ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىشى ياكى قانداق قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈشى مۇمكىن“ دېدى.

## بىز دۈشمەن بىلەن سان ۋە كۈچكە تايىنىپ ئۇرۇش قىلمايمىز

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ: ”ئى قەۋم! اللە بىلەن قەسەمكى، سىلەر شېھىدلىكنى ئىزدەپ چىققان تۇرۇپ، ئۇنى ئۈچ كۆرۈۋاتىسىلەر. بىز دۈشمەن بىلەن سان، كۈچ ۋە كۆپلۈككە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى اللە بىزنى ھۆرمەتلىك قىلغان مۇشۇ دىنغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىمىز. يا غەلىبە يا شېھىدلىكتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇشقا ئاتلىنىڭلار“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، قوشۇن مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى.

## جان پىدا قىلغۇچىلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشى ۋە شىرلارنىڭ ھۆركىرىشى

قوشۇن بەلقانىڭ چېگرىسىغا يېتىپ بارغاندا، رۇم ۋە ئەرەبلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. دۈشمەن يېقىنلاپ كەلدى.

مۇسۇلمانلار «مۇئتە» دېگەن جايدا ئۇرۇشقا ئاتلاندى. ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى رەسمىي جەڭگە كىردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايراقنى زەيد ئىبنى ھارىسكە تۇتقۇزغان ئىدى. ئۇ بايراقنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇش قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە نەيزە سانچىلىپ شېھىد قىلىندى. بايراقنى جەئفەر ئالدى، ئۇمۇ بايراقنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش ئۇنى ھالسىرىتىۋەتتى. ئۇ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئېتىنى بوغۇزلىۋەتتى. ئاندىن ئۇرۇش قىلىپ ئوڭ قولى كېسىلدى، ئۇ بايراقنى سول قولىغا ئالدى، سول قولىمۇ كېسىلدى. بايراقنى ئىككى بىلىكى بىلەن قۇچاقلىدى. ئاخىرى ئۇمۇ شېھىد قىلىندى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ كۆكرەك ۋە ئىككى مۈرىسى ئارىلىقىدا قىلىچ ئۇرۇلغان ۋە نەيزە سانچىلغان جاراھەتتىن 90 نەچچىنى تاپتى. جاراھەتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئىدى.

جەئفەر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بايراقنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇ ئېتىدىن چۈشۈۋىدى، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئازراق گۆش ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا: «بۇنى يەپ قورسىقىڭنى توقلىۋالغىن، مۇشۇ كۈنلەردە ئېغىر جاپا چېكىۋاتىسەن» دېدى. ئۇ گۆشتىن ئېغىزىغا بىر چىشلەم ئېلىپ قالغىنىنى قويدى. ئاندىن قىلىچىنى ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى ۋە ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى.

## خالىدنىڭ دانا قوماندانلىقى

شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر بىردەك خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندان قىلىپ سايلىدى. ئۇ بايراقنى ئېلىپ، قەۋمىنى چېكىندۈردى. ئۇ ھەربىي ئىشلارغا ماھىر، پاراسەتلىك قوماندان بولغاچقا، ئىسلام ئارمىيىسىنى جەنۇب تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. دۈشمەن بولسا، شىمال تەرەپكە چېكىندى. قاراڭغۇ چۈشكەندە قوشۇن بارگاھقا قايتتى. ھەر ئىككى تەرەپ تىنچلىقنى ئەۋزەل كۆردى. ئۇلار ئۆزئارا توقۇنۇشماسلىق ۋە ئۇرۇش قىلماسلىقنى پايدىلىق دەپ ھېسابلىدى. رۇملۇقلار خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ دانا قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمان ئارمىيىسىدىن قورقۇپ چېكىنىپ كەتتى.

## بايان ئەمەس، كۆز بىلەن كۆرگەن خەۋەر

مۇسۇلمانلار رۇملۇقلارنىڭ زېمىنىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرۇپ، جەڭ مەيدانىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ساھابىلىرىگە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: زەيد، جەئفەر ۋە ئىبنى رەۋاھەنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. رەسۇلۇللاھ: «بايراقنى زەيد ئالدى، ئۇ ئۆلتۈرۈلدى، جەئفەر ئالدى، ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلدى، ئىبنى رەۋاھە ئالدى، ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلدى» دېدى، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكەتتى. «مانا، بايراقنى اللهنىڭ قىلىچلىرىدىن بىرى ئالدى، ئاخىرى الله ئۇنىڭغا فەتىھ قىلىپ بەردى» دېدى.

## ئىككى قاناتلىق ئادەم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەئفەر ھەققىدە مۇنداق دېدى: «الله ئۇنىڭ كېسىۋېتىلگەن ئىككى قولىنىڭ ئورنىغا ئىككى قانات ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ جەننەتتە قەيەرنى خالىسا، شۇ يەردە ئۇچۇپ يۈرىدۇ، شۇڭا ئۇ ”ئىككى قاناتلىق ئادەم“ دەپ ئاتالدى».

## ئۇلار قاچاق ئەسكەرلەر ئەمەس، بەلكى ھۇجۇمچىلار

قوشۇن مەدىنە ئەتراپىغا يېقىنلاپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. كىشىلەر ئۇلارغا توپا چېچىپ:

ـ ئى قاچاق ئەسكەرلەر! سىلەر الله يولىدىن قاچتىڭلار، ـ دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ الله خالىسا، ئۇلار قاچاق ئەسكەرلەر ئەمەس، بەلكى ھۇجۇمچىلاردۇر، ـ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەككىنىڭ فەتھ قىلىنىشى

## مەككىنىڭ فەتھ قىلىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش

دىنىي ئىشلار مۇئەييەن دەرىجىدە ئورۇنلانغاندىن كېيىن، اللە پەيغەمبىرىنىڭ ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە كىرىپ، بەيتۇللاھنى بۇتلاردىن تازىلىشىنى، بەيتۇللاھنىڭ ئالەملەر ئۈچۈن بەرىكەت ۋە ھىدايەت بولۇشىنى، مەككىنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپ، بەيتۇللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە تىنچ ماكان بولۇشىنى ئىرادە قىلدى.

## بەنى بەكرى ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئەھدىنى بۇزۇشى

اللە مەككىنىڭ فەتھ قىلىنىشى ئۈچۈن سەۋەبلەرنى ھازىرلىدى، قۇرەيشلەر ئاشۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىجرا قىلغۇچىسى بولدى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە: «ھەر قايسى ئەرەب قەبىلىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياكى قۇرەيشلەردىن كىمنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشنى خالىسا، شۇنىڭ ھىمايىسىگە كىرسە بولىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. مۇشۇ كېلىشىم بويىچە بەنى بەكرى قەبىلىسى قۇرەيشلەرنىڭ ھىمايىسىگە، بەنى خۇزائە قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن ئىدى.

بەنى بەكرى قەبىلىسى بىلەن بەنى خۇزائە قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا تارىخىي ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك بولۇپ، ئىسلام كېلىپ ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىنى توختىتىپ، كىشىلەرمۇ ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ئىدى. تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، بەنى بەكرى قەبىلىسى بۇنى بەنى خۇزائەدىن كونا ئۆچىنى ئېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قارىدى. دەرۋەقە، بەنى خۇزائە سۇ تۇتۇۋاتقاندا، بەنى بەكرىدىن بىر قانچە ئادەم ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، بىر قانچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

قۇرەيشلەر بەنى بەكرىگە قورال بىلەن ياردەم بەرگەندىن سىرت، بىر بۆلۈك قۇرەيش مۆتىۋەرلىرى بەنى بەكرى تەرەپتە تۇرۇپ، كېچىدە يوشۇرۇن

ئۇرۇش قىلىپ، بەنى خۇزائەنى ھەرەمگە قىستاپ كەلدى. ئۇلار ھەرەمگە يېتىپ كەلگەندە، بەنى بەكرىنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرى ئۆزئارا:
— بىز ھەرەمگە كىردۇق، ئىلاھىڭلاردىن قورقۇڭلار! — دېيىشىدى، قۇرەيشلەر:
- ئى بەنى بەكرى! بۈگۈن ئىلاھ يوق، سىلەر قىساسىڭلارنى ئېلىڭلار، بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ئىككىنچى قېتىم ھەرگىز تاپالمايسىلەر، - دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن ياردەم سوراش

خۇزائە قەبىلىسىدىن ئەمر ئىبنى سالىم چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ مەدىنىگە كىرگەندىن كېيىن توختاپ تۇرۇپ، شېئىرلارنى ئوقۇدى. ئۇ ئوقۇغان شېئىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن خۇزائە قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئېلىپ، رەسۇلۇللاھتىن ياردەم بېرىشىنى ۋە قۇتقۇزۇشىنى تەلەپ قىلدى. قۇرەيشلەرنىڭ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىپ، كېلىشىمنى بۇزۇپ سۇ تۇتۇۋاتقان ئادەملەرنى روكۇ ۋە سەجدە قىلىۋاتقان ھالەتتە ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئى ئەمر ئىبنى سالىم! سەن چوقۇم ياردەمگە ئېرىشىسەن» دېدى.

## قۇرەيشلەرنىڭ كېلىشىمنى يېڭىلاش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ساھابىلارگە: «ئەبۇ سۇفيان ئەھدىنى كۈچەيتىش ۋە كېلىشىم مۇددىتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كېلىدۇ» دېدى. ئەھۋال ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئېيتقىنىدەك بولدى. قۇرەيشلەر ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن راستىنلا قورقۇپ قالغان ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى ئاتا ۋە بالىدىن ئۈستۈن كۆرۈش

ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەدىنىگە كېلىپ، قىزى ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئەبۇ

سۇفياننىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرپىسى ئۈستىدە ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، قىزى كۆرپىنى قاتلاپ ئېلىۋەتتى. ئەبۇ سۇفيان:

ـ ئى قىزىم! مەن كۆرپىگە لايىق كەلمەمدىم ياكى كۆرپە ماڭا لايىق كەلمەمدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇممۇ ھەبىبە:

ـ بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرپىسى، سەن بولساڭ بىر نىجىس. شۇڭا مەن سېنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرپىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇڭنى ياقتۇرمايمەن، ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ئەزبىرايى خۇدا! ئى قىزىم، ساڭىمۇ كېسەل يۇقۇپتۇ. ـ دېدى.

## ئەبۇ سۇفياننىڭ ھەيرانلىقى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى

ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ سۆزلىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، رەسۇلۇللاھقا گەپ قىلىپ بېقىشنى ئۆتۈندى. ئەبۇ بەكرى: ”مەن ئۇنداق قىلالمايمەن“ دېدى. ئەبۇ سۇفيان مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆمەر، ئەلى ۋە پاتىمەلەرنىڭ قېشىغا باردى. بىراق، ئۇلارنىڭ ھېچقايسى ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. بەلكى ئۇلار: ”ئەھۋال سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددى ئەمەس“ دېيىشتى. ئەبۇ سۇفيان ھەيرانلىقىدا ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويدى.

## مەككىگە كىرىشكە تەييارلىنىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى تەييارلىنىشقا بۇيرىدى. ئىشلارنى دەسلەپتە مەخپىي تۇتتى. كېيىن مەككىگە قاراپ ئاتلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە دەرھال تەييارلىق قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. رەسۇلۇللاھ: «ئى الله! بىز مەككىگە تۇيۇقسىز كىرىشتىن ئىلگىرى قۇرەيشلەرنىڭ خەۋەردار بولۇپ قېلىشىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ اللهقا دۇئا قىلدى.

ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. رەسۇلۇللاھ مېڭىپ تاكى «مەررە زەھران» دېگەن جايغا

يېتىپ بارغانغا قەدەر اﷲ قۇرەيشلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە قاراپ يولغا چىققانلىقىدىن بىخەۋەر قالدۇردى. قۇرەيشلەر تېخىچە قورقۇنچ ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئىدى.

## زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئەپۇ قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا تاغىسى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى ئەبۇ سۇفيان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. چۈنكى، ئۇ ئۇ ئەينى ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھقا قاتتىق ئەزىيەت يەتكۈزگەن ۋە ئۇنى ھەجۋى قىلىپ دىلىنى ئاغرىتقان ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئەلىگە ئېيتىپ زارلاندى. ئەلى ئۇنىڭغا: ”سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئېيتقان: ﴿اﷲ بىلەن قەسەمكى، اﷲ ھەقىقەتەن سېنى بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق﴾ دېگەن سۆز (ئايەت)نى ئېيتقىن. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سۆزى بۇنىڭدىن چىرايلىق ئادەمنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ“ دېدى. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس شۇنداق قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئېيتقان: ﴿بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، اﷲ سىلەرنى كەچۈرسۇن، اﷲ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر﴾ دېگەن سۆزى (ئايەت)نى ئوقۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىسنىڭ ئىسلامى ناھايىتى ياخشى بولدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھتىن خىجىل بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرەلمىدى.

## ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى ئوت يېقىشقا بۇيرىدى. ئۇلار تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ گۇلخان ياقتى. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب سىرتقا چىقىپ: ”مەن بۇنداق ئوت يېقىلغان كېچە ۋە قوشۇننى زادىلا كۆرگەن ئەمەسمەن“ دېدى. ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب بالدۇرراق ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ، مۇسۇلمان بولغان ۋە ھىجرەت قىلغان ھالدا مەككىدىن چىقىپ، قوشۇن بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە

مەككىگە قايتقان ئىدى. ئۇ ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇن باشلاپ كەلدى، قۇرەيشلەرنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك“ دېدى ۋە ئەبۇ سۇفيانىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆزى مىنگەن خېچىرنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

رەسۇلۇللاھ ئۇنى كۆرۈپ:

ـ ۋاي ساڭا ئەبۇ سۇفيان! سەن تېخىچە بىر اللهتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ــ ا ـ ئانام ساڭا پىدادۇر، سەن نېمىدېگەن ئاقكۆڭۈل، ھۆرمەتلىك ۋە ئالىيجاناب ــ ھە؟! الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر الله بىلەن يەنە بىر ئىلاھ بولغان بولسا، ھازىرغىچە ماڭا ئۇنىڭ بىرەر پايدىسى تېگەر بولغىيدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ۋاي ساڭا ئەبۇ سۇفيان! سەن تېخىچە مېنىڭ اللهنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ـ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدادۇر، سەن نېمىدېگەن ئاقكۆڭۈل، ھۆرمەتلىك ۋە ئالىيجاناب ــ ھە؟! الله بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدا ھازىرغىچە كۆڭلۈمدە كىچىككىنە بىر تۈگۈن بار، ـ دېدى.

ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ۋاي ساڭا ئەبۇ سۇفيان! سەن مۇسۇلمان بولغىن، بوينۇڭغا قىلىچ ئۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ”بىر اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى“ دەپ گۇۋاھلىق بەرگىن، ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان چىن دىلىدىن شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

## ئومۇمىيۈزلۈك كەچۈرۈم ۋە ئەمنلىك

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك كەچۈرۈم ۋە ئەمىنلىك بەردى. مەككە ئاھالىسى ئىچىدە تىنىچلىقنى ياقتۇرمايدىغان، ياشاشقا قىزىقمايدىغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم ھالاك بولمىدى. رەسۇلۇللاھ: «كىمكى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ھويلىسىغا كىرىۋالسا ئۇ ئەمىن، كىمكى ئىشىكىنى تاقىۋالسا ئۇ ئەمىن، كىمكى مەسجىدكە كىرىۋالسا ئۇ

ئەمىن» دەپ جاكارلىدى. رەسۇلۇللاھ قوشۇننى مەككىگە كىرگەن چاغدا قارشى تۇرغۇچىلاردىن باشقا كىشىگە قورال ئىشلەتمەسلىككە، مەككىلىكلەرنىڭ مال - مۈلكىگە چېقىلماسلىققا بۇيرىدى.

## ئەبۇ سۇفيان فەتىھ قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئالدىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنى ئىسلام ئارمىيىسى ئۆتىدىغان يولدا ئەبۇ سۇفياننى ئولتۇرغۇزۇشقا بۇيرىدى. فەتىھ قىلغۇچى قوشۇن گويا ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىزدەك ھەرىكەتلەنمەكتە ئىدى. ھەر قايسى قەبىلىلەر ئۆز بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئۆتەتتى. ھەر بىر قەبىلە ئۆتكەندە، ئەبۇ سۇفيان ئابباستىن ئۇنىڭ قايسى قەبىلە ئىكەنلىكىنى سورايتتى ئاندىن: "مەن نېمە ئىش قىلغان بولغىيتتىم؟" دەيتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن تەركىب تاپقان يېشىل كىيىملىك قوشۇن ئىچىدە ئۆتتى. پەقەت ئۇلارنىڭ كۆزىنىلا كۆرگىلى بولاتتى.

ئەبۇ سۇفيان:

- سۇبھانەللاھ! ئى ئابباس، بۇلار كىملەر؟ - دېدى. ئابباس:

- بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ ئىچىدە، - دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

- ھېچكىم بۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ ۋە بۇلاردىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ. ئى ئەبۇ فەزل! سېنىڭ قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلى كاتتا پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ، - دېدى. ئابباس:

- ئى ئەبۇ سۇفيان! بۇ دېگەن پەيغەمبەرلىك، - دېۋىدى، ئەبۇ سۇفيانمۇ:

- شۇنداق، پەيغەمبەرلىك، - دېدى.

ئەبۇ سۇفيان ئورنىدىن تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

- ئى قۇرەيشلەر! بۇ مۇھەممەد سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا مىسلىسىز كۈچ بىلەن كەلدى، كىمكى مېنىڭ ھويلامغا كىرىۋالسا، ئۇ ئەمىن بولىدۇ، - دېدى. قۇرەيشلەر:

- ھالاك بولغايسەن ئىلاھىم! سېنىڭ ھويلاڭ نېمىگە ئەسقاتاتتى؟ - دېيىشتى. ئۇ:

- كىمكى ئىشىكىنى تاقىۋالسا، ئۇ ئەمىن. كىمكى مەسجىدكە

www.uyghurkitap.com

كىرىۋالسا، ئۇ ئەمەن، ـ دېدى. كىشىلەر ھويلىلىرىغا ۋە مەسجىدكە قاراپ مېڭىشتى.

## ھاكاۋۇر ئىشغالىيەتچىدەك ئەمەس، بەلكى كەمتەر ئاددى كىشىدەك كىرىش

اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى فەتھە ئارقىلىق ھۆرمەتلىدى. ئۇ مەككىگە اللە ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن تۇتقان ھالدا تۆۋەنلىك ۋە كەمتەرلىك بىلەن كىرىپ كەلدى. ھەتتا ئۇ بېشىنى تۆۋەن تۇتقانلىقتىن ئېڭىكى ئىگەرنىڭ قۇشبېشىغا تېگىپ قالغىلى ئاز قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرگەندە ئادالەت، باراۋەرلىك، كەمتەرلىك ۋە تۆۋەنلىك شۇئارلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن نامايەن قىلىپ، ئۇسامە ئىبنى زەيدنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈۋالدى. رەسۇلۇللاھ بەنى ھاشىم ياكى قۇرەيش ئۇلۇغلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئوغلىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئازادگەردىسى زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامەنى مىندۈردى.

تارىخ ـ ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى رامىزاننىڭ 20 ـ كۈنى (جۈمە كۈنى) ئەتىگەن ئىدى. بىر ئادەم كېلىپ، رەسۇلۇللاھقا سۆزلىدى. ئۇ ئادەم قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭنى بېسىۋال، مەن پادىشاھ ئەمەس. قۇرەيشلەر ئىچىدىكى قۇرۇتۇلغان گۆش يەيدىغان بىر ئايالنىڭ بالىسىمەن» دېدى.

## جازالىنىدىغان كۈن ئەمەس، بەلكى مەرھەمەت قىلىنىدىغان كۈن

سەئد ئىبنى ئۇبادە ئەنسارلار ئەترىتى ئىچىدە ئەبۇ سۇفياننىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا: ”بۈگۈن جازالىنىدىغان كۈن، بۈگۈن ھۆرمەت يوقىلىدىغان كۈن، بۈگۈن قۇرەيشلەرنى اللە خار قىلىدىغان كۈن“ دېدى. رەسۇلۇللاھ قوشۇن ئىچىدە ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئەبۇ سۇفيان بۇنى رەسۇلۇللاھقا شىكايەت قىلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن سەئدنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ:

ـ سەئد نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى

رەسۇلۇللاھقا سۆزلەپ بېرىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەئىدنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلىپ:

ــ ياق، بۈگۈن مەرھەمەت قىلىنىدىغان كۈن، بۈگۈن الله قۇرەيشلەرنى ئەزىز قىلىدۇ، قۇرەيشلەر ئىچىدىكى كەئبىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ. ــ دېدى ۋە سەئىدكە ئادەم ئەۋەتىپ، بايراقنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى قەيسكە بەردى. قانداقلا بولمىسۇن، بايراق يەنىلا سەئىدنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتمىدى. چۈنكى، ئوغۇل دېگەن ھامان ئاتىغا مەنسۇپ ــ دە!

## كىچىككىنە توقۇنۇش

سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل ۋە سۇھەيل ئىبنى ئەمىر باشچىلىقىدىكى مۇشرىكلار بىلەن خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە توقۇنۇش بولدى. مۇشرىكلاردىن 12 ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپ، قالغانلىرى چېكىندۈرۈلدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىغا مەككىگە كىرگەن چاغدا قورال كۆتۈرۈپ قارشى تۇرغۇچىلاردىن باشقا كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىقنى بۇيرىغان ئىدى.

## ھەرەمنى بۇت ۋە ھەيكەللەردىن تازىلاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىپ، كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن، بەيتۇللاھقا كېلىپ، تاۋاپ قىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدا ئوقيا بار ئىدى. بەيتۇللاھنىڭ ئىچىدە ۋە ئەتراپىدا 360 بۇت بولۇپ، رەسۇلۇللاھ قولىدىكى ئوقيا بىلەن بۇتلارنى نوقۇپ تۇرۇپ: «ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇپرى) يوقالدى، باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقۇلىدۇ. ھەق (يەنى ئىسلام) كەلدى، (باتىل يوقالدى)، باتىل (بىرەر مەخلۇقنى) پەيدا قىلالمايدۇ، (يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ، بۇتلار يۈزىچە يىقىلىدۇ» دېدى.

رەسۇلۇللاھ كەئبە ئىچىدە سۈرەت ۋە ھەيكەللەرنى كۆرۈپ، سۈرەتلەرنى يىرتىپ، ھەيكەللەرنى چىقىۋېتىشكە بۇيرىدى.

## بۈگۈن ياخشىلىق ۋە ۋاپا قىلىدىغان كۈن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاۋاپنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئوسمان ئىبنى تەلھەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن ئاچقۇچنى ئالدى. بەيتۇللاھنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىچىگە كىردى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى بىر كۈنى ئوسمان ئىبنى تەلھەدىن بەيتۇللاھنىڭ ئاچقۇچىنى سورىغان ئىدى. شۇ چاغدا، ئوسمان رەسۇلۇللاھقا قوپاللىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئازار بەرگەن ئىدى. مانا بۈگۈن رەسۇلۇللاھ ئۇنى كەچۈردى ۋە:

— ئى ئوسمان! بۈگۈن بۇ ئاچقۇچنى مېنىڭ قولۇمدا كۆرىۋاتىسەن، مەن ئۇنى قەيەردە قويۇشنى خالىسام، شۇ يەردە قويىمەن، - دېدى. ئوسمان ئىبنى تەلھە:

— ئۇنداقتا قۇرەيش ھالاك بولدى ۋە خار بولدى، - دېدى. رەسۇلۇللاھ:

— ياقى، بەلكى قۇرەيش گۈللەندى ۋە ئەزىز بولدى، - دېدى. رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى ئوسماننىڭ سۆزىگە دەل كەلدى. ئوسمان:

— ئەھۋال مەن ئېيتقاندەك بولدۇ، - دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ كەئبىدىن چىقتى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئورنىدىن تۇردى. كەئبىنىڭ ئاچقۇچى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

— كەئبىگە يوپۇق يېپىش بىلەن ھاجىلارغا سۇ بېرىش ئىشىنى بىزگە بۇيرۇپ بەرگىن، - دېدى. رەسۇلۇللاھ ئوسمان ئىبنى تەلھەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئى ئوسمان! ئاچقۇچۇڭنى قولۇڭغا ئال، بۈگۈن ياخشىلىق ۋە ۋاپا قىلىدىغان كۈن. ئۇنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مەڭگۈ سىلەر تۇتۇڭلار، ئۇنى سىلەردىن زالىمدىن باشقىسى تارتىۋالمايدۇ، - دېدى.

## ئىسلام تەۋھىد ۋە بىرلىك دىنى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى. بۇ چاغدا، قۇرەيشلەر سەپ - سەپ بولۇپ، مەسجىدكە توشۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار پەستە رەسۇلۇللاھنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىغا قاراپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياغىچى (كېشىكى)نى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بىر

www.uyghurkitap.com

ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى راستقا چىقاردى، بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)گە ياردەم بەردى، ئۆزى يالغۇز دۈشمەن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەر قانداق ئىمتىياز، ئالۋان ـ سېلىق ۋە ياكى كونا قىساسلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈندىن باشلاپ قەدىمىي بىكار قىلىندۇ. پەقەت بەيتۇللاھقا قاراش ھوقۇقى ۋە ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئى قۇرەيشلەر! ئاللاھ سىلەردىن جاھىلىيەتنىڭ مۇغەمبەرلىكىنى ۋە ئەجدادلار بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئىللەتلەرنى كەتكۈزدى. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئاتىنىڭ باللىرى، ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارىتىلغان» دېدى. ئاندىن كېيىن تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[1].

## دوستلۇق ۋە شەپقەت ئەلچىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى قۇرەيشلەر! سىلەر مېنى ئۆزۈڭلارنى نېمە قىلىدۇ دەپ ئويلايسىلەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى. ئۇلار:

— بىز سېنى ‹ياخشىلىق قىلىدۇ› دەپ ئويلايمىز، چۈنكى، سەن ئالىيجاناب كىشى ۋە ئالىيجاناب كىشىنىڭ ئوغلى، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— مەن سىلەرگە يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىغا ئېيتقان سۆزنى ئېيتىمەنكى: «بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر»، قايتىڭلار، ھېچكىم سىلەرگە چېقىلمايدۇ، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلالنى ئەزان ئېيتىشقا بۇيرىدى. بىلال

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

كەئبىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەزان ئېيتتى. مەككە ئاسمىنىدا ئەزان ئاۋازى ياڭرىدى. قۇرەيشنىڭ كاتتىباش ۋە مۆتىۋەرلىرى اللهنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جاكارلايدىغان مۇبارەك سۆزنى ئاڭلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ ھانىي بىنتى ئەبۇ تالىبنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، غۇسلى قىلدى، ئاندىن اللهقا تەشەككۇر ئېيتىش يۈزىسىدىن سەككىز رەكئەت فەتىھ نامىزى ئوقۇدى.

## اللهنىڭ قانۇننى يۈرگۈزۈشتە ھەممە ئادەم باپباراۋەر

مۇشۇ غازاتتا بەنى مەخزۇم قەبىلىسىدىن پاتىمە ئىسىملىك بىر ئايال ئوغرىلىق قىلدى. ئۇ نوپۇزلۇق ۋە ئىناۋەتلىك ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەۋمى ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇ ئايال ئۈچۈن رەسۇلۇللاھقا ”ئىككى ئېغىز گەپ“ قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. چۈنكى، ئۇلار ئۇسامەنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇسامە ھېلىقى ئايال ئۈچۈن رەسۇلۇللاھقا گەپ قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاندىن:

— سەن اللهنىڭ قانۇننى يۈرگۈزۈشتىمۇ ئارىغا چۈشمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ ـ دېدى. ئۇسامە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۈچۈن اللهتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ـ دېدى.

چۈشتىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدا ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇدى. ئالدى بىلەن اللهقا ھەمدۇسانا ئېيتتى، ئاندىن كېيىن: «سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەر ئۆز ئىچىدىكى نام ـ ئابرويلۇق كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا كارى بولماي، ئاجىز ـ بىچارىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازا ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتتى. جېنىم ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر قىزىم پاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئايالنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئايال چىن دىلىدىن تەۋبە قىلدى.

## ئىسلام ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشقا بەيئەت قىلىش

مەككىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئىسلام ئۈستىدە مۇستەهكەم تۇرۇشقا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن سافا تېغىدا بىللە ئولتۇرۇپ، ئۇلاردىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت ئالدى. ئەرلەر بەيئەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاياللار بەيئەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالى هىند بىنتى ئۇتبە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ هەمزەگە قىلغان قىلمىشىدىن ئۇيالغاچقا، چۈمبەل ئارتىپ ناتونۇش قىياپەتكە كىرىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قوپال ئاۋازىدىن تونۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن بەيئەت ئالدى.

## هايات - ماماتتا مەن سىلەر بىلەن بىللە

الله پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئۆزىنىڭ يۇرتى ۋە تۇغۇلغان يېرى بولغان مەككىنى فەتىھ قىلىپ بېرىۋىدى، ئەنسارلار ئۆز ئارا: "الله پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئۆزىنىڭ يۇرتى ۋە تۇغۇلغان يېرى بولغان مەككىنى فەتىھ قىلىپ بەردى. ئەمدى رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قايتماي مەككىدە تۇرۇپ قالىدۇ" دېيىشتى.

ئۇلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەم بىلمەيتتى. شۇنداق تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەنسارلاردىن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى سورىدى. ئۇلار خىجىل بولۇشۇپ، قىلغان گەپلىرىنى ئىقرار قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «الله ئۆز پاناهىدا ساقلىسۇن! هايات - ماماتتا مەن سىلەر بىلەن بىللە» دېدى.

## جاهىلىيەت تەسىرلىرىنى ۋە بۇددىزىم شوئارلىرىنى يوقۇتۇش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قوشۇنلىرىنى كەئبە ئەتراپىدىكى بۇتلارنى تازىلاشقا بۇيرىدى. بۇتلارنىڭ هەممىسى چېقىپ تاشلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشرىكلارنىڭ لات، ئۇززا، مەنات قاتارلىق داڭلىق بۇتلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام جاكارچى ئارقىلىق مەككە ئىچىدە: «كىمكى اللهقا ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ئۆيىدىكى هەر قانداق بۇتنى قالدۇرماي

چىقىپ تاشلىسۇن» دەپ جاكارلىدى. ئاندىن ھەر قايسى قەبىلىلەرگە ساھابىلارنى ئەۋەتىپ، شۇ جايدىكى بۇتلارنى چىقىپ تاشلىدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ مەككىنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ: «اللّٰهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىنىڭ مەككىدە قان تۆكۈشى، مەككىنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىشى ھالال ئەمەس. بۇنىدىن ئىلگىرى ھېچكىشىگە ھالال قىلىنمىغاندەك، بۇندىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا ھېچكىشىگە ھالال قىلىنمايدۇ» دېدى. ئاندىن مەدىنىگە قايتىپ كەتتى.

## مەككە فەتھىسىنىڭ تەسىرى

مەككەنىڭ فەتھە قىلىنىشى ئەرەبلەرنىڭ روھى دۇنياسىغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. اللّٰه ئۇلاردىن كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا ئاچتى. ئۇلار توپ ـ توپ، گورۇھ ـ گورۇھ بولۇپ ئىسلامغا كىردى. بۈيۈك اللّٰه ھەقىقەتەن راست ئېيتتى:
﴿اللّٰهنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە اللّٰهنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. اللّٰه ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇ﴾[1].

# ھۇنەين غازىتى

## ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ قوشۇن توپلىشى

مەككە فەتھە قىلىنىپ، كىشىلەر اللّٰهنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئەرەبلەر ساداقەتكى بارلىق ئوقنى جوغلاپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئاتتى.
ھەۋازىن قەبىلىسى قۇرەيشلەردىن قالسا ئەرەبلەر ئىچىدىكى زور كۈچ

---

[1] سۈرە نەسر، 1 ـ دىن 3 ـ ئايەتكىچە.

بولـۇپ، قۇرەيشـلـەر بـىـلـەن ھەردائىــم ئـۇزەڭگە سوقۇشــتۇراتتى. شـۇڭا ئـۇلار قۇرەيشلـەر بويسۇنغاندەك ئـىسلامغا بويسۇنـمـىدى.

ھەۋازىــن قەبىلـىســىنـىڭ باشـلـىقى مـالـىــك ئـىبنــى ئەۋف ھەۋازىــن ۋە سـەقـىف قەبىلـىســىدىكىلـەرنى مۇسـۇلـمانلارغا قارشـى ئـۇرۇش قـىلـىشــقا چاقـىردى. ھەۋازىنلىقلارنىڭ ھەممىسى ئـۇرۇش قـىلـىـش ئۈچـۈن توپلانـدى. جەڭچـىلـەرنىڭ غەيرىتـىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇشقا ئەرلەردىن باشقا ئايـاللار، بالـىلار ۋە مال ـ مۈلۈكلـەرنىمۇ توپلاپ، بىللە ئېلـىپ چىقتى.

مـەككـىلـىكلـەردىــن ئـىسـلامغا يېڭـىــدىن كـىـرگـەن ۋە ئـىسـلامغا تېخـى كـىرمـىگەن كـىشـىلـەردىن تەركىب تاپقـان ئـىككى مـىـڭ كـىشى رەسۇلـۇللاھ بـىـلـەن بـىـرلىكتە ئـۇرۇش قـىلـىـش ئۈچـۈن تەييارلانـدى. رەسـۇلـۇللاھ ئـۇلارنى مەدىنـىدىن ئېلـىـپ چىققان ئـون مـىـڭ كـىشـىـگە قوشـۇپ، جەمئـى 12 مـىـڭ كـىشـىلـىك قوشـۇن بـىـلـەن يولغـا چىقتـى. مۇسـۇلمـانلار قوشـۇنـىنـىڭ سـانى بۇنــدىن ئـىلگـىرىكــى ھەر قانــداق غازاتتـىكـىــدىن كـۆپ بولــدى. شــۇڭا مۇسۇلـمانلار: ”بۈگۈن بىز ھەرگىـز مەغلـۇب بولـمـايمىز“ دېيىـشـتى. قوشـۇن ئەزالـىرىنـىڭ كۆپلۈكى ئۇلارنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى.

## ھۇنەين جىلغىسىدا

مۇسـۇلـمـانلار ھـۇنەيـن جـىلغـىسـىغا يېتـىــپ كەلـدى. بـۇ، ھىجرەتـنـىـڭ سەككـىزىنچى يـىلى شەۋۋال ئېيى ئـىدى. مۇسۇلـمـانلار تېخـى تـاڭ يورۇمـاسـتا ھــۇنەيـن ۋادىســىغا قــاراپ تـۆۋەن چۈشـۈشــكە باشـلـىدى. ئـۇلار بـۇ يــول ۋە جـىلغـىـلاردا دۈشـمەنـنـىڭ بۆكتـۈرمە قوشـۇنـلـىرىنـىڭ ئاللـىقاچـان يېتـىــپ كېلـىـپ، مۆكـۈنۈپ ياتقانلىقـىنى بـىلـمەيتتى. ئـۇلار شـۇنداق تېزلـىـك بـىـلـەن ئـىلگـىرىلەۋاتقـان پەيتـتە ئۈشـتۇمتۇت ئۇلارنـىـڭ ئۈسـتى ـ باشـلـىرىغا قـار ـ يامغۇردەك ئوق يېغىـپ كەتتى. دۈشـمەن ئۇلارنى بـىراقلا ئوققـا تـۇتتى. ئالـدى تەرەپتـىـن قـىلـىچلارنـى كۆتـۈرۈپ ھۇجـۇم قـىلـىــپ كەلـدى. مۇسـۇلـمانلارنـىڭ سەپلـىرى بۇزۇلـۇپ، ھـېچ كـىشـى ھـېچ كـىشـىـگە قارىمـاي، تەرتـىپسـىـز ھالـدا قېچـىشقا باشلـىدى.

ھەل قـىلغۇچ پەيت يېتـىـپ كەلـدى. مۇشـرىكلار مۇسـۇلـمانلارنى بـىراقلا قورشـاپ يوقۇتۇشـقا تاسـلا قالـدى. مۇسـۇلـمانلارنـىڭ بـۇ قېتـىمقـى ئەھـۋالى ئۇلارنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشـىدا «پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلـتۈرۈلۈپتـۇ» دېگەن

خەۋەر تارقالغاندىن كېيىنكى ئەھۋالغا ئوخشاش بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلار دۈشمەننى تاشلاپ قاچتى.

## فەتھ ۋە ئاراملىق

اﷲ ئۆز سانىنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ: ”بىز ھەرگىز مەغلۇپ بولمايمىز“ دەپ مەغرۇرلانغان مۇسۇلمانلارنى ئەدەبلەپ، ئۇلارغا فەتھنىڭ ھالاۋىتىدىن كېيىنكى مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىتقاندىن كېيىن، يەنە غەلىبىنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بەردى. اﷲ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە ئاراملىق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى تەسكىن تاپقۇزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاق خېچىرىغا مىنىپ، ئۆز ئورنىدا تەۋرەنمەي تۇراتتى. رەسۇلۇللاھتا نە قورقۇش، نە ئەنسىرەش دېگەندىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇھاجىر، ئەنسارلاردىن ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن پەقەت بىر قانچە كىشىلا قالغان ئىدى. تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب رەسۇلۇللاھنىڭ خېچىرىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ بولسا مەردانىلىق بىلەن:

«مەن پەيغەمبەر، ئابدۇلمۇتەللىب پۇشتىمەن، ئەمەس ھەرگىز يالغانچى، ياۋ پۇشتىدىن قورقمايمەن» دەيتتى.

دۈشمەن قوشۇنلىرى رەسۇلۇللاھ تەرەپكە كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ بىر ئوچۇم توپىنى ئېلىپ، ئۇنى يىراقتىن دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىگە چاچتى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەننىڭ كۆزى توپىغا توشۇپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن قالغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى ئابباس! ‹ئى ئەنسارلار جامائىتى! ئى رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار!› دەپ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىغىن» دېدى. ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئاۋازى يۇقىرى كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلار: ”مانا بىز“ دېيىشكىنىچە يېتىپ كېلىشتى. بىر ئادەم تۆگە بىلەن قېچىۋاتاتتى. ئۇ ئاۋازنى ئاڭلاپلا تۆگىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، جەڭ قوراللىرىنى ئېلىپ ئاقىسىغا ياندى. شۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىغا بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار جەم بولدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ قوماندانلىقىدا قايتىدىن دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلاندى.

مەغلۇب بولۇپ قاچقان مۇسۇلمانلار ئارقىسىغا قايتىپ كەلگەن چاغدا،

رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا قولى ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان ئەسىرلەرنى كۆردى. اﷲ پەرىشتىلەرنى چۈشۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا ياردەم بەردى. پەرىشتىلەر جىلغىلارغا توشۇپ كەتتى. ئۇرۇش ھەۋازىنلىقلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ رېئاللىقنى اﷲ قۇرئاندا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿اﷲ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار. ئاندىن اﷲ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، اﷲ كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ﴾[①].

## تائىف غازىتى

### سەقىف قەبىلىسىنىڭ قالدۇق قوشۇنى

ھۇنەين جەڭ مەيدانىدا مەغلۇب بولغان ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىسىنىڭ قاچاق قوشۇنى تائىف قۇرغىنىغا كىرىپ مۇداپىئەلىنىۋالدى. ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ، سېپىل مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. بىر يىللىق ئوزۇق - تۈلۈكنى جۇغلىۋېلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى.

---

① سۇرە تەۋبە، 25 - ۋە 26 - ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇن باشلاپ تائىفقا يېقىن بىر جايغا چۈشتى. ئۇلار تائىف قورغىنىنىڭ يېنىغا يېقىن كەلگەن بولسىمۇ، بىراق، شەھەر دەرۋازىسى چىڭ تاقالغاچقا، شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرەلمىدى. ئەكسىچە، دۈشمەن قوشۇنلىرى شەھەر ئىچىدىن مۇسۇلمانلارنى ئوققا تۇتتى.

## تائىف قورغىنى

مۇسۇلمانلار ئەسلىدىكى ئورنىدىن باشقا بىر جايغا يۆتكىلىپ، شەھەرنى قامال قىلدى ۋە ئۇلارنى 20 نەچچە كۈن مۇھاسىرىگە ئالدى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى ئوققا تۇتۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مۇھاسىرىدە تۇنجى قېتىم مەنجاناق (چوڭ تىپتىكى تاش ئاتىدىغان قورال)نى ئىشلەتتى. ئۇرۇش قاتتىق بولدى، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار دۈشمەنىنىڭ ئوقى تېگىپ شېھىد قىلىندى.

## ئۇرۇش مەيدانىدىكى رەھىمدىللىك

مۇھاسىرە كۈچىيىپ، ئۇرۇش ۋاقتى ئۇزارغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى سەقىف قەبىلىسىنىڭ تال ۋە ئۈزۈملىرىنى كېسىپ تاشلاشقا بۇيرىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىۋىدى، سەقىفتىكى ئاھالىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئاللاھنىڭ ۋە سىلە ـ رەھىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن باغلىرىمىزنى ۋەيران قىلمىساڭ" دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ: «مەن ئاللاھ ۋە سىلە ـ رەھىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تەلەپلىرىڭلارنى قوبۇل قىلاي» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاكارچى ئارقىلىق: «كىمكى قەلئەدىن چۈشۈپ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلسە، ئۇ ئازات» دەپ جاكارلىدى. ئۇلاردىن ئون نەچچە ئادەم قايتىپ چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى تائىفنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنى توختىتىپ، قوشۇننىڭ قايتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشنى بۇيرىدى. مۇسۇلمانلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ نارازى بولۇشتى ۋە: "بىز تائىفنى فەتھە قىلمايلا قايتىپ كېتەمدۇق؟" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەتىسى ئەتىگەندە قەلئەگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى. مۇسۇلمانلار ئېغىر

تالاپەتكە ئۆچرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله خالىسا، ئەمدى ئەتە قايتىمىز» دېۋىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرىقىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدى.

## مۇھاسىرىنى بوشىتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىفنى فەتىھ قىلمايلا، مۇھاسىرىنى بوشىتىپ قايتىپ كېتىشتىكى مەقستى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىسلامغا كىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى قايتىش ئۈچۈن ئاتلىنىشقا بۇيرىدى.

## ھۆنەين ئەسىرلىرى ۋە غەنىمەتلىرى

رەسۇلۇللاھ تائىفتىكى مۇھاسىرىنى بوشىتىپ جىئىرانىگە قايتىپ، ھەۋازىن خەلقى پۇشايمان قىلىپ، مال - مۈلۈك ۋە ئەسىرلەرنى تىلەپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كېلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلماي، ئون نەچچە كۈن كۈتۈپ تۇردى. لېكىن ئۇلار تەرەپتىن ھېچكىم كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ئالدى بىلەن كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈبېيىكتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلدى.

## ئەسىرلەرنى ھەۋازىنلارغا قايتۇرۇپ بېرىش

ھەۋازىنلارنىڭ 14 نەپەر ئەلچىسى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، رەسۇلۇللاھدىن ئەسىرلىرى بىلەن ماللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تىلىدى. رەسۇلۇللاھ:

— كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مەن يالغۇز ئەمەسمەن، راست گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. سىلەر تاللاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار ۋە خوتۇن - قىزلىرىڭلارغا تۇرامسىلەر ياكى مال - دۇنيالىرىڭلارغىمۇ؟ - دېدى. ئۇلار بىردەك:

— نەسلىمىزگە ھېچ نەرسىنى تەڭ قىلمايمىز، - دېيىشكەندى، رەسۇلۇللاھ:

ـ ئۇنداق بولسا، سىلەر پېشىن نامىزىدىن كېيىن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ: ‹رەسۇلۇللاھنى مۇئمىنلەرگە شېپى كەلتۈرۈپ، مۇئمىنلەرنى رەسۇلۇللاھقا شېپى كەلتۈرۈپ ئەسىرلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى سورايمىز› دەڭلار، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار رەسۇلۇللاھ پېشىن نامىزىدىن قايتقان ھامان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، شۇنداق قىلىشقان ئىدى، رەسۇلۇللاھ: «مەن مېنىڭ قولۇمدىكى ۋە بەنى ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتىنىڭ قولىدىكى بارلىق ئەسىرلەرنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمەن ھەمدە باشقىلارنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىشكە ئەمر قىلىمەن» دېدى. بارلىق مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار ئىپادە بىلدۈرۈپ: ”بىزنىڭ نېسىۋىلىرىمىز رەسۇلۇللاھقا تەئەللۇق“ دېيىشتى.

بەنى تەمىم، بەنى فەزارە ۋە بەنى سۇلەيمدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماق ئەسىرلەرنى قايتۇرۇشنى رەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئادەملەر مۇسۇلمان بولۇپ تەۋبە قىلىپ كەپتۇ. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئەسىرلىرىنى تەقسىم قىلماي، بىر قانچە كۈن ساقلىغان ئىدىم. ئەمدى ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتىم، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىگە ھېچنەرسىنى تەڭ قىلمايدىكەن، شۇڭا يېنىدا ئەسىر بارلار قايتۇرۇپ بېرىشكە رازى بولسا قايتۇرۇپ بەرسۇن، قاچان ئۆز نېسىۋىسىنى چىڭ تۇتىمەن دېگۈچىلەر بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى ئەسىرلەرنى ئەلچىلەرگە چوقۇم قايتۇرۇپ بەرسۇن. ئۇنىڭ ئورنىغا كېيىن الله بىزگە غەنىمەت ئاتا قىلغاندا تۇنجى بولۇپ شۇلار بىرگە ئالتە ھەسسە كۆپەيتىپ ئالسۇن» دېدى. كۆپچىلىك بىردەك رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

رەسۇلۇللاھ: «بىز ھازىر ئاراڭلاردىن كىمنىڭ رازى بولۇپ، كىمنىڭ نارازى بولغانلىقىنى ئۇقمايمىز، شۇڭا ھەممىڭلار قايتىپ، ۋەكىللىرىڭلار پىكرىڭلارنى يەتكۈزسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار ھەۋازىن ئەلچىلىرىگە بەس ـ بەس بىلەن ئاسارەتتىكى خوتۇن ـ قىزلىرىنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشتى. ئەسىرلەر قايتىش ئالدىدا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى بىردىن مىسىردا ئىشلەنگەن كىيىم بىلەن تارتۇقلاپ يولغا سالدى.

## ياخشىلىق ۋە ھۆرمەت

مۇسۇلمانلار ئەسىر ئالغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئېمىلدەش ھەمشىرىسى شەيما بىنتى ھەلىمە سەئدىنى رەسۇلۇللاھنىڭ

قىشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بازاردا بىلمەستىن ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلىشتى. ئۇ ئايال مۇسۇلمانلارغا: ”بىلەمسىلەر؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەرنىڭلارنىڭ ئېمىلدەش ھەمشىرىسى بولىمەن“ دېدى. بىراق، ئۇلار ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىشتى.

شەيما بىنتى ھەلىمە سەئدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنىڭ ئېمىلدەش ھەمشىرەڭ بولىمەن“ دېدى. رەسۇلۇللاھ: «سەن بۇنى قانداق ئىسپاتلايسەن؟» دېۋىدى، ئۇ ئايال: ”كىچىك ۋاقتىمىزدا سېنى ھاپاش قىلغان ئىدىم. ئاشۇ چاغدا سەن ئۇچامنى چىشلىۋالغان ئىدىڭ. تارتۇق ئىزى ھېلىمۇ ئۇچامدا بار“ دېدى. رەسۇلۇللاھ بۇ «بەلگە»نى تونۇغاندىن كېيىن، تونىنى يەرگە سېلىپ، ئۇ ئايالنى تونى ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ: «ئەگەر مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇپ قېلىشنى خالىساڭ، سېنى ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتتىمگە نائىل قىلاي، ئەگەر سېنى قەۋمىڭ قېشىغا چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويۇشۇمنى خالىساڭ، سېنىڭ خالىغىنىڭنى قىلاي» دېۋىدى، ئۇ ئايال: ”مېنى قەۋمىم قېشىغا چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويۇشۇڭنى خالايمەن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتتۇدى، ئۇ ئايال مۇسۇلمان بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئۈچ قۇل، بىر دېدەك ۋە بىر قانچە قوي بېرىپ يولغا سېلىپ قويدى.

## ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىتائەت قىلغۇچىلار

مۇسۇلمانلار تائىفتىن قايتىش يولىدا رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا:

- ”قايتقۇچىلارمىز، تەۋبە قىلغۇچىلارمىز، پەرۋەردىگارىمىزغا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز، ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلارمىز“ دەپ مېڭىڭلار! - دېدى. ئۇلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سەقىف ئاھالىسىگە بەددۇئا قىلغىن، — دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

- ئى الله! سەقىفلىكلەرنى ھىدايەت قىلغىن، - دېدى.

ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد سەقەفىي رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كىرىشتىن بۇرۇنلا رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە قەۋمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن قايتتى. ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد قەۋمىنىڭ ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتىگە سازاۋەر كىشى ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلارنى ئىسلامغا

چاقىرغاندىن كېيىن، ئۇلار بىردىنلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى ۋە ئۇنىڭغا ئوق ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

سەقىفلىكلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئۆزئارا يىغىن ئېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپتىكى ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بەيئەت قىلىپ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، رەسۇلۇللاھقا ئەلچى ئەۋەتتى.

## بۇتپەرەسلىككە يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ

ئەلچىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىگە چېدىر تىكلەپ بەردى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھتىن ئۈچ يىلغىچە «لات» دېگەن بۇتنى چېقىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۇلار ۋاقىتنى يىلمۇ يىل، ئايمۇ ئاي ئازايتىپ، بۇتنى بىر ئايغىچە چاقماسلىقنى ئۆتۈندى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەۋمىدىن چىققان ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب بىلەن مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنى بۇتلارنى چېقىۋېتىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار نامازنى ئوقۇماسلىقنى تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ: «ناماز يوق دىندا ياخشىلىق يوق» دېدى.

ئەلچىلەر ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىشقا تەمشىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئەبۇ سۇفيان ۋە مۇغىرەنى ئۇلار بىلەن بىللە ئەۋەتتى. مۇغىرە بېرىپ بۇتنى چاقتى. سەقىف قەبىلىسى ئىچىدە ئىسلام كەڭرى تارقالدى. سەقىف ئاھالىسى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بولدى.

## تەبۇك غازىتى

ئەرەبلەر رۇمغا قوشۇن تارتىپ بېرىش ۋە رۇقلۇقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى رۇملۇقلاردىن تۆۋەن سانايتتى.

رۇملۇقلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدە زور بىر بوشلۇقنى پەيدا قىلىپ، ئىچىنى ئېچىشتۇرغان ۋە ئۇلارنى ئارماندا قويغان ئاشۇ مۇئتە غازىتىنى

تېخىچە ئۈنتۇلمايۋاتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇم ئېلىگە قوشۇن تارتىپ بېرىشنى، رۇملۇقلار ئەرەبلەرنىڭ چېگرىسىغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئىسلام مەركىزىنى ئوقتا تۇتۇشتىن ئىلگىرىلا ئىسلام ئارمىيىسىنى باشلاپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىغا كىرىپ بولۇشنى لايىق تاپتى.

## غازاتقا ئاتلانغان مەزگىل

بۇ غازات ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلى رەجەپ ئېيىدا بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئىسسىقتا رۇمغا قوشۇن تارتتى. بۇ ۋاقىت مېۋىلەر مەي بولۇپ پىشقان، كىشىلەرنىڭ دەرەخ سايىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان بىر ۋاقىتقا توغرا كەلدى. مۇسۇلمانلارنى مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەر، سۇسىز چۆل ۋە زور دۈشمەن قوشۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. شۇنداق بولغاچقا، مۇسۇلمانلاردا ئۇرۇشقا نىسبەتەن پۇختا ئىدىيىۋى تەييارلىق بولمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ۋاقىت ئەلدە قورغاقچىلىق ئاپتى يۈز بەرگەن قىيىنچىلىق مەزگىلى ئىدى.

مۇناپىقلار كۈچلۈك زور دۈشمەن قوشۇنىدىن قورققانلىقى، قاتتىق ئىسسىقتىن قاچقانلىقى، جىھادقا قىزىقمىغانلىقى ۋە ھەقتىن شەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە چىقماسلىققا كۆپلىگەن باھانىلەرنى كۆرسەتتى. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار اللەنىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر ـ بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقاتتى)»﴾[1].

[1] سۈرە تەۋبە، 81 ـ ئايەت.

## ساھابىلارنىڭ جىھاد ۋە يۇرۇشكە بولغان قىزغىنلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سەپەردە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. كىشىلەرنى پۇختا تەييارلىق قىلىشقا بۇيرىدى. بايلارنى اللە يولىدا پۇل چىقىم قىلىشقا قىزىقتۇردى. بايلاردىن بىر نەچچىسى اللەتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئۇلاغ تاپالمىغان نامرات مۇسۇلمانلارنى ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئۇلاغ بىلەن تەمىنلىدى. ئوسمان ئىبنى ئەففان مىڭ دىنار چىقىم قىلىپ، قوشۇندىكى نامراتلارنىڭ ئۇرۇشقا ئاتلىنىشىغا ئاسانلىق ياراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى.

## قوشۇننىڭ تەبۇكقا قاراپ ئاتلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، مەدىنىدىن تەبۇكقا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن غازاتقا چىققان قوشۇنلار ئىچىدىكى ئەڭ زور قوشۇن ئىدى.

قوشۇن سەمۇد دىيارلىرىدىن بىرى بولغان «ئەلھەجەر» دېگەن جايغا چۈشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بۇ جاينىڭ ئازاب قىلىنغۇچىلار ياشىغان دىيارلار ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ، ئۇلارغا: «ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بۇ ئادەملەرنىڭ تۇرالغۇسىغا كىرمەڭلار، ئەگەر كىرىپ قالساڭلار، يىغلىغان ھالەتتە كىرىڭلار، بولمىسا ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت سىلەرگىمۇ يېتىپ قېلىشى مۇمكىن» دېدى.

مۇسۇلمانلار بۇ جايدا بىر كېچىنى تاڭ ئاتقۇزدى. بۇ سۇسىز چۆل ئىدى. ئۇلار سۇ يوقلۇقىنى رەسۇلۇللاھقا مەلۇم قىلدى. رەسۇلۇللاھ اللەقا دۇئا قىلدى. اللە ئۇلارغا بۇلۇتنى ئەۋەتتى، بۇلۇتتىن شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئادەم ۋە ئۇلاغلار قانغۇدەك ئىچىپ، سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە قايتىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكقا يېتىپ كېلىۋىدى، چېگرىدا مۇقىم تۇرغۇچى ئەرەب ئەمىرلىرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېلىپ، رەسۇلۇللاھ

بىلەن سۈلھىلەشتى ۋە رەسۇلۇللاھقا جىزيە (خىراج) تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرىغا ئامانلىق خېتى يېزىپ بەردى. ئۇ خەتتە چېگرا، سۇ، قاتناش ۋە ئىككى تەرەپنىڭ تىنچلىقى قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم شەرت ئاستىدا كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكى يېزىلدى.

رەسۇلۇللاھ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، رۇملۇقلار ھەربىي يۈرۈش قىلىش ۋە ئەرەبلەرنىڭ چېگرىسىغا باستۇرۇپ بېرىش ئويىدىن يالتىيىپ، ئالدىقاچان ئەسكەر چېكىندۈرۈپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان، دۈشمەننى قورقۇتۇشتىن ئىبارەت مەقسەتمۇ ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «تەبۇك»تا ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ، ئاندىن مەدىنىگە قايتتى.

## كەئب ئىبنى مالىكنىڭ سىنىلىشى ۋە سىناقتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى

كەئب ئىبنى مالىك، مۇراره ئىبنى رەبىئە ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييەدىن ئىبارەت ئۈچ ئادەم مۇشۇ غازاتتىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلار ئىسلامغا ئەڭ بالدۇر كىرگۈچىلەر بولۇپ، دىن يولىدا ئىغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن ئىدى. مۇراره ئىبنى رەبىئە بىلەن ھىلال ئىبنى ئۇمەييە بولسا، بەدرگە قاتناشقانلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى غازاتتىن ئايرىلىپ قېلىشى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ۋە ئادىتى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ روھىنى پاكلاش ۋە مۇسۇلمانلارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان ئىلاھىي ھېكمەت تەرەپتىن بولغان ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئارقىغا سوزۇش، ئىرادىسىزلىك ۋە مەۋجۇت ۋاستىلەرگە ئارتۇقچە تايىنىشنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا گەپ قىلىشتىن چەكلىدى. مۇسۇلمانلار بىردەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، ھېچكىم ئۇلارغا سۆزلىمىدى. ئۇلار ئاشۇ ھالەتتە 50 كۈننى ئۆتكۈزدى. كەئب ئىبنى مالىك چىقىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە نامازغا قاتنىشاتتى، بازارلارنى ئايلىناتتى. بىراق، ھېچكىم ئۇلارغا بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. بۇ خىل جازا ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش ئىنتىلىشىنى شۇ قەدەر كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى.

ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. بەلكى، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئۈزۈپ تاشلاندى.

دەل ئاشۇ پەيتتە، غەسسان پادىشاھى كەئب ئىبنى مالىككا ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچى ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ مەكتۇبتا كەئب ئىبنى مالىكنى پايتەختكە تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ئۇنى ھۆرمەت ۋە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. كەئب ئىبنى مالىك خەتنى قولىغا ئېلىپلا كۆيدۈرۈۋەتتى.

ئۇلارنىڭ ئىچى سىقىلىپ، كەڭرى جاھان ئۇلارغا تار كېلىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان چاغدا، ﷲنىڭ بۇ ئۈچ مۇئمىننى پاكلاش ئىرادىسى تامام بولۇپ، ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلدى. ئۇلارغا يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدىن تەۋبە ئاتا قىلدى. ﷲ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ﷲ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتتە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۇم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، ﷲ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ﷲ ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر. جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ ﷲ قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار ﷲقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ ﷲنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ﷲ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. ﷲ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

## تەبۇك غازىتى ئەڭ ئاخىرقى غازات

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ بارغان غازاتلار تەبۇك غازىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. رەسۇلۇللاھ 27 قېتىم ئۆزى بىۋاسىتە غازاتقا قاتناشتى ۋە قوماندانلىق قىلدى. 60 قېتىم قوشۇن ۋە ئەسكەر ئەۋەتتى. بارلىق ئۇرۇشلاردا ئىككى تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ

---

[1] سۈرە تەۋبە، 116 ـ ۋە 117 ـ ئايەتلەر.

بولغاندا 1018 دىن ئاشمىدى. قان تۆكۈلۈش مىسلىسىز دەرىجىدە تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈلدى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تىنچلىق كەڭ كۆلەمدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. تەختىراۋاندىكى ئايال ھىرەتتىن يولغا چىقىپ، ﷲتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمىغان ھالدا كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

## ئىسلامدىكى تۇنجى ھەج ۋە «بەرائە» ئايىتىنىڭ نازىل بولۇشى

ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلى ھەج پەرز قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ يىلدىكى ھەج قىلغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەبۇ بەكرىنى ئەمىر قىلىپ ئەۋەتتى. مەدىنىدىن ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلغان مۇسۇلمانلاردىن ئەبۇ بەكرى بىلەن 300 كىشى بىللە چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «سەنمۇ چىقىپ، قۇربانلىق كۈنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا شۇنى ئېنىق جاكارلىغىنكى، كاپىر جەننەتكە كىرمەيدۇ. بۇ يىلدىن باشلاپ مۇشرىك ھەج قىلمايدۇ. بەيتۇللاھنى يالىڭاچ ھالەتتە تاۋاپ قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى.

# ئەلچىلەر يىلى

## مەدىنىگە ئەلچىلەرنىڭ كېلىشى

مەككە فەتھ قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكتىن غەنىمەتلەرنى ئېلىپ ساق - سالامەت ھالدا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىسلام مەركىزىگە ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتلىرىغا يۇرت خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى، بۇتپەرەسلىك ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىرى، جاھىلىيەت ۋە ئۇنىڭ شۇئارلىرىغا بولغان قاتتىق نەپرىتى بىلەن قايتاتتى.

ئاشۇ ئەلچىلەرنىڭ بىرى بەنى سەئىد ئىبنى بەكرى قەبىلىسىنىڭ

ئەلچىسى زىمام ئىبنى سەئلەبە بولۇپ، ئۇ قەۋمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن قەبىلىسىگە قايتتى. ئۇنىڭ قەۋمى ئالدىدا تۇنجى بولۇپ ئېيتقىنى: ”لات ۋە ئۇززا نېمىدېگەن ناچار ـ ھە؟!“ دېگەن سۆز بولدى. ئۇ ئاشۇ سۆزنى ئېيتىش بىلەنلا قەۋمى ئۇنىڭغا: ”ئى زىمام! سەن بەرەس كېسىلى، ماخاۋ كېسىلى ۋە ساراڭلىق كېسىلىگە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن قورققىن“ دېدى. زىمام ئىبنى سەئلەبە: ”ئىست سىلەرگە! لات بىلەن ئۇززا ھېچبىر پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله پەيغەمبەر ئەۋەتتى. پەيغەمبىرىگە كىتاب نازىل قىلدى. سىلەرنى ئىلگىرىكى جاھىلىيەتتىكىلاردىن قۇتقۇزدى. مەن شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق، اللهنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى. مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن سىلەرگە چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى ئېلىپ كەلدىم“ دېدى. ئاشۇ كۈنى كەچتىن كېيىنلا قەبىلە ئىچىدە مۇسۇلمان بولمىغان بىرمۇ ئەر ۋە ئايال قالمىدى.

نامى جاھانغا مەشھۇر سېخى ئەدىي ئىبنى ھاتەم ئەلچى بولۇپ كەلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى ۋە كەمتەرلىكىنى كۆرۈپ، مۇسۇلمان بولدى ۋە: ”الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ھەرگىز پادىشاھنىڭ ئىشى ئەمەس“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل بىلەن ئەبۇ مۇسانى يەمەن خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى يەمەنگە ئەۋەتتى ھەمدە ئۇلارغا مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: «ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، كىشىلەرگە خۇشخەۋەر بېرىڭلار، دىندىن يىراقلاشتۇرماڭلار».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنى تائىفقا تائىفلىقلارنىڭ لات دېگەن بۇتىنى چېقىۋېتىشكە ئەۋەتتى. ئۇ بىر قانچە ئادەم بىلەن تائىفنىڭ قورغىنى ئۈستىگە چىقىپ، بۇتنى بىر تاشتىن بىر تاشتىن چېقىپ يەر بىلەن تۈپتۈز قىلىۋەتتى. شۇ كۈنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچىلەر كېلىپ مۇسۇلمان بولدى.

ئەلچىلەر كېلىپ، ئىسلامنى ئۆگىنەتتى، دىنىي ئىشلارنى تەلىم ئالاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ ئەخلاقىنى كۆرەتتى. ئۇلارغا مەسجىدنىڭ سەيناسىنىڭ بىر تەرىپىگە چېدىر تىكلەپ بېرىلگەن ئىدى. ئۇلار قۇرئان ئاڭلايتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. كۆڭلىگە كەچكەن ئىشلارنى ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن رەسۇلۇللاھتىن

سورايىتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بالاغەت ۋە ھېكمەت بىلەن جاۋاب بېرەتتى. جاۋابنى قۇرئان ئارقىلىق دەلىللەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ خاتىرجەم بولاتتى.

## زاكاتنىڭ پەرز قىلىنىشى

ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلى زاكات پەرز قىلىندى.

## ۋىدالىشىش ھەجى

## ۋىدالىشىش ھەج ۋاقتى

اللهنىڭ بەيتۇللاھنى نىجىستىن ۋە بۇتلاردىن پاكلاش ئىرادىسى تاماملانغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ روھى ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشقا ئىنتىلدى. سېغىنىش ياشلىرى تۆكۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، پەيغەمبەرنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان بولغاچقا، ئۇممەت بىلەن ۋىدالىشىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەج قىلىشقا ئىجازەت بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ئىسلامدا ھەج قىلىپ باقمىغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ دىنى ۋە ھەج ئىبادەتلىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتىش، شاھادەتنى يەتكۈزۈپ ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئاخىرقى ۋەسىيەتلەرنى ئۇممەتكە يەتكۈزۈش، مۇسۇلمانلاردىن ئەھدى ۋە ۋەدىلەرنى ئېلىش، جاھىلىيەتنىڭ تەسىرلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوقۇتۇش ئۈچۈن مەدىنىدىن چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يۈز مىڭدىن كۆپرەك ئادەم بىللە ھەج قىلدى. بۇ ھەج «ۋىدالىشىش ھەجى» ياكى «ۋايىغا يەتكەن ھەج» دەپ ئاتالدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق ھەج قىلدى؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلىشقا ئىرادە باغلىدى ۋە كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ھەج قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە چىقىشقا تەييارلاندى. مەدىنە ئەتراپىدىكى كىشىلەرمۇ بۇنى ئاڭلاپ ھەج قىلىش مەقسىتىدە كەلدى. سان ـ ساناقسىز كىشىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن يولدا بىللە ماڭدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا، كەينىدە، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە كۆز يەتكۈسىز يىراقلىقىچە سوزۇلغان ئادەملەر توپى مەككىگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىن زۇلقەئدە ئېيى چىقىپ كېتىشكە بەش كۈن قالغان شەنبە كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن (پېشىننى تولۇق ئوقۇپ) يولغا چىقتى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى رەسۇلۇللاھ خۇتبە (نۇتۇق) سۆزلەپ، ئۇلارغا ھەج قائىدىلىرىنى، ئېھرام ۋە ئېھرامنىڭ ۋاجىب ـ سۈننەتلىرىنى ئۆگەتتى.

ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ «تەلبىيە» ئېيتىپ: «ئى الله! ساڭا خوش دەيمەن، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر، ساڭا خوش دەيمەن. ماختاش ۋە خوش دېيىش پەقەت ساڭىلا لايىقتۇر، پادىشاھلىقتا سەنلا تەڭداشسىزدۇرسەن» دېگىنىچە يولغا چىقتى.

رەسۇلۇللاھ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 4 ـ كۈنى مەككىگە كىردى. مەسجىدۇل ھەرەمگە كىرىپ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلدى. سافا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيي قىلدى (ماڭدى). مەككىدە تۆت كۈن تۇرۇپ، «تەرۋىيە» كۈنى (زۇلھەججەنىڭ 8-كۈنى) مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە مىناغا قاراپ ماڭدى. مىناغا چۈشۈپ، شۇ يەردە پېشىن بىلەن ئەسىرنى ئوقۇدى ۋە مىنادا بىر كېچە قوندى.

زۇلھەججەنىڭ 9 ـ كۈنى كۈن چىققاندا، رەسۇلۇللاھ مىنادىن ئەرافاتقا ماڭدى. ئۇ جۈمە كۈنى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەرافاتقا چۈشتى.

رەسۇلۇللاھ تۆگىسىگە مىنىپ تۇرۇپ كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ ئىنتايىن كاتتا نۇتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلامنىڭ ئاساسى قائىدىلىرىنى بەلگىلىدى. شېرىك ۋە جاھىلىيەتنىڭ ئادەتلىرىنى بىكار قىلدى. كىشىلەرنىڭ جېنى، مېلى ۋە يۈز ـ ئابرويىغا چېقىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. جاھىلىيەتنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى

چەكلىدى. جاھىلىيەتتىكى بارلىق جازانىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئاياللارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ۋە كىيىم - كېچەكى ئەرلەرنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

ئۇممەتكە اللهنىڭ كىتابىنى چىڭ تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلدى. اللهنىڭ كىتابىنى چىڭ تۇتسا، ئۇلارنىڭ ھەرگىز ئازمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇلاردىن ئۆز تىلى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار: ”بىز سېنىڭ ئامانەتنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە، مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلغانلىقىڭغا ۋە بىزگە نەسىھەت قىلغانلىقىڭغا گۇۋاھ بولىمىز“ دېدى.

رەسۇلۇللاھ بارمىقىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم: «ئى الله! ئۇلارغا گۇۋاھ بولغىن» دېدى. ئۇلارنىڭ نۇتۇقتا قاتناشقانلىرىنى قاتناشمىغانلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرىدى.

رەسۇلۇللاھ نۇتقىنى سۆزلەپ بولۇپ، بىلالنى ئەزان ئېيتىشقا بۇيرىدى. ئاندىن كېيىن نامازغا تۇردى. پېشىن ۋە ئەسىرنى ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن تۆگىسىگە مىنىپ ئەرافاتتىكى مەۋقەف (ھاجىلار توختايدىغان جاي)غا كېلىپ توختاپ، تۆگىسىدىن چۈشمەي تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. تاكى كۈن پاتقۇچە اللهقا يالۋۇردى ۋە ئىلتىجا قىلدى. رەسۇلۇللاھ خۇددى مىسكىننىڭ تاماق تەلەپ قىلغىنىدەك قولىنى كۆكرىكىگىچە كۆتۈرۈپ اللهقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: «ئى الله! سەن سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتىسەن، ئورنۇمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىمنى بىلىپ تۇرۇۋاتىسەن، ساڭا مېنىڭ ھېچبىر ئىشىم مەخپىي ئەمەس. مەن ياردەم تەلەپ قىلغۇچى، ئىلتىجا قىلغۇچى، قورققۇچى، ئەنسىرىگۈچى، گۇناھلىرىنى ئېتىراپ ۋە ئىقرار قىلغۇچى ئۈمىدسىز بىچارىمەن. مەن سەندىن مىسكىننىڭ سورىغىنىدەك سورايمەن. ساڭا بىچارە گۇناھكارنىڭ يالۋۇرغىنىدەك يالۋۇرىمەن. مەن سېنى قورققۇچى ئەمانىڭ چاقىرغىنىدەك چاقىرىمەن. بەندەڭنىڭ بېشى سەن ئۈچۈن ئېگىلدى، كۆزى سەن ئۈچۈن ياش تۆكتى، جىسمى سەن ئۈچۈن خار بولدى، بۇرنى سەن ئۈچۈن توپا بولدى. ئى الله! مېنى بەختسىزلەر قاتارىدا چاقىرمىغىن، ماڭا رەھىم - شەپقەت قىلغىن، ئى مەسئۇل بولغۇچىلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ياخشىسى، ئى ئاتا قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسى اﷲ!».

مۇشۇ جايدا: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى.

كۈن پاتقان چاغدا، رەسۇلۇللاھ ئەرافاتتىن چۈشۈپ، مۇزدەلىفەگە كەلدى. شام بىلەن خۇپتەننى شۇ جايدا ئوقۇپ، تاڭ ئاتقىچە ھېچقانداق ناماز ئوقۇماي ئۇخلىدى. تاڭ يورۇغاندا بامداتنى ئاۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، تۆگىسىگە مىنىپ، مەشئەرىل ھەرام (مۇزدەلىفەدىكى بىر جاي)غا كەلدى. قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى ۋە اﷲقا ئىلتىجا قىلدى، تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتتى. ئاندىن كېيىن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى مۇزدەلىفەدىن يولغا چىقىپ، تېزراق مېڭىپ مىناغا كەلدى. ئاندىن جەمرەتۇل ئەقەبە (تاش ئاتىدىغان جاي)گە كېلىپ تاش ئاتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، مىنادىن قايتىپ كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇلارغا قۇربانلىق كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى، اﷲ ئالدىكى پەزلى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى، مەككىنىڭ بارلىق ئەللەر ئۈچۈن ئوخشاشلا ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. اﷲنىڭ كىتابى بويىچە رەھبەرلىك قىلغان كىشىلەرگە ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا بۇيرىدى. ئىبادەتلەرنى اﷲنىڭ كىتابى بويىچە قىلىشقا، ئۆزئارا قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن كۇپرىغا قايتماسلىققا، بۇ پەرماننى بۈگۈن بۇ جايدا بولمىغانلارغا يەتكۈزۈشكە ئەمر قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئاشۇ نۇتقىدا: «پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، بەش ۋاقىت نامىزىڭلارنى ئوقۇڭلار، بىر ئاي روزاڭلارنى تۇتۇڭلار، ئەمىرلىرىڭلارغا ئىتائەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، جەننەتكە كىرىسىلەر» دېدى ۋە كىشىلەر بىلەن ۋىدالاشتى. شۇڭا ئۇلارنى ئۇنى «ۋىدالىشىش ھەجى» دەپ ئاتاشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ مىنادىكى قۇربانلىق قىلىدىغان جايغا كېلىپ كالا ۋە تۆگە بولۇپ، جەمئىي 63 تۇياق مالنى ئۆز قولى بىلەن قۇربانلىق قىلدى. بۇ سان رەسۇلۇللاھنىڭ يېشىنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئاندىن توختاپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قالغانماللارنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرىدى. قۇربانلىق تامام بولۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ ساتراشنى

---

[1] سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەت.

چاقىرىپ، چېچىنى چۈشۈرتتى. چېچىنى يېنىدىكى كىشىلەرگە تارقىتىپ بەردى. ئاندىن كېيىن تۆگىسىگە مىنىپ مەككىگە قايتىپ كېلىپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى. بۇ، زىيارەت يۈزىسىدىن قىلىنغان تاۋاپ ئىدى. ئاندىن كېيىن زەمزەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆرە تۇرۇپ زەمزەم سۈيىدىن ئىچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن (شۇ كۈنى) مىناغا كېلىپ، شۇ جايدا قوندى. تاڭ ئاتقاندا، كۈننىڭ قايرىلىشىنى كۈتتى. كۈن قايرىلغاندا، جەمرە (تاش ئاتىدىغان جاي)گە كەلدى. بۇ يەردە ئۈچ جەمرە بولۇپ، ئۇلار جەمرەتۇل ئۇلا، جەمرەتۇل ۋۇستا، ۋە جەمرەتۇل ئەقەبە دەپ ئاتىلاتتى. رەسۇلۇللاھ تاش ئېتىشنى «جەمرەتۇل ئۇلا» (بىرىنچى جەمرە)دىن باشلىدى.

رەسۇلۇللاھ تەشرىق كۈنلىرى (زۇلھەججەنىڭ 11-، 12- ۋە 13- كۈنلىرى) مىنادا تۇرۇپ ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلدى. ئاندىن مەككىگە قايتىپ، سەھەردە ئاخىرقى ۋىدالىشىش يۈزىسىدىن قىلىنغان تاۋاپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كىشىلەرنى قايتىشقا بۇيرىدى ۋە مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.

رەسۇلۇللاھ زۇلھۇلەيفەگە كېلىپ، شۇ جايدا قوندى. ئۇ مەدىنىنى كۆرۈپ، ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتتى ۋە: «بىر اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، اللەنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ۋە ماختاش اللەقا خاسدۇر، الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. بىز قايتقۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، سەجدە قىلغۇچى، پەرۋەردىگارىمىز ئۈچۈن ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىدۇرمىز. الله ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ياردەم بەردى، كۆچلۈك دۈشمەن قوشۇنىنى ئۆزى يالغۇز چېكىندۈردى» دېدى. ئاندىن كۈندۈزدە مەدىنىگە كىردى.

## ۋاپات

### دەۋەت ۋە قانۇننىڭ مۇكەممەللىشىشى، ئۇچرىشىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى

بۇ دىن مۇكەممەللىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ، اللەنىڭ: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم،

ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1] دېگەن سۆزى نازىل قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئامانەتنى يەتكۈزگەن، اللہ يولىدا ھەقىقى جىھاد قىلغان، اللہ كىشىلەرنىڭ بۇ دىنغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىش ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنى خۇشال قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشىغا ئىجازەت بەردى. ئۇچرىشىش ۋاقتى يېقىنلاپ كەلدى. اللہ بۇنى ئالدىن ئۇقتۇرۇپ: ﴿اللہنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە اللہنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. اللہ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴾[2] دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى سەپەر ئېيىنىڭ ئاخىرىدا باشلاندى. رەسۇلۇللاھ تۈن نىسپىدە «بەقىئ» (مەدىنىدىكى بىر قەبرىستانلىق)گە چىقىپ، اللہتىن ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ قايتتى. ئاشۇ كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغرىقى باشلاندى.

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ”بەقىئ“دىن قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، مېنىڭ بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كەتكەچكە: ”ۋاي بېشىم!“ دەپ زارلىۋاتاتتىم. رەسۇلۇللاھ: «ئى ئائىشە! بەلكى، مېنىڭ بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئەسلىدە مەن ”ۋايجان بېشىم“ دېسەم بولىدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ مەيمۇنەنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇ ئاياللىرىدىن ئائىشەنىڭ ئۆيىدە (مېنىڭ ئۆيۈمدە) تۇرۇشقا ئىجازەت بېرىشنى سورىدى. ئۇلار ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئائىلىسىدىكىلەردىن فەزل ئىبنى ئابباس ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشى تېڭىقلىق ھالدا يۆلەپ ماڭغۇزۇلۇپ، مېنىڭ ئۆيۈمگە يۆتكەپ كېلىندى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى قەدىمى يەرنى جىجاپ ماڭاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇش

---

[1] سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نەسر، 1 ـ دىن 3 ـ ئايەتكىچە.



www.uyghurkitap.com

ئالدىدىكى كېسەللىكىدە: «ئى ئائىشە! مەن خەيبەردە يېگەن زەھەرلىك گۆشنىڭ دەردىنى تا ھازىرغىچە تارتىپ كېلىۋاتىمەن، مانا ئەمدى ئاشۇ زەھەردىن تومۇرۇمنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم» دېدى.

## ئەڭ ئاخىرقى قوشۇن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇسامە ئىبنى زەيدنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنى بۇ قوشۇن بىلەن شامغا يۈرۈش قىلىپ، پەلەستىنىنىڭ بەلقائ ۋە دارۇم چېگرالىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى.

قوشۇندا مۇھاجىر ئەنسارلار، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قاتارلىق كۆپلىگەن كاتتا ساھابىلار بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەلى كۈچىيىپ كەتكەنلىكتىن ئۇسامەنىڭ قوشۇنى توختىتىپ قويۇلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئارزۇسىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ، ئۇسامەنىڭ قوشۇنىنى يولغا سالدى.

رەسۇلۇللاھ ئاغرىق ھالىتىدە تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا ئەلچىلەرنى رەسۇلۇللاھ كۈتىۋالغاندەك رەۋىشتە كۈتىۋېلىشنى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن يەھۇدىيلارنى، خرىستىئانلارنى ۋە مۇشرىكلارنى چىقىرىپ تاشلاشنى تەۋسىيە قىلدى.

## مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلىش، ئۇلارنى يوغانچىلىق ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن ئاگاھلاندۇرۇش

رەسۇلۇللاھ ئاغرىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قۇرەيشلەردىن بىر قانچە نەپەر مۇسۇلمان رەسۇلۇللاھنى يوقلاپ ئائىشەنىڭ ئۆيىگە كىردى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى قارشى ئالدى، ئۇلارغا ئامانلىق تىلىدى ۋە ئۇلارغا اللهتىن ھىدايەت، ياردەم، مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ دۇئا قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرگە اللهتىن قورقۇشنى، اللهنى ئۇنۇتماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن. الله مەڭگۈ تىرىكتۇر، مەن سىلەرگە الله تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن روشەن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. سىلەر اللهنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە

ۋە اللەنىڭ زېمىنىدا اللەقا يوغانچىلىق قىلماڭلار. چۈنكى، اللە ماڭا ۋە سىلەرگە مۇنداق دېدى:

﴿ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾[1]؛ ﴿جەھەننەمدە مۇتەكەببىرلەرگە ئورۇن يوقمۇ؟﴾[2].

## دۇنياغا قىزىقماسلىق ۋە ئارتۇق پۇل - مالنى ياقتۇرماسلىق

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كېسەللىكىدە: «ئى ئائىشە! ئالتۇننى نېمە قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھقا ھېلىقى پارچە ئالتۇن كەلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى قولى بىلەن ئۆرۈپ - چۆرىدى ۋە: «مۇھەممەد قېشىدا مۇشۇ ئالتۇننى قويغان ھالەتتە اللە بىلەن ئۇچرىششنى ئويلاپ باقمىدى، بۇنى سەرپ قىلىۋەتكىن» دېدى.

## نامازغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمام بولۇشى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ:

ـ جامائەت ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ ـ دېدى. بىز:

ـــ ياق، ئۇلار سىېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدۇق. رەسۇلۇللاھ:

ـ ماڭا چوڭ بىر قاچىغا سۇ قۇيۇپ ئەكىلىپ بېرىڭلار! ـ دېدى. بىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدۇق. رەسۇلۇللاھ ھېلىقى قاچىدا غۇسلى قىلدى، ئاندىن قوپماقچى بولۇۋىدى، ھۇشسىزلىنىپ يىقىلدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن يەنە ھۇشىغا كېلىپ:

ـ ئۇلار ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ ـ دېدى. بىز:

ـ ياق، سىېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدۇق. رەسۇلۇللاھ:

---

[1] سۈرە قەسەس: 83-ئايەت.

[2] سۈرە زۇمەر، 60 ـ ئايەت.

ـ ماڭا چوڭ بىر قاچىغا سۇ قۇيۇپ ئەكىلىپ بېرىڭلار! ـ دېدى. بىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدۇق. رەسۇلۇللاھ ھېلىقى قاچىدا غۇسلى قىلدى، ئاندىن قوپماقچى بولۇۋىدى، ھۇشسىزلىنىپ يىقىلدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن يەنە ھۇشىغا كېلىپ:

ـ ئۇلار ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ ـ دېدى. بىز:

ـــ ياق، ئۇلار سېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدۇق. رەسۇلۇللاھ يەنە:

ـ ماڭا چوڭ بىر قاچىغا سۇ قۇيۇپ ئەكىلىپ بېرىڭلار! ـ دېدى. بىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدۇق. رەسۇلۇللاھ ھېلىقى قاچىدا غۇسلى قىلدى، ئاندىن قوپماقچى بولۇۋىدى، ھۇشسىزلىنىپ يىقىلدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن يەنە ھۇشىغا كېلىپ:

ـ ئۇلار ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ ـ دېدى. بىز:

ـ ياق، ئۇلار سېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدۇق. كىشىلەر مەسجىدتە رەسۇلۇللاھنىڭ خۇپتەن نامىزىغا چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئۇنى كىشىلەرگە نامازدا ئىمام بولۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئەبۇ بەكرى دىلى يۇمشاق كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆمەرگە: ”ئى ئۆمەر! جامائەتكە نامازنى سەن ئوقۇپ بەرگىن!“ دېدى. ئۆمەر: ”بۇنىڭغا سەن لايىقراق“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەشۇ كۈنلەردە ئەبۇ بەكرى نامازدا جامائەتكە ئىمام بولۇپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسىلىنىڭ بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاbbas ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ يۆلىشى بىلەن پېشىن نامىزىغا چىقتى. بۇ چاغدا، ئەبۇ بەكرى جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ، كەينىدىكى سەپكە قايتماقچى بولۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ ئارقىغا ياناماسلىقنى بۇيرىدى ۋە: «مېنى ئۇنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇڭلار» دېدى. ئىككىيلەن رەسۇلۇللاھنى ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ بەكرى ئۆرە تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزىغا ئىقتىدا قىلىپ، كىشىلەرگە تەكبىرنى ئاڭلاتتى. رەسۇلۇللاھ بولسا ئولتۇرغان پېتى نامازدا ئىمام بولدى.

www.uyghurkitap.com

## ۋىدالىشىش نۇتقى

رەسۇلۇللاھ بېشى تېڭىلغان ھالەتتە مۇنبەردە ئولتۇرۇپ سۆزلىگەن نۇتقىدا: «اللہ بىر بەندىسىگە بۇ دۇنيادا قېلىش ياكى ئۇ دۇنياغا كېتىشنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەرگەن ئىدى، ئۇ بەندە ئۇ دۇنياغا كېتىشنى ئىختىيار قىلدى» دېۋىدى، ئەبۇ بەكرى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىنى دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ: ”بىزنىڭ جانلىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز سەن ئۈچۈن پىدادۇر“ دەپ يىغلاپ كەتتى.

## مۇسۇلمانلار نامازدا سەپ بولۇپ تۇرغان چاغدا، ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نەزەر سېلىش

ئەبۇ بەكرى مۇسۇلمانلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرەتتى. دۈشەنبە كۈنى، ئۇلار بامدات نامىزىدا سەپ بولۇپ تۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ مۇسۇلمانلارغا قارىدى. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشقان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ دەۋىتى ۋە جىھادىنىڭ قانداق مېۋە بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتا چۆمدى، چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى. ساھابىلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ بىزگە قارىدى. رەسۇلۇللاھ ئۆرە تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزى گويا قۇرئان سەھىپىسىدەك نۇرانە ئىدى. ئۇ تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى. بىز خۇشاللىقتىن ئازغىنىپ كېتەيلا دەپ قالدۇق. بىز رەسۇلۇللاھ نامازغا چىقىدىغان بولدى دەپ ئويلىۋىدۇق، رەسۇلۇللاھ بىزگە: ”نامىزىڭلارنى ئوقۇۋېرىڭلار“ دەپ ئىشارەت قىلدى ۋە ھۇجرىنىڭ پەردىسىنى يېپىۋەتتى. رەسۇلۇللاھ شۇ كۈنى ۋاپات بولدى.

## قەبرىلەرگە چوقۇنۇش ۋە ئۇنى مەسجىد قىلىۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئېيتقان سۆزى: «اللہ يەھۇدىيلارنى ۋە خرىستىئانلارنى ھالاك قىلسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى، ئەرەب زېمىنىدا

ئىككى دىن قېلىپ قالمىسۇن (ئۇلار ئەرەب زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلسۇن)» دېگەن سۆز بولدى.

ئائىشە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھقا ئۆلۈم ھازىر بولغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ يۈزىنى ئەديال بىلەن چۈمكىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن، يۈزىنى ئېچىپ: «اللّٰه يەھۇدىيلارغا ۋە خرىستىئانلارغا لەنەت قىلسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن (مۇسۇلمانلارنى) ئاگاھلاندۇردى.

## ئاخىرقى ۋەسىيەت

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئومۇمىي ۋەسىيىتى: «نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇڭلار، قول ئاستىڭلاردىكى كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دېگەن سۆز بولدى. رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى تەكرارلاۋېرىپ، كۆكسى غىرىلداپ كەتتى، ھەتتا رەسۇلۇللاھنىڭ تىلى گەپكە كەلمىگىلى تاس قالدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ۋە زاكاتنى چىڭ تۇتۇشنى، قول ئاستىدىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى يۆلىدىم. رەسۇلۇللاھ كۆزىنى ئاسمانغا تىكىپ: «اللّٰەنىڭ دەرگاھىغا، اللّٰەنىڭ دەرگاھىغا» دېدى.

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى كىردى. ئۇنىڭ قولىدا بىر دانە ھۆل خورما شېخى (قەلەمچىسى) بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قارىدى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنى كۆڭلى تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇ شاخنى قولۇمغا ئېلىپ، ئېغىزىمغا سېلىپ يۇمشاتتىم. ئاندىن ئۇنى رەسۇلۇللاھقا بەردىم. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بىلەن چىشىنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە مىسۋاكلىدى. ئاندىن ئۇنى سۇنۇپ بەرمەكچى بولدى، لېكىن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا سۇ قاچىلانغان بىر قاچا بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ قولىنى سۇغا سېلىپ، يۈزىنى سىلاشقا باشلىدى. ئاندىن: «بىر اللّٰەتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۆلۈمنىڭ قىيىن

سائەتلىرى بار» دېدى. ئاندىن سول قولىنى ئاسمانغا قارىتىپ: «اللهنىڭ دەرگاھىغا، اللهنىڭ دەرگاھىغا» دېدى ـ دە، قەبزى روھ قىلىندى ۋە ئاسمانغا قارىتىلغان قولى قاچىدىكى سۇ تەرەپكە ئاستا چۈشۈپ كەتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھقا ئۆلۈم ھازىر بولدى. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ بېشى مېنىڭ قۇچىقىمدا ئىدى. رەسۇلۇللاھقا بىرەر سائەت بىھوشلۇق يەتتى. ئاندىن ھوشىغا كېلىپ، ئۆينىڭ تورۇسىغا كۆزىنى تىكتى ۋە: «ئى الله! سېنىڭ دەرگاھىڭ» دېدى. مانا بۇ، رەسۇلۇللاھ ئېيتقان ئاخىرقى سۆز بولدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادىن قانداق ئايرىلدى؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادىن ئايرىلدى. ۋەھالەنكى، رەسۇلۇللاھ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى، دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇنىڭدىن قورقاتتى. شۇنداق تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئاق خېچىرى، قورالى ۋە سەدىقە قىلىۋەتكەن زېمىنىدىن باشقا ھېچقانداق تەڭگە ـ تىللا ياكى قول ـ دېدەك قالدۇرۇپ كەتمىدى.

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ساۋۇتى بىر يەھۇدىينىڭ قېشىدا ئوتتۇز سائ ئارپىغا گۆرۈگە قويۇلغان ئىدى. تاكى ئۇ ۋاپات بولغۇچە، ساۋۇتىنى قايتۇرۇۋالغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدى.

رەسۇلۇللاھ كېسەللىك ھالىتىدە قىرىق قۇلنى ئازاد قىلدى. قېشىدىكى ئالتە ياكى يەتتە دىنارنى ئائىشەنىڭ سەدىقە قىلىۋېتىشىگە بۇيرىدى.

ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان چاغدا، مېنىڭ ئۆيۈمدىكى تەكچىدە يېرىم سائ ئارپىدىن باشقا ئادەم يېگۈدەك بىر نەرسە يوق ئىدى. مەن ئاشۇ ئارپىنى خېلى كۈنلەرگىچە يەپ، ئاندىن تۈگەتتىم».

رەسۇلۇللاھ ھىجرەتنىڭ 11 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى (دۈشەنبە كۈنىدە) 63 يېشىدا ۋاپات بولدى. رەسۇلۇللاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنى كۈنلەر ئىچىدىكى ئەڭ بەختلىك كۈن بولغاندەك، ئۇنىڭ ۋاپات بولغان كۈنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قارا ۋە بەختسىز كۈن بولدى.

ئەنەس ۋە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ بۇ دۇنياغا كەلگەن كۈندە ھەممە نەرسە يورۇقلۇققا چۆمگەن بولسا، ئۇ ۋاپات بولغان كۈندە ھەممە نەرسىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

ئۇممۇ ئەيمەن يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن:

ـ پەيغەمبەرگە يىغلاۋاتامسەن؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ:

ـــ مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مەن ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا يىغلاۋاتىمەن، ـ دېدى.

## ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلۈم خەۋرىنى قانداق قوبۇل قىلدى؟

ساھابىلار رەسۇلۇللاھنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەنلىكى، گويا ئاتا ـ ئانىنىڭ ھىمايىسىدىكى پەرزەنتكە ئوخشاش رەسۇلۇللاھنىڭ ھىمايىسى ۋە غەمخورلۇقىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ياشاپ ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئۇلارغا گويا چاقماق چۈشكەندەك چۈشتى. ﷲ مۇنداق دەيدۇ:

﴿(ئى ئىنسانلار!) شۇبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[1].

ئۇلارنىڭ ھەر بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنى ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك ھېسابلايتتى. شۇڭا بىر قىسىم ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئىشەنمىدى. ئىشەنمىگۈچىلەرنىڭ ئالدىنقىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسجىدكە چىقىپ، كىشىلەرگە ۋارقىراپ: «ﷲ مۇناپىقلارنى يوقاتمىغىچە رەسۇلۇللاھ ئۆلمەيدۇ» دېدى.

## ئەبۇ بەكرىنىڭ كەسكىن مەيدانى

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھالقىلىق پەيتلەردە ھەل قىلغۇچ رول

---

[1] سۈرە تەۋبە، 127 ـ ئايەت.

ئويناپدىغان، تەۋرەنمەي، ئىككىلەنمەي مۇستەھكەم تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپلا مەسجىدنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، ئۆمەر كىشىلەرگە سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ ھېچنەرسىگە قارىماستىن، ئائىشەنىڭ ئۆيىگە كىردى. رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك جەسىتى ئۇنىڭ تونى بىلەن يېپىپ قويۇلغان ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىنى ئېچىپ سۆيدى. ئاندىن: "ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدادۇر، اللە ساڭا تەقدىر قىلغان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىدىڭ. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ئۆلمەيسەن" دېدى ۋە تون بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىنى ياپتى.

ئاندىن مەسجىدكە چىقتى. ئۆمەر تېخىچە كىشىلەرگە سۆزلەۋاتاتتى. ئەبۇ بەكرى: "ئى ئۆمەر! توختىغىن" دېدى. ئۆمەر توختىماستىن سۆزلەۋەردى. ئەبۇ بەكرى بۇنى كۆرۈپ كىشىلەرگە قاراپ سۆز باشلىدى. كىشىلەر ئەبۇ بەكرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆمەرنى تاشلاپ ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا توپلاشتى. ئەبۇ بەكرى ئالدى بىلەن اللەقا ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئاندىن: "ئى ئىنسانلار! كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلىدىكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى. كىمكى اللەقا ئىبادەت قىلىدىكەن، اللە مەڭگۈ تىرىكتۇر، ئۇ ئەبەدىي ئۆلمەيدۇ" دېدى ۋە تۆۋەندىكى ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:

﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اللەقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾[1].

مۇشۇ مەيدانغا ھازىر بولغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ: "اللە بىلەن قەسەمكى، ئەبۇ بەكرى مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇغاندا، كىشىلەر خۇددى بۇ ئايەتنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى. كىشىلەر بۇ ئايەتنى بىلىدىغان تۇرۇپ، ئۇنى ئەبۇ بەكرىدىن ئۆگەندى".

ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: "اللە بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئايەتنى ئەبۇ

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 144 ـ ئايەت.

بەكرىدىن ئاگلاپ ھەيرانلىقىمدىن يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم ۋە ئورنۇمدىن تۇرالماي قالدىم. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ راستلا ۋاپات بولغانلىقىغا چىن پۈتكەن ئىدىم“.

## ئەبۇ بەكرىنى خەلىپىلىككە سايلاش

مۇسۇلمانلار بەنى سائىدىنىڭ ھويلىسىدا ئەبۇ بەكرىنى خەلىپىلىككە سايلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپە سايلاش ئىشىغا بۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىشى شەيتاننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ۋە كۆڭۈللەرگە يامان خىيال تاشلاش ئۈچۈن يوچۇق تېپىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە مۇسۇلمانلار بىر ئەمىرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئىناق - ئىتتىپاق تۇرغان ھالەتتە رەسۇلۇللاھنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىشى ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار رەسۇلۇللاھنى دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلدى.

## مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرنى قانداق ئۇزاتتى ۋە ئۇنىڭ نامىزىنى قانداق چۈشۈردى؟

مۇسۇلمانلار ھەيرانلىق ۋە گاڭگىراشلىرىنى تۈگىتىپ، غەملىرىدىن ئېچىلدى. ئىشلىرىمۇ بىر ئىزغا چۈشۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىن ئايرىلغان كىشىنى ئاخىرەتكە قانداق ئۇزىتىش ھەققىدىكى تەلىماتى بويىچە رەسۇلۇللاھنى ئۇزىتىش ئىشلىرىغا مەشغۇل بولدى.

رەسۇلۇللاھنى يۇيۇش ۋە كېپەنلەش ئىشلىرىغا ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ئىگە بولدى. رەسۇلۇللاھنىڭ تاۋۇتى ئۇنىڭ ئۆيىدە قويۇلدى. ئەبۇ بەكرى ئۇلارغا ھەدىس بايان قىلىپ:

— مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەر قانداق پەيغەمبەر قەبزى روھ قىلىنسىلا، ياتقان يېرىگە دەپنە قىلىنىدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدى. شۇنىڭغا ئاساسەن رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىكى ياتقان يېرىگە گور قېزىلدى. بۇ ئىشقا ئەبۇ تەلھە ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسئۇل بولدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ كىرىپ رەسۇلۇللاھنىڭ

نامىزنى چۈشۈردى. ئالدى بىلەن ئەرلەر كىرىپ ناماز ئوقۇدى، ئۇلاردىن كېيىن ئاياللار كىرىپ ناماز ئوقۇدى، ئۇلاردىن كېيىن بالىلار كىرىپ ناماز ئوقۇدى. رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئوقۇلغان نامازغا ھېچكىم ئىمام بولمىدى.

## رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغانىنىڭ ئەتىسى (سەيشەنبە كۈنى)

ئۇ كۈن، مەدىنىدە قايغۇلۇق كۈن بولدى. بىلال بامداتقا ئەزان ئېيتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىۋېدى، ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قايغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇلار بۇ ئەزاننى ھەر كۈنى ئاڭلاپ ئادەتلەنگەن ئىدى. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھايات ئىدى.

ئۇممۇ سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھتىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ ئېغىرراق بىر مۇسىبەتكە گىرىپتار بولمىدۇق. ئەگەر بىز بىرەر چوڭراق مۇسىبەتكە يولۇقساق، رەسۇلۇللاھتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنى ئويلىساقلا، بىز يولۇققان ھەر قانداق مۇسىبەت بىزگە نىسبەتەن ناھايىتى ئاددى تۇيۇلاتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئىنسانلار! قايسى بىر ئىنسان (مۇئمىن)غا مۇسىبەت يەتسە، ئۇ مەندىن ئايرىلىپ قېلىش مۇسىبىتى بىلەن تەسەللى تاپسۇن. چۈنكى، مېنىڭ ئۈممىتىم مەندىن كېيىن ھەرگىزمۇ مەندىن ئايرىلىپ قېلىش مۇسىبىتىدىنمۇ قاتتىقراق بىر مۇسىبەتكە گىرىپتار بولمايدۇ» دېگەنىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى

ئانىمىز خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرى نىكاھىغا ئالغان تۇنجى ئايالى بولۇپ، ئۇ شۇ چاغدا 40 ياشتا ئىدى. ئانىمىز خەدىچە ھىجرەتتىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ۋاپات بولغان. ئۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەييىدىمىز ئىبراھىمدىن باشقا بارلىق پەرزەنتلىرىنىڭ ئانىسى ئىدى.

ئانىمىز خەدىچە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەۋدە بىنتى زەمئەنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئائىشە بىنتى سىددىقنى نىكاھىغا ئالدى. ئائىشە ئۈممەت ئاياللىرىنىڭ ئەڭ بىلىملىكى ۋە فەقىھ

ئالمى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەفسە بىنتى ئۆمەر خەتتابنى، ئۇنىڭدىن كېيىن زەينەب بىنتى خۇزەيمەنى نىكاھىغا ئالدى. زەينەب بىنتى خۇزەيمە رەسۇلۇللاھنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپ ئىككى ئايدىن كېيىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇممۇ سەلىمەنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇممۇ سەلىمە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، زەينەب بىنتى جەھشنى نىكاھىغا ئالدى. زەينەب بىنتى جەھش رەسۇلۇللاھنىڭ ھاممىسى ئەمىيمەنىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جۇۋەيرە بىنتى ھارىسنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇممۇ ھەبىيبە رەملە بىنتى ئەبۇ سۇفيياننى، ئۇنىڭدىن كېيىن سەفىييە بىنتى ھۇيەيىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەيمۇنە بىنتى ھارىس ئەل ھىلالىيىنى نىكاھىغا ئالدى. مەيمۇنە رەسۇلۇللاھ نىكاھىغا ئالغان ئەڭ ئاخىرقى ئايال ئىدى. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان چاغدا، خەدىچە بىلەن زەينەب بىنتى جەھشتىن باشقا توققۇز ئايالى ھايات قالغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى دېدىكى بولۇپ، بىرى مىسىر پادىشاھى مۇقەۋقىس ھەدىيە قىلغان مارىيە بىنتى شەمئۇن. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئانىسى. يەنە بىرى رەيھان بىنتى زەيد بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئازات قىلىپ نىكاھىغا ئالغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى

خەدىچە ئانىمىز تۇنجى بولۇپ قاسىمنى تۇغدى. رەسۇلۇللاھ قاسىمنىڭ ئىسمى بىلەن «ئەبۇل قاسىم» (قاسىمنىڭ دادىسى) دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. قاسىم كىچىك چېغىدىلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن زەينەب، رۇقىيە، ئۇممۇ گۇلسۇم، پاتىمە ۋە ئابدۇللاھنى تۇغدى. ئابدۇللاھ تەييىب تاھىر دەپ ئاتالدى. بۇلارنىڭ ھەممىنى خەدىچە ئانىمىز تۇغقان بولۇپ، قىزلارنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىغىنى پاتىمە ئىدى. رەسۇلۇللاھ پاتىمەگە ئۇنىڭ جەننەت ئاياللىرىنىڭ سەييىدەسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. پاتىمەنى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب نىكاھىغا ئالدى. ئۇنىڭدىن ھەسەن ۋە ھۈسەيىن تۇغۇلدى. رەسۇلۇللاھ: «ھەسەن ۋە ھۈسەيىن جەننەت

ياشلىرىنىڭ خوجىسى» دېدى.

مارىيە بىنتى شەمئۇن ئىبراھىمنى تۇغدى. ئۇ بۆشۈكىدىلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ۋاپات بولغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ: «كۆز ياش تۆكىدۇ، قەلب ھەسرەت چېكىدۇ، بىز پەرۋەردىگارنى نارازى قىلىدىغان گەپلەرنى دېمەيمىز. ئى ئىبراھىم! بىز ساڭا قايغۇرۇۋاتىمىز» دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق پەزىلەتلىرى

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەڭ كۆپ ئارىلاشقان، رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلەش ۋە تەسۋىرلەش ئىقتىدارى ئەڭ يۇقىرى كىشى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ سەت گەپ ۋە سەت قىلىقلارنى قىلمايتتى. رەستىلەردە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلمايتتى. ئۆزى ئۇچۇن قىساس ئالمايتتى، بەلكى، ئەپۇ قىلاتتى ۋە كەچۈرۈۋېتەتتى. رەسۇلۇللاھ الله يولىدا جىھاد قىلغاندىن باشقا چاغدا، بىر ئادەمنى زادىلا قولى بىلەن ئۇرۇپ باقمىغان ئىدى. خىزمەتكار ۋە ئاياللىرىغا قول تەگكۈزمەيتتى. زۇلۇم قىلغۇچىدىن ئىنتىقام ئالمايتتى. ئەمما اللهنىڭ چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلانغان چاغدا، ئەڭ قاتتىق غەزەبلىنەتتى. ئەگەر رەسۇلۇللاھقا ئىككى ئىشتا ئىختىيارلىق بېرىلسە، گۇناھ بولمايدىغانلا بولسا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئاسىنىنى تاللايتتى.

رەسۇلۇللاھ ئۆز ئائىلىسىدە باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىنسان ئىدى. كىيىمىنى ئۆزى ياماپ كىيەتتى، قويىنى ساغاتتى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلاتتى.

رەسۇلۇللاھ بىر سورۇنغا كىرسە، سورۇن قەيەردە ئاخىرلاشقان بولسا، شۇ يەردە ئولتۇراتتى. باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ھەمراھلىرىغا ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنى بېرەتتى. سۆھبەتداشلىرىنىڭ ھەممىسى: ”رەسۇلۇللاھ مېنى ھۆرمەتلىدى“ دېگەن تۇيغۇدا بولاتتى. ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن ئادەمنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتى تاكى شۇ كىشى قايتمىغۇچە رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىدىن قوپۇپ كەتمەيتتى. ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى ياكى چىرايلىق گەپ بىلەن قايتۇراتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ مىجەزى شۇ قەدەر يېقىملىق ۋە ئوچۇق ئىدىكى، ئۇ كىشىلەرگە ئۆز

ئاتىسىدەك تۇيۇلاتتى. رەسۇلۇللاھقا نىسبەتەن ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە كىشى باپباراۋەر ئىدى. ئۇنىڭ مەجلىسى ئىلىم، ھايا، سەۋر ۋە ئىشەنچ سورۇنى ئىدى. رەسۇلۇللاھ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، سۆزدە راستچىل، تەبىئىتى مۇلايىم، ئالاقىدە سەمىمىي ئىدى. رەسۇلۇللاھنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن كىشى ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى، ئارىلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتى. رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلىگۈچىلەر: ”مەن ئىلگىرى ۋە كېيىن رەسۇلۇللاھتەك بىر ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم“ دەيتتى.

الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گۈزەللىك لىباسىنى كىيدۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋە ھەيۋەت ئاتا قىلغان ئىدى. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھ ئوتتۇرا بوي ئىدى، مەن رەسۇلۇللاھنى قىزىل تون ئىچىدە كۆردۈم، مەن ھېچقاچان ئۇنداق گۈزەل قىياپەتنى كۆرۈپ باقمىدىم“.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھ ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي ئىدى. چىرايى ئاپئاق، ساقىلى قاپقارا، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، ئىككى مۈرىسى كەڭرەك ئىدى. مەن ئىلگىرى ۋە كېيىن رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم“.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالىقىنىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ تاۋار ۋە يىپەكتىنمۇ يۇمشاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. رەسۇلۇللاھنىڭ پۇرىقىدەك خۇشبۇي پۇراپ باقمىدىم“ دېدى.